# نادىر (تارىخىي) ھېكايىلەر توپلىمى

# (2)

مەنبە: ئوكيان تورى، شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى، يېشىل ئارال مۇنبىرى، بوزتاغ مۇنبىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014-يىلى 12-ئاي

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇندەرىجە

1. ھۇقۇش ........................................ئېزىز ئەيسا كۆكتۇغ3
2. شاھ مەشرەب ھەققىدە ھېكايە .....................................باتۇر روزى14
3. فارابى ھەققىدە ھېكايە ........................................باتۇر روزى57
4. ئىسمايىل ھاجىم ھوزورىدا ..........................مۇھەممەتئېلى مەتىمىن79
5. قوش مەسجىت ..........................................مۇھەممەتئېلى زۇنۇن94
6. تۇمارىس ..........................................ئابدۇللا ساۋۇت104
7. شىراق .............................................ئابدۇللا ساۋۇت127
8. مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى .........................................نۇر روزى144
9. سادا .............................................غ. ئو. زۇلپىقار156
10. قانلىق ئىز .......................................پەرھات كېرەم171

www.kitaphumar.com

# ھۇقۇش

(تارىخى ھىكايە)

ئېزىز ئەيسا كۆكتۇغ

ھۇقۇش ھۇۋلىغان جاي چۆل قالىدۇ ـــــــخەلىق ھېكمەتلىرىدىن (1)

(1)

1945-يىل كۈز قۇمباش① ئايمىقى. .

خۇپتەم نامىزىنى تۈگەتكەن نامازخانلار بىر بىرلەپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشقاندىن كېيىن، قېرى ئىمامىمۇ مەسچىت ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ئۇيىگە راۋان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بەگ مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەھەللىدە ئەل ئايىقى ئاستا ئاستا بېسىقىپ قالدى. ئەمما مەسچىتكە ياندىشىپ سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ۋەخپى ئۆيدە قەدىمى چىراغدانىنىڭ زىغىر يېغىدا چىلانغان پىلىكى چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى، ئۆيدىكى بەش نەپەر ئۇچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ھەربى فورمىسىنى كىيىشكەن كىشىلەرنىڭ ئەنسىز چىراييدىن، ئۇن-تىنسىز ھالدا ئاچچىق مۇخۇركىنى ئۆز-ئارا تۇتۇشۇپ چوڭ-چوڭ شوراشلىرىدىن، ئۇلارنىڭ جىددى ھەم قىيىن بىر ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەنلىگى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا بۇ جىمجىتلىقنى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئۇلارنىڭ ئىككى نەپەر ھەمرىيى بۇزدى ۋە ئالدىدىراق كىرىپ كەلگەن بەستىلىك، ئۆسكىلەك بۇرۇت قويىۋالغان بىر ئەسكەر كەسكىن ھەربى تەلەپپۇزدا دوكىلات بەردى.

ــدوكلات !ئودلىنوپ! ئات باقار مىجىتنى كۆپ ئىزدىدۇق، ئۇيىگە بېرىپمۇ تاپالمىدۇق، دادىسى؛ ‹‹سالى بەگ②نىڭ دوغىلىرى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى›› دەيدۇ.

ئوتتۇرا بوي قۇيۇق قۇشما قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئويچان قوي كۆزلىرىدىن ئەقىل پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئودلىنوپ③ ئەزىمەت دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئىشنى جەزىم قىلغاندەك باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئۆز ئۈزىگە سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەندە!؟ ئەسلىدە مۇناپىقلار، ئۇ ئات باقارنى باشتىلا بىزگە پايلاقچىلىققا قويغان ئىكەن ئەمەسمۇ ؟مەن نىمشقىمۇ ئۇ ئات باقارغا ئۆز مىللىتىم، ساددا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.kitaphumar.com

دېهقان دەپ ئىشىنىپ يۈرگەندىمەن؟

ئودلىنوپ ئەزىمەت ئۆكۈنۈش بىلەن ئاچچىق مۇخۇركىسىنى كۆچۈنۈپ شوراپ، تەكرار تەكرار ئەپسۇس ئۇرغىنىچە باش چايقاپ، تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭىپ ھەم ھاياجان بىلەن ئىچىنىش ئارىلاش سۆزلەيتتى :

ــئالاھىزەل يىگىرمە يىل ئاۋال قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللا ھەزرەتلىرىنى كىم قەستلەپ ئۆلتۈردى. . . تېخى بۇ يىل يىل بېشىدا ياش شائىر ئىنقىلاپچى ل. مۇتەللىپنى كىم يەنە كىمگە سېتىپ بەردى؟! ئۆتكەن تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق يەنە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىز. . . ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ساتقىن، مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىغى بىلەن، ئەزىز جېنىدىن جۇدا بولدى ھەم بولماقتا. . يەنە نۇرغۇنلىغان خەلقىمىزنىڭ ھورلىگە، تەرەققىياتىغا بېغىشلانغان ئۇلۇغۋار ئىشلار، شۇ ئىپلاس ساتقىنلار تۈپەيلى رويابقا چىقماي تۇزۇپ تۈگىمەكتە؟! ياراتقان ئىگەم قانداق ئازغۇن بەندىلەربىز؟ بىزنىڭ ئىچىمىزدە نىمىشقا مۇشۇنداق كىشلەر كۆپتۇ !!ھەرە چېغى ئۆز ئۇۋۇسى زەرەرگە ئۇچرىسا ھەممىسى بىرلىشىپ زەرەر سالغۇچىغا قارشى چىقىدۇ. ئەمما نىمىشقا بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىگە، ئۆز مەن پەتىگە زىيان سالغۇچىلارنىڭ غالچىلىغىنى قىلىدۇ؟؟ ئودلىنوپ ئەزىمەت بىرھازا ئۆز-ئۆزى بىلەن پۇچۇلانغاندىن كېيىن دەرھال ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ھەمراھلىرىغا سۆزلەشكەباشلىدى ـيولداشلار! قېرىنداشلار! كىچىكىپ كەلگەن مەلۇماتتىن ۋە ھەرخىل ئالامەتتىن مەلۇم بولدىكى؛ بىز باش شتاپتىن ئايرىلىپ قالغىلى ئىككى كۈن بولدى! يەنى بىتىم④ بۇيۇنچە باش شتاپ تۈيۈقسىز ئاقسۇدىن چېكىنىپ شىمالغا يۈرۈپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولۇپتۇ. ھازىرقى بىز قومباش، بەشئېرىق، ئاۋات⑤ ئايماقلىرىغا ئالدىن چارلاش ئۈچۈن ئىۋەرتىلگەن ئودلىنيە③نىڭ بىردىن بىر ۋەزىپىمىز ھەم شۇنداقلا بىردىن بىر يولىمىز بوگۈن كېچە تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، كونا شەھەر⑤ ئارقىلىق ئاساسى قوشۇنغا يېتىشىۋېلىش!

ــئودلىنوپ ئەزىمەت ھەمراھلىرىنىڭ چىرايىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ ھازىر ئاقسۇ ناھىيە بازىرىدا ئارمىيىمىز چېكىنگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلىرى، شۇنچە تىزلا بىتىمنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەكسىيەتچىل ئەپتىبەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، پۇقرالارغا قارىتا ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈپ، بىر ئوچۇم ساتقىنلارنى ئىشقا سېلىپ، ئارمىيىمىزنى ھىمايە قىلغان، ياردەم بىرىپ قوللىغان ھەرقانداق پۇقرانى سۈرۈشتۈرۈپ، تۇتۇپ تۈرمىغا تاشلاش، ھەتتا ئېتىۋېتىش بىلەن قىساس ئالماقتا، جۈملىدىن بىزنىڭ بۈگۈن كېچىدىكى بۇ سەپىرىمىزمۇ بىخەتەر بولىدۇ دەپ ئېيتالمايمەن. شۇڭا ھەممىمىزنىڭ

www.kitaphumar.com

بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھەممىمىز ھەربىي فورمىمىزنى سېلىۋېتىپ، پۇخراچە كىيىنىمىز، قۇرال، ئوق-دۇرىنى سامان ئالغان تاغارغا ئوبدان يۇشۇرۇڭلار، جامالقان بىلەن مەن پىيادە يۇلۇچى سىياقىدا سىلەردىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭىمىز. ئارسلان بىلەن ئابدۇقادىر ئىككىڭلار ھارۋىلىق سامان ساتقىلى ماڭغان سىياقتا، قالغان تۆتىڭلار ھېلىلا ئاتقا تىگىشىپ كەلگەن تۆت ئىشەكلىك سامان ساتقىلى ماڭغان قىياپەتتە ماڭىمىز. ناۋادا جىددى ئەھۋالغا يۇلۇقساق بىردەك مىنىڭ بۇيرۇغۇم بويۇنچە ئۆز-ئارا ماسلىشىپ ھەركەت قىلىمىز بۇ بۇيرۇق! سۆزۈم تۈگىدى چۈشەندىڭلارمۇ ؟!

-چۈشەندۇق !! ئەمسە تەييارلىنايلى

(2)

شۇ كۈنى. قۇياش ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى قالدۇرۇپ غەرىپ تەرەپكە باش قۇيۇشى بىلەن تەڭ، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىنى تۈن قاراڭغۇسى بىر-بىرلەپ ئۆز قوينىغا ئېلىشقا باشلىدى.

چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان قاما تۇمىغى ئاستىدىكى ياغاق، سۇزۇنچاق يۈزىگە قۇيۇۋالغان ئۆسكىلەڭ ئۆچكە ساقىلى، قىڭغىراقتەك قىرلىق ئۇزۇن قاڭشىرىنىڭ ئىككى يېنىغا ئولتۇرۇشقان چۇڭقۇر چاناقلىرىدىكى پىت كۆزلىرىدىن، ھېلىلا گۆردىن ئېلىپ چىقىلغان مۇردىدەك كۆرۈنىدىغان سالى بەگنىنىڭ دورغىسى ئىبراھىم، تۈن قاراڭغۇسىدىكى سۈيى ئەمدىلا تارتىلىشقا باشلىغان ئاقسۇ دەرياسى كىچىگىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتتى-دە، ئاستىدىكى بوز خېچىرنى دېۋىتىپ، دەريا بويىدىكى سايلىق، تېتىرلىقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەگرى-توقاي قەدىمى كارۋان يولى بىلەن خانىقا مەھەللىسىگە يېقىنلاشتى. ئىبراھىم دەريا بويىدىن يىراقلاشقانچە، يول بويىدا ئوت-چۆپ ئازغانلار، جىگدە، تىرەكلەر غوللاشقا باشلىدى ھەم قاياقتىندۇر ھۇقۇشنىڭ ۋەھىملىك ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىردىنلا بۇ ۋەھىمىدىن قورقۇنۇچ باسقان ئىبراھىم بەلۋاغ بىلەن مەككەم باغلانغان ئۇزۇن چەكمەن چاپىنىنىڭ قوينىدىكى قەغەز بوقچىنى تۇتۇپ قويدىدە۔ ئىچىدە ئاللاقانداق دۇرۇتلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. . . ئۇ دۇرتىنىڭ ئاخىرىدا‹‹ ئى ئۇلۇق ياراتقان ئىگەم بىگىم تاپشۇرغان بۇ مۇھىم مەلۇماتنى جاۋ⑥ دارىنغا ساق سالامەت تىزراق يەتكۈزۈپ، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ جاجىسىنى بىرىشكە نىسىپ قىلغايسەن !››دەپ قوشۇپ قويدى ئىبراھىم ئاقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ قەشقەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، قاياقلاردىندۇ ئارىلاپ ئوق ئاۋازى، يىغا زارە

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قىيا-چىيالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇتقاش كۆتەرگەن توپ-توپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلار، كىملەرنىدۇ تۇتۇپ باغلاپ، ئۇرۇپ دوشكەللەپ ئېلىپ مېڭىشماقتا ئىدى. بازار ئىچىدە بىر نەچچە يەردە ئوت قويۇلغان ئۆيلەردە ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا، تۈن قوينىدىكى قىيامەت داۋام ئەتمەكتە ئىدى. ئىبرايىم كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەۋاللارنى كۆرۈپ ئۆز«دانالىغى»دىن سۆيۈنگەچ كۆڭلىدە «مانا گومىنداڭ پىرقى ھۆكۈمەتكە شىلتىك ئاتقاننىڭ سازايى !سۇ كىتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كىتىدۇ قاش قالىدۇ دىگەن گەپ بار. كىم ئۇلارنى بەش ۋاق نامىزىنى تىنىچ ئوقۇپ، سىڭگەن نىنىنى يەپ، كۆرگەن بۇ ياخشى كۈنلىرىگە شۈكرى قىلمىسۇن دەپتۇ؟!» دىگەنلەرنى ئويلىدى ئىبراھىم بۇرۇن نەچچە قېتىم قاتىرىغان، ئاقسۇ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى نەچچە يۈزيىللىق بىرنەچچە تۈپ يوغان ئاق تىرەك قەت كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىنى تىزلا تېپىۋالدى ۋە خېچىرىنى جايلاشتۇرۇپ دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى نەپەر قاراۋۇلغا «جاۋ خەنچىڭ ئاللىرىغا جىددي يەتكۈزىدىغان مەلۇمات بار » لىغىنى ئوقتۇردى. بىر نەپەر قاراۋۇل ئىچكىرىگە كىرىپ كىتىپ، بىر ھازا ئۆتكەندىن كىيىن كىرسە بۇلىدىغانلىغىنى ئۇقتۇردى. ئىبراھىم قارا سىر بىلەن سىرلان قوش قاناتلىق سۈرلۈك ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، خۇددى سىل كىسىلىگە گىرىپتار بۇلۇپ قالغان كونا بىماردەك پاناق بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى كاماك ئېغىزىغا ماسلاشمىغان كۆكۈش كۆرۈنىدىغان ئىككى زاڭاق سۆڭگى پولتىيىپ چىققان، تۈكسىز قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ ساغۇچ پىت كۆزىدىن ھىلىم- مىكىر، شۇملۇق چاقناپ تۇرۇدىغان جاۋخەنچىڭ توڭچىسى⑦، كانۋىيى بىلەن يىراقتىن سوغۇق نەزەر سالغىنىچە ئۇنى ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇراتتى.

ئىبراھىم بوسۇغىدىن ئاتلاپلا قوللارچە تىزلىنىپ تۇرۇپ، قوينىدىكى پۈتۈكنى چىقىرىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۈتۈكنى بېشىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ، جاۋخەنچىڭغا ئۇزۇتۇپ زەئىپ ئاۋاز بىلەن قوشۇپ قويدى :

-ئاللىرىغا چەكسىز ئېھتىرام بولغايكى قومباش ئايمىغىنىڭ بىگى سالى بەگنىڭ دورغىسى مەن بولمىش، بۇ مۇھىم مەلۇماتنى، سالى بىگىمنىڭ ئالاھىدە تاپشۇرمىسى بىلەن ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلدىم.

بىر نەپەر ئەسكەر مۇلازىم پۈتۈكنى جاۋخەنچىڭغا يەتكۈزۈپ بەردى، گۇڭگا پەنەر يورۇغىدا جاۋخەنچىڭ ئويغۇر يېزىغىدا يېزىلغان پۈتۈكنى ئېلىپ قاتلاقلىرىدىن ئايرىپ ئۇقۇ- دىگەن ئىشارەت بىلەن توڭچىسىغا ئۇزاتتى، توڭچى خەنزۇچىغا ئايلاندۇرۇپ

www.kitaphumar.com

ئالدىرىماي ئۇقۇشقا باشلىدى ‹‹يەتتە ئىقلىمنىڭ پۇشتۇ-پاناھى، جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ماھى، ئاقسۇ خەلقىنىڭ قاياشى، مۆمىن پېقىرنىڭ دوست-ئاداشى ؛جاۋخەنچىڭ ئالىلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى بىرمەھەل پەختەكلەر ئوڭدا ئۇچۇپ پۇشقاقلار ياقا بولغاندا ھەددىدىن ئاشقان ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ يەتتە نەپەر ئەسكىرى بىز نىڭ قومباش، بەشىرىق، ئاۋات سايان قوتراپ يالاڭ تۆشلەرنى قوترۇتۇپ، بىزكەبى تىنىچ مۆمىن پۇقرالىرىغا بەرھەم بىرىپ قالايمىقانچىلىق، ئەنسىزچىلىكنى زاھىر قىلدىلەر. ۋەللاھۇ ئەلەم ئۇلۇق تەڭرىمىنىڭ راھى، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بۇ ئىقلىمنىڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەقىبىگە ئۆتكىنىدىن بىخەۋەر، بۇ يەتتە ئوغرى يەنە بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان قومباش ئايمىغىدا قوترىماقتا. نىھايەتكى ئۇلار بۇگۈن ئۆزلىرىنىڭ مەشئۇم كۈندىن خەۋەر تېپىپ ئىشەكلىك، ھارۋىلىق، سامانچى سىياقىدا ياسىنىپ، كىچە تۈن قاراڭغۇسىدا كونا شەھەرگە ئۆتۈپ كەتمەكنى نىيەت ئەتتىلەر. ئىنشاھ ئاللاھ بۇ مەلۇمات شۇنچىلىك ئىشەنچىلىكتۇركى ناۋادا بۇ مەلۇمات يالغان بولۇپ قالسا بۇ ئەرزىمەس خەس كەبى جېنىم مۇبارەك قىبلىچىلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولغاي. شۇڭا بۇ ئوغرى شەيتانلارنىڭ يامان نىيىتىنىڭ مىراد تاپماسلىغى ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىرلەرنى ئىختىيارلىرىگە مەنزۇر ئىتىپ، نامە تامام ۋەسسالام، ئوزلىرىگە كۆپتىن كۆپ ئىھتىرام››.

- سالى بەگ -ياخشى! ياخشى! كۆپ ياخشى! -دىدى جاۋخەنچىڭ رازىمەنلىك بىلەن ئىبراھىمغا قاراپ سۆزىنى داۋام ئىتىپ، - بېرىپ بىگىڭگە ئېيت. ئۇ چوڭ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، مەن ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ئۇنۇتمايدۇ. ھەم تارتۇقلايدۇ.

جاۋخەنچىڭ ئالدىن تەييارلانغان پۇل سېلىنغان لىپاپىنى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ئىبراھىم ئۆمۈلەپ بېرىپ لىپاپىنى ئېلىپ ‹‹رەخمەت، رەخمەت ھەشقاللا!›› دىگىنىچە كەينىچىلاپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەپيۇن تۇلدۇرۇلغان غاڭزىسىنى تەشنالىق بىلەن تەكرار شوراپ بولغاندىن كىيىن جاۋخەنچىڭ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىسى ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا ماڭغاچ كانۋيىغا سوزلەشكە باشلىدى :

ــ ھەي كانۋاي ھىس قىلدىڭمۇ ؟بۇ ئىككى ئۈچ- كۈن ئىچىدە بىزگە كەلگەن مەلۇماتنىڭ كۆپلىگىنى. . . ئىلى ئوغرىلىرى ۋە بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بۇ چەنتۇلار نەقەدەر پاسسىق، دوت كىشىلەر بۇ ؟! بىز شۇنداق تەلەپ قىلىساقمۇ، قىلمىساقمۇ ئۆزلىگىدىن كىلىپ بىر-بىرلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوللىشىدۇ. بىر-بىرىنى چېقىشىدۇ، سېتىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بىر قارىماققا بىزنىڭ ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇزۇل كىسىل، ئاسانلا ئىدارە قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولغىنى بىلەن ئەمىلىيەتتە بىزنىمۇ بۇشاشتۇرۇدۇ.

ئىسسىقلاردىمۇ ئاتا بوۋىمىزدىن قالغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار«رەقىبىڭ ئاجىز بولسا قىلىچىڭنى دات باسىدۇ».

ئۆز دانالىقىنى كۆز-كۆزقىلىپ كانىۋايىمۇ سۆزگە لوقما سالدى:

-بىز بۇ چەنتۈلارنى ئىدارە قىلىشتا يەنىلا ئاتا -بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۆز گۆشىدە ئۆز يېغىنى قورۇش ئۇسۇلى بويىۇنچە ئۇلارنى ئۆز ئارا پايلاقچىلىقا، قارشىلىششقا، ئۆز-ئارا بىر-بىرنى نازارەت قىلىشقا، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىققا سېلىشىمىز لازىم.

جاۋخەنچىڭ ۋە توڭچى كانىۋاينىڭ ئۇتتۇرلا ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ يۇقۇرى ئاۋازدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماستىن كۈلۈشۈپ كېتىشتى. . . جاۋخەنچىڭ يەنە كانىۋېيغا جىددى ئۇرۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇردى :

-مۇنۇ ئىككى ۋەزىپىنى جىددى بىجا كەلتۇر ؛ بىرى يېرىم سائەت ئىچىدە بارلىق ساقچى كۈچلىرى يىغىلىپ تەييار بولسۇن، يەنە بىرى دەرھال ھەربى باش شىتاپقا بېرىپ ۋۇشاو بىلەﷺ قۇماندانغا يەتكۈز ؛ مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە ساقچى ئەترەتكە بىر بەن ئەسكەر ياردەمگە چىقارسۇن، قالغان سەۋەپلەرنى ئۆزۈڭ شىتاپقا بارغاندا تەپسىلى چۈشەندۈر، بىر سائەتتىن كېيىن خانىقا كەنتىدە «مېھمان»نىڭ ئالدىغا چىقىمىز، قېنى بۈگۈن ئۇ قۇترىغان ياۋاڭ تۆشلەرنىڭ ئىلگىرىكى كۈنلەردە بىزنى بۇ سېپىل ئىچىگە ھەپتە ئون كۈن سولىۋېلىپ تارتقۇزغان خورلۇق، نومۇسىمىزنىڭ ھېساۋىنى، ئىنتىقامىنى قانداق ئالىمىزكىن؟!

-خوپ!

(3)

تۆن نىسبى سامان ئارتىلغان ئىككى ئىشەكلىك، بىر ھارۋىلىق ۋە پىيادە يول يۈرگەن بولۇپ ئودلىنوپ ئەزىمەت قاتارلىق يەتتە كىشى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ ئەمدىلا ئاقسۇ دەرياسى كېچىگىدىن ئۆتۈپ، ئەگرى توقاي يول بىلەن خانىقا كەنتى ئىچىدىكى قويۇق چاتقاللىق، ئورمانلىققا يېقىنلىششىغا، تويۇقسىز يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى چاتقاللىقتىن تەرەپ-تەرەپتىن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. خۇددى چاغان مەزگىلىدىكى پوجاڭزا ئاۋازىدەك گومىنداڭ ساقچىلىرى ۋە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئەزىمەتۇپلارنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. يول بويى ئالاھىدە ھوشيارلىقنى ساقلاپ ماڭغان ئەزىمەتۇپ بىلەن جامالقان تىزلىك بىلەن يەر بېغىرلاپ يېتىپ، دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ئامان قالدى، قالغان تۆت نەپەر جەڭچى تۆن نىسبىدىكى بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا مىنۇت

ئىچىدەئۇزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلىشقان ئىدى. ئەزىمەتۇپ بىلەن جامالقان ئۇزىنى ئوڭشاپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش شارائىتى يارىتىش ئۇچۇن، يەر بېغىرلاپ يۇمۇلاپ بىر ئويمان ئۆرەككە چۈشۈپ قۇراللىرىنى بەتلەشتى. جامالقان ئەزىمەتۇپنىڭ يېنىغا ئۆمۈلەپ كېلىپ پىچىرلاشقا باشلىدى:

-ئودلىنۇپ. دۈشمەنلەرنى مەن ئۆزەمگە جەلىپ قىلىپ تۇراي، سىز دەرھال بۇ قورشاۋدىن بۇسۇپ چىقىپ شتاپقا يېتىشىپ ئودلىنىيىمىزنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات قىلىڭ. بۇ ھەممىدىن مۇھىم، تېز بولۇڭ

-ياق ئىككىمىز تەڭ كېتىمىز. سىنى بۇيەردە. . . .

دەھشەتلىك پارتىلىغان گىرانات زەربىسىدىن، ئەزىمەتۇپ بىرنەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇزىنىڭ خۇددى مۇجىزىدەكلا ھايات قالغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى سىلاشتۇرۇپ كوردى ۋە تۈن قاراڭغۇسىدا ئاستا-ئاستا ئولتۇرۇشقاتقان چاڭ تۇزان تۇتەكلەر ئارىسىدىن جامالقانىنى ئىزدىدى ئۇزىدىن سەللا نېرىدا جامالقان مىدىر-سىدىر قىلماي ياتاتتى ئۇ يەر بېغىرلاپ بېرىپ جامالقانىنى قايتا-قايتا تۇرىتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ تىرىكلىكنىڭ ئالامىتىنى بايقىمىدى. ئەزىمەتۇپ شۇ دەمدە ئۇزىنىڭمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى چاقماق تېزلىكىدە ھېس قىلدى-دە، تېز-تېز ئۆمۈلەپ، ھەم دومۇلاپ يول بويىدىكى بىر قورۇق ئېرىققا چۈشتى ھەم ئېرىق ئىچى بىلەن يېرىم ئۆمۈلەپ يۈگۈرۈپ قويۇق ئۆسكەن قۇناقلىققا كىرىپ كەتتى.

ئوتقاش كۆتەرگەن ساقچىلار، ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئەزىمەتۇپ قۇناقلىق ئىچىگە كىرىپ مۈكۈنۈپ يېتىشىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ھېس قىلىپ، قۇناقلىق ئىچىدىكى يەنە بىر قورۇق ئېرىقچىغا كىرىپ تېزلىك بىلەن يۈگۈردى. ئانچە ئۇزۇن قالماي ئەزىمەتۇپنىڭ ئالدىغا يەنە بىر لىق سۇ ئېقىۋاتقان، ئىككى قېشى بولۇق ئوت-چۆپ بىلەن پۈركەنگەن ئانا ئېرىق ئۇچرىدى. ئۇ تۇنۇش چىقارماي ئېرىقتىكى سۇغا شۇڭغىدى ۋە ئوت چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا سۇنىڭ يۇلىنىشى بويىچە ئېقىشقا باشلىدى. . بارا-بارا قۇناقلىقلارنىڭ شاراقلىشى، دۈشمەنلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى يىراقلاشقا باشلىدى

**(4)**

ئەزىمەتۇپ تۈن قاراڭغۇسىدا يولنىشتىن ئادىشىپ قالماسلىق ئۇچۇن پات-پات

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ئاسماندىكى شىمالى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قاراپ، نىشاننى بىكىتىپ يەنى كونا شەھەر تەرەپكە قاراپ خېلى بىر ھازا ماڭدى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىدىن، قوغلاپ تۇتىشىدىن قۇتۇلغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كىيىن، ئېتىز بويىدىكى ئىگىز بۇلۇق ئۆسكەن ئوتلار ئارىسىغا كىلىپ ئولتۇرماقچى بولۇپ سوڭگىچىنى يەرگە قويىشىغا، بىرئاغرىق مىڭىسىدىن كىرىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن چىقىپ كەتتى. بەردەشلىق بىرەلمىگەن ئەزىمەتوپ «ۋايجان»دەپ ۋاقىراپ كەتتى. ئەزىمەتوپ شىمىنىڭ ئىچىدىن ئاغرىغان يەرنى سىلاپ بىقىپتى، قولىغا ئىسسىق شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ۋە قاتتىق ئاغرىۋاتقان يارا ئېغىزى ئۇرۇندى «ئاپلا يارىلىنىپتىمەن ئەمەسمۇ ؟»، دەپ ئويلىدى ئەزىمەتوپ. . دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قىلىشتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت خەتەرلىك پەيىتتە چاقماق تىزلىگىدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش جەريانىدىكى جىددىلىشىش بىلەن ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى.

ئەزىمەتوپ ساق يامپىچىنى يەرگە قويۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جىددىلىكى تۆگەپ ھاسىراشلىرىمۇ توختىغاندىن كىيىن، بىر تەرەپتىن يانپىشىدىكى ئاغرىق بارا-بارا كۆچىيىپ دەرت قىلىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرىپتىن سۆزمە يول بولۇپ كەتكەن كىيمى بەدىنىگە چاپلىشىپ ئەندىكتۈرۈپ توڭلاشقا باشلىدى.

ئەزىمەتوپ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەنلەرنىڭ پىستۇرمىسىغا ئۇچراپ، ئاتتە نەپەر ھەمرىيىدىن ئايرىلىپ قىلىش، ئۆزىنىڭ خەتەرلىك مىنۇتلاردىن ئامان ئىسەن قۇتۇلۇپ چىقىش جەريانىنى بىر-بىرلەپ قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولدى، ئالتاي نىلقا تاغلىرىدا، غۇلجا شەھرىنى ئېلىش جەڭلىرىدىكى نى نى خەتەرلىك، ئەڭ مۈشكۈل پەيىتلەردە ئازراقمۇ تەمتىرەپ قالمىغان، چارچاپ روھى چۈشۈپ باقمىغان بۇ ئەزىمەتكە بۈگۈن خېلىلا ھاردۇق يىتىپ، روھى چۈشۈپ كوزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. . .

ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ھوجۇمغا ئۇچراش ئەھۋالىنى ئويلىدى «ئەجىبا دۈشمەنلەر بىزنىڭ مۇشۇ يول بىلەن بۈگۈن كىچە ماڭىدىغانلىقىمىزنى دەل بىلىپتىيا؟ خەپ سالبەگ! مۇناپىق! سىنىڭ ساتقىنلىقىڭنى ئاخشام بىلگەن ئىدىمغۇ ؟ئەجىبا مەن ئەنە شۇنداق تەكرار خاتالىققا يول قويىدۇمغۇ؟ شۇ باتۇر، سۆيۈملىك قېرىنداشلارنىڭ ھاياتى شۇ خائىن، ئىپلاسلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن شۇنچە تىزلا ئاخىرلىشامدۇ؟ياق !مەن ھەممىسى ئۆزقېرىنداشلىرىم، ئۆزمىللىتىم دەپ قاراپ تۇرۇپ بىزنى سېتىۋەتمەيدۇ، دەپ سەل قارىغان خاتالىقىم بار شۇنداق ئەمەسمۇ ؟دىمىسىمۇ شۇنچە جىق ئەزىمەتلەر، باھادىرلار ھاياتىدىن. . ھەممىسىدىن كىچىپ كىم ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشنى قىلىۋاتىمىز ؟كىم ئۈچۈن ھاياتىمىزنى سېلىپ بىرىۋاتىمىز ؟.

www.kitaphumar.com

. ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا بىز مىللىتىمىز نى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ مەھكۇم ئۇلۇك روھىنى يوقىتىشىمىز، ئاقارتىشىمىز ئەڭ مۇھىمى ئىچىمىزدىكى بىرقىسىم مىللىي مۇناپىقلارنى تازىلىشىمىز لازىم ئوخشايدۇ. . خەپ سالىبەگ مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئاقسۇغا كىلىپ ئەڭ ئاۋال بۇ ھىساپنى، ئالتە نەپەر قېرىندىشىمنىڭ قان قەرزىنى سەندىن بىر-بىرلەپ ئالمايدىغان بولسام. . . ›› ئەزىمەتۇپنىڭ خىيالىنى يېقىن ئەتراپتىن ئاڭلانغان بامدات نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزان ئاۋازى بۆلىۋەتتى.

‹‹ مەھەللە ئىچىگە يېقىن كىلىپ قالغان ئوخشىمايمەنمۇ››دەپ ئويلىدى ئەزىمەت ‹‹خۇداغا شۈكۈر تاڭمۇ يورۇپ قالغان ئوخشايدۇ. . بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يارامنى تاڭدۇرۇۋېلىپ، سەپىرىمنى ئاندىن داۋام قىلاي ››ئەزىمەتۇپ ھاسا تاياق ياردىمىدە، يارىلانغان پۇتىنى تەستە سۆرەپ ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئانچە ئۇزىمايلا ئەزىمەت بارا بارا يورۇۋاتقان تاڭ يورىغىدا ئۆيمۇ ئۆي بۇيەر بۇيەر گە تارقالغان ئۆيلەردىن پەرىقلىنىپ تورىدىغان، مەسچىتنىڭ ئادەتتىكىچە ياسالغان قۇببىسىنى تىزلا ئىلغا قىلىۋالدى ‹‹خۇدالىق يولىنى تۇتقان بىر تەقۋادار كىشىدىن ياردەم سورىسامغۇ چاتاق چىقماس. ئۇ كىشى مىنى گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرىگە چىقىپ يۇرمەس››ئەزىمەت شۇلارنى خىيالىدىن كۆچۈرۈپ، ئۇتتۇر مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. ئۆگزىدىن چۈشىۋاتقان مەزىن ئالدىدىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپ تەرەت ئالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ:

ــتەرەتنى ما ئۆيگە كىرىپ ئېلىۋالسىلا ـ دەپ بىر ئۆينى كۆرسەتتى

ـمىنىڭ سىلىگە بىر گىپىم بار ئىدى،

ئەزىمەتنىڭ باشقا ئىشى بارلىقىنى بىلگەن مەزىن ئەزىمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـ نىمە گەپلىرى بار ئىدى ؟

ـمەن بىر يولوچى، يولدا كىلىۋېتىپ قاراڭغۇدا يولدىن. . ئېزىپ قېلىپ. . يىقىلىپ كەتتىم يانپىشىم يارىلىنىپ قالدى. . ئاغرىق دەستىدىن بولالماي قالدىم، شۇڭا ياردىمىڭىزدە ئۆيىڭىزدە پۇتۇمنى تېڭىۋالسام، ئاندىن يولۇمغا ماڭاتتىم. قېرى مەزىن ئەزىمەتۇپنىڭ يول، ھەم لاي بولۇپ كەتكەن ئۇستى ـ بېشىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ بىر دەقىقە تۇرۇپ كەتتى دە ‹‹ماڭسىلا ئەمىسە›› دەپ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

مەزىن مەسچىتتىن ئانچە ئۇزىمايلا يولنى داۋام قىلىپ تۇرۇپ‹‹كىچىدىن خانىقا مەھەلىسى تەرەپتە ئېتىشىش بولدى. شۇيەردىن پىتىراپ كەللىمۇ نىمە ؟››دىدى. ئەزىمەتۇپ مەزىنىنىڭ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئەندىشە قىلدى، ئەمما

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يـاردەم قىـلار؟ دىـگەن ئـوي بىـلەن سۆزسىـزلا مەزىـنگە ئەگەشتى. مەزىـن ئەزىمەتـنى مەسچىتكە ئانچە يىراق بولمىغان بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى ۋە ھويلا سۇپۇرىۋاتقان موميىغا تاپىلاشقا باشلىدى.

-ئۆيگە مېھمان كەلدى قۇشناچىم، ئەتىگەندە ئوخشۇتۇپ بىر پولو ئەتسلە، يەنە ئىسىق سۇ ھەم كىيىم كېچەك بەرسلە بۇ مېھمانغا، مەن ئوغلىمىز چاۋار قارىنى تىۋىپقا ماڭغۇزاي ئۇنىڭغىچە مەنمۇ نامىزىمنى ئۇقۇپ كىرەي. مەزىـن يانـدىكى ئـايرىم ئـۆيگە كىرىـپ ئـوغلىنى ئويغۇتۇپ خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلاپ بىر نەرسىلەرنى دىدى- دە ‹‹نامىزىمنى ئۇقۇپ كىرەي ئوغلۇم تىۋىپ چاقىرغىلى ماڭدى سىلى ئارام ئېلىپ تۇرسىلا ›› دەپ چىقىپ كەتتى.

ئەزىمەتۇپ موماي ئېلىپ كىرگەن ئىسسىق چاي ۋە قۇرۇق كىيىم بەھرىدىن خېلى ئەسلىگە كىلىپ قالدى- دە يانپاشلاپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. بىر ئاش پىشىمدىن جىقراق ۋاقىتمۇ ئۆتتى، كۈن نۇرى ئۆينى تولۇق يورۇتتى نىرىقى ئۆيدىن مىزىلىك پولونىڭ ھىدى كەلگىلى خېلى بولدى، ئەمما موماي نىمىشقىدۇ ئېلىپ كىرمىدى، دەل شۇ مىنۇتلاردا ھويلىدا گۈپۈرلىگەن ئاياق تىۋشى پەيدا بولۇپلا، ئەزىمەتۇپ ياتقان ئوينىڭ ئىشىگى تىپىپ ئېچىلىپ، قۇراللىرىنى تەڭلەپ تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن بىرسى ئۇيغۇرچە بۇيرۇق قىلدى:

-قىمىرلىما! يۈۋاش بول، بولمىسا ئوق چىقىرىمىز ! ئەزىمەتۇپ نىمە ئىش بولغانلىغىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، ئەسكەرلەر يۇپۇرۇلۇپ كىرىپ ئەزىمەتۇپنى چەمبەرچەس باغلىدى دە ئىشىك ئالدىدا تەقلەپ قويۇلغان خادىكقا سىلىپ ئېلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كىيىن تۆۋەنكى ⑤ بالداڭ كەنتى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاقسۇ ناھىلىك ساقچى ئىدارىسىغا چاقىرتىلىپ، بىر نۇكچا ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوروسى ئىچىدىكى قەدىمى تىرەككە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تۆمۈر قەپەز ئىچىگە سولاپ ئېسىپ قويۇلغان ئىسيانچىلارنىڭ كاللىسى قاتارىغا ئەزىمەتۇپنىڭ تىنىدىن جۇدا بولغان كاللىسىمۇ سولاندى.

ئىزاھات:

---

① - ھازىرقى ئاقسۇ شەھەر قۇمباش يېزىسى

② شۇ دەۋىردىكى قۇمباش ئايمىغىنىڭ بىگى 1950. يىلىدىن كىيىن ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن باستۇرۇلغان

www.kitaphumar.com

③ ئودلوُنوُپ-بەنجاڭ، ئودلىنىيە-بەن

④ بىتىم-1945-يىلى تۆزۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت-گومىنداڭ ئارمىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختۇش ھەققىدىكى كېلىشىم

⑤ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايەت ۋە ئاقسۇ شەھەر دائىرىسى ئىچىدىكى كەنت، يېزا، ناھىيە ئىسمى

⑥ جاڭ دارىن -شۇدەۋردىكى ئاقسۇ ناھىيە گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى جا ۋخەنچىڭ

⑦ توڭچى-تەرجىمان

⑧ۋۇشاۋ بىڭ - شۇ دەۋردىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ قوُماندانى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# شاھ مەشرەپ ھەققىدە ھېكايە

(ھېكايە)

باتۇر روزى

1

مىلادىيە 1657 ـ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، رىيازەت قورۇقلىرى تور تارتقان چىرايىدىن ئىپپەت نۇرى چاقناپ تۇرغان سەلىمىخان ۋۇز قولى بىلەن ئىگىرگەن ئىككى غالتەك يىپنى كۆتۈرۈپ نەمەنگان رەستىلىرىدە خېرىدار ئىزلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ توساتتىن بىر باققالنىڭ سۇۋەتتە ئۇزۇم سېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۈزۈمگە سېزىك بولغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى. سەلىمىخان ئىختىيارسىز ھېلىقى ئۈزۈم سۇۋىتىنىڭ قېشىغا بېرىپ، سېۋەتنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىككى دانە ئۈزۈمنى ئېلىپ، سۈرتۈۋېتىپ ئاغزىغا سالدى ـ دە، كېتىپ قالدى. قورسىقىدىكى بالا توساتتىن تېپچەك ئېتىپ، زۇۋان سۈرۈشكە باشلىدى:

ـ ئەي ئانا، تەڭرىدىن قورقماي، مەخلۇقتىن ئۇياتماي نىمىدەپ كىشىنىڭ ھەققىنى يەيسەن؟ ئەگەر ئۈزۈمنىڭ ئىگىسىنى رازى قىلمىساڭ، بولدى تۇغۇلمايلا قوياي!

سەلىمىخان بۇ ۋەھىيانە گەپلەرنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ مىڭ تەسلىكتە ۋۇز ۋۆيىگە قايتىپ كەلدى. موللا ۋەلى ئايالىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى ۋە ئايالىدىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. سەلىمىخان يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېرىگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. موللا ۋەلى ئايالىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ تەڭرىگە دۇئا قىلدى، ئاندىن ئايالىغا:

ـ بۇ تەڭرىدىن بىشارەت. تېز بارغىن، ئۈزۈم ساتىدىغان باققالنى رازى قىلىپ كەل!ـ دېدى. سەلىمىخان ئىككى تەڭگىنى ياغلىققا تۈگۈپ بازارغا ماڭدى. ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە بويۇنلىرىغىچە قىزارغان ھالدا باققالنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

ـ ئۈزۈم سېتىۋالغىلى كەلدىڭىزمۇ، ئاپاق خېنىم؟ـ دەپ سورىدى باققال.

- ئەي ئىنىم، بايا سېۋىتىڭنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى تال ئۈزۈمنى ئوغرىلىقچە يەۋالغانىدىم، يەپ بولۇپ قاتتىق پۇشايماندا قالدىم. مۇنۇ ئىككى تەڭگىنى ئېلىپ ماڭا رازىلىق بەرسەڭ ۋە مېنى خىجالەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ؟ باققال سەلىمىخاننىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇ بىر تەڭگىنى ئېلىپ، يەنە بىر تەڭگىنى بىر سېۋەت ئۈزۈم بىلەن قوشۇپ سەلىمىخانغا قايتۇرۇپ بەردى.

- ئەي ناتىۋان ئانا، خۇدانىڭ سىلىگە ئوخشاش ياخشى بەندىسىمۇ بار ئىكەن. دۇنيا سىلىدەك ئىنساپلىق ئادەملەر بىلەنلا پاكلىنىدۇ. ئۈزۈمنى ئۆتكەن - كەچكەنلەر يەيدۇ، تولىسى پۇل بەرمەي كېتىدۇ. مەن ھەممىگە رازى. سىلىدىنمۇ ئەلۋەتتە رازى. كۆڭۈللىرىنى غەش قىلمىغايلا.

سەلىمىخان باققال بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا باققالمۇ، بازارمۇ يوق ئىدى. تۆگىلۈكتىن تېخى ئەمدىلا سوزۇل ئۇشكە باشلىغان ئاسماننىڭ بىر پارچىسى ئالا بولغان غورىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشىغا دەھشەتلىك تولغاق تۇتۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىن چىلىق - چىلىق سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئايالىنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغانغان موللا ۋەلى، ئالدىراشچىلىقتا كالىچىنىمۇ ساپماي، يالاڭ ئاياغ پېتى تۇغۇت ئانىسىنى چاقىرغىلى يۈرۈپ كەتتى.

تولغاق ئالاھەزەل يېرىم كۈن داۋاملاشتى. قۇياش ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈل ئۇپ تۆگىلۈكتىن مارىغان چاغدا، بالىنىڭ بېشى قىپقىزىل قان ئىچىدە بۆرتۈپ چىقىشقا باشلىدى. تۇغۇت ئانىسى پايپېتەك بولۇپ، چوڭ ئۇن قاينىغۇدەك ۋاقىت ھەپىلىشىپ بالىنى قولىغا ئالدى. بالا بىلىنەر - بىلىنمەس پۇشۇلداپ تىنىۋاتاتتى. تۇغۇت ئانىسى بالىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ يىغلاتتى. بالا بىر يىغلىغان پېتى نەچچە كۈنگىچە توختىماي يىغلىدى. بالىنىڭ چاتىرىقىدا بىر پارچە گۆش كۆتۈكنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەن زىخىغىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۆرىدىن خەۋەر ئالغان موللا ۋەلى خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قالدى.

موللا ۋەلى بالا تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا نەمەنگاندىكى مەشھۇر ئۆلىما ھاجى ئەبەيدۇللا (لەقىمى موللا بازاراخۇن)نى چاقىرىپ "بابا رەھىم" دەپ ئات قويدى. بالا ئىسىم قويغىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. موللا بازار بالىنىڭ يىغلىغىنىغا قارىماي، ئىسىم قويۇپ بولۇپلا، ئۇنى يۇمشاق يىكەنداز ئۈستىدە دومىلىتىۋەتتى. موللا ۋەلى ئەنسىرەپ بالىنى دەرھال قولىغا ئېلىۋالدى. موللا بازاراخۇن موللا ۋەلىگە قاراپ ئىستىھزا ئارىلاش خىتاب قىلدى:

- تەڭرىنىڭ ئاشىق بەندىلىرىنىڭ بەلگىسى يىغلىماقتۇر. ئۇ ۋەھدەت (ئىلاھىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىرلىك)تىن ئاجراپ زېمىنغا ئاپىرىدە بولدى. ئۇ تۇغۇلغىنىدا ۋەھدەتتىن ئايرىلغىنىغا يىغلايدۇ؛ ھاياتىدا ۋەھدەتكە قوشۇلالماي يىغلايدۇ. ئۇ ھامان يەنە ۋەھدەتكە قايتىدۇ، ئەنە شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇ يىغلاشتىن مەڭگۈلۈك توختايدۇ. بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھامان مەدرىسكە بەرمەك لازىم. تەڭرى قۇرئاندا ۋز ئائىلىسىنى جاھالەتتە قويغۇچىلارغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلغان. مەدرىستە ئىلمىي تەرىقەت يوللىرى بويىچە مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن، ئاشىقلىق يولىغا سالماق لازىمدۇر. بىزنىڭ قەلەندەرىيە تەرىقىتىمىزدە بارلىق ئىلىم ۋە ئىبادەتلەر ئىلاھىي ئىشقتا جەملەنگەندۇر.

2

بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە موللا ۋەلى ئۇنى موللا بازاراخۇنۇمنىڭ مەدرىسگە ئاپىرىپ بەردى. بابارەھىم چىرايىدىن نۇر يېغىپ، كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان زېرەك بالا ئىدى. موللا ۋەلى ئوقۇش يېشىغا توشقىچە ئۇنىڭغا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىپ ئۈلگۈرگەنىدى. مەدرىسىنىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ھويلىسىدا ئۇ موللا بازاراخۇنۇمنىڭ ھەممىلا ئادەم ئەيمىنىدىغان سۇرلۇك كۆزلىرىگە دەللىك تىكىلىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. موللا ۋەلى ئوغلىنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى ھاياسىزلىق دەپ چۈشەندىمۇ قانداق، خىجالەتچىلىكتە بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلالمىدى. موللا بازاراخۇن بالىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزدى.

- مەن بالىنىڭ ۋۇجۇدىنى كىتاب ئوقۇغاندەك ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاتەش يانىدۇ، ئاتەش! بۇ تەڭرىنىڭ ئىشقىدىن ئالامەتتۇر. ئەمدى بۇ ئاتەشنى تەرىقەت ئىلمىنىڭ يەلپۈگۈچلىرى بىلەن يېلىنجاتماق لازىمدۇر.

موللا ۋەلى مۇرىسىدىن تۇگمەن تېشى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك يېنىك ئۇھ تارتتى. تۇنجى ساۋاق شۇ كۈنىلا باشلاندى.

- بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، "ئەلىف" دەڭ ئوغلۇم!- دېدى موللا بازار.

- بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئەلىف!- دەپ تەكرارلىدى بابارەھىم.

- ئەمدى "بە" دەڭ!- دېدى موللا بازار.

بابا رەھىم جىمىپ قالدى، ئۇ بالىلىق تەسەۋۋۇرلىرىغا غەرق بولغانىدى.

- مەندە بەرگىدەك بىرنەرسە بولمىسا،- دېدى ئۇ ئاخىرىدا ھەزىل قىلىپ.

- كىچىك تۇرۇپ، مەن بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ سەن؟
موللا بازاراخۇننىڭ قويقا چاچلىرى كىرپىنىڭكىدەك تىك تۇرۇپ كەتتى.
- ئەي، ھۆرمەتلىك ئۇستاز.- دەپ گەپ باشلىدى بابارەھىم بىراز جىددىيلىشىپ.- ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، "ئەلىف"نىڭ مەنىسى "بىر" دېگەنلىك بولۇپ، مەنە جەھەتتە تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە نىسبەت قىلىنغانمىش. جاھاندا تەڭرىدىنمۇ ئۇلۇغ ھېچنەرسە يوقتۇر، شۇڭا "ئەلىف"دىن ئۆتمەك خاتادۇر. كەچۈرگەيلا.
موللا بازار بابارەھىمنىڭ ساددا، ئەمما مەنتىقىلىق پىكىرلىرىگە قايىل قالدى بولغاي، ئاچچىقىنى يۇتۇۋەتتى.
- تەڭرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇستاز تۇتماق لازىمدۇر. ئۇستاز تەڭرىگە بېرىش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا پىرنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر.
بابارەھىم باش - ئاخىرى يوق ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئۇ يادلىمىغان سۈرە، ئوقۇمىغان "ناۋائى"، "قىسسەسۇل ئەنبىيا" قاتارلىق تۈركىي يېزىقىدىكى دەرسلىك كىتاب قالمىدى. موللا بازاراخۇن ئۇنىڭ ئەقلىگە قايىل قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ساۋاق بېرىشكە باشلىدى. ئارىدىن يەنە نەچچە يىل ۆتمەيلا ئۇ خوجا ھاپىزنىڭ پارسچە شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، مەنە ئېيتالايدىغان بولۇپ قالدى. سەئىدى شىرازىنىڭ "بوستان" ۋە "گۈلىستان"لىرىدىن تارتىپ پەرىددىن ئەتتارنىڭ "مەنتىقۇتتەيىر" ناملىق داستانى، شۇنداقلا جالالىدىن رۇمىنىڭ "پارسچە قۇران" دەپ شۆھرەت قازانغان زور ھەجىملىك مەشھۇر دىۋانى "مەسنەۋى" ئۇنى ۋۇزىگە قاتتىق سېھىرلىۋالغانىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك خىيال سۈرۈپ، پەرىددىن ئەتتار ۋە جالالىدىن رۇمى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سۆھبەتلىشىپ چىقاتتى. ئۇ بەكمۇ خىيالچان ئىدى. بەزىدە تاماقنىمۇ، ھەتتا ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. موللا بازاراخۇن ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى.
موللا بازاراخۇننىڭ نەزىرىدە مەشرەپ تالىپلىرىنىڭ كۆزى ئىدى. تالىپلار ئىچىدە ئۇ ھەممىدىن ئەقىللىق بولغاچقا، ئۇنى خويمۇ قەدىرلەيتتى. ئۇنى شۇ زامانلاردا ماۋارائۇننەھىردە ئەۋج ئالغان قەلەندەرىيە مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ۋەلىماللىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەشنى ۋە ئۆزىگە ئىز باسار قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بابارەھىمگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋەزخانلىق قىلاتتى.
- قەلەندەرىيە تەرىقەتى جىمى تەرىقەتلەرنىڭ گۈلتاجى. تەڭرىگە ئەڭ تېز يەتكۈزىدىغان يولدۇر. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز ھەممىمىز تەڭرىنىڭ ئالدىدا قەلەندەرمىز. قەلەندەر ئىكەنلىكىمىزگە تەن بەرمەي گاھى باي، گاھى مەنسەپدار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماق تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغان بىلەن باراۋەردۇر. رىزقىنى تەڭرى

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ، لېكىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بېرىدۇ. بايلار، ھۆكۈمرانلار تەڭرى بەرگەن رىزقىنى ئاجىزلارنىڭ قولىدىن ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئالىدۇ. بىز بولساق بايلاردىن تىلەپ، كەمبەغەللەرگە بېرىپ، ئاللانىڭ رىزقىنى تەڭشەيمىز. ئاللا بىزلەرنى ئەنە شۇنداق تەڭشەك قىلىپ ياراتقان...

بابارەھىم دەسلەپتە موللا بازارنىڭ ۋەزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەلەندەر بولۇشقا تەييارلاندى. تەھەددىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان نەمەنگان شەھىرىدە بابارەھىم ھەقىقەتەن باي بىلەن كەمبەغەلنى تەڭشەيدىغان، ئادالەتسىزلىكنى تۈگىتىدىغان بىر تەڭشەكنىڭ لازىملىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تەڭرى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئىدى. شۇڭا تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە چاچقان رىزقىمۇ تەڭ باراۋەر بولۇشى كېرەك ئىدى. نەمەنگان تۇپرىقىدىن بۇ باراۋەرلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تەڭرىنىڭ رىزقى نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئادەملىكنى ئۇنتۇشقان ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە بايلارنىڭ خەزىنىلىرىگىلا تىقىلىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن رىزقىدا تەڭ تۈرەلگەن سان ـ ساناقسىز بەندىلەر غۇربەتچىلىك ئازابىدا ئىڭرايدۇ؟ بابارەھىم بۇ تەڭسىزلىكنى پەقەت كەڭ كۆلەملىك قەلەندەرلەر مەزھىپى تەشكىللەپلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

3

بابارەھىم ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مەدرىستىكى ھۇجرىسىغا باغىستان كەنتىدىن كەلگەن يېڭى تالىپ كېلىپ جايلاشتى. بۇ تالىپنىڭ ئىسمى پىرمەت ستارى ئىدى.پىرمەت ستارى دەسلىپىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرىدىغان، خىيالدىن باش كۆتۈرسە قولىغا گاھ تەمبۇر، گاھ ساتارنى ئېلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قايىنىغان ھالدا مۇڭلۇق ناخشىلارنى تەڭكەش ئوقۇيدىغان بۇ غەلىتە يىگىتتىن ئەيمىنىپ قالدى. بۇ ھۇجرىدىشىنىڭ مىجەزىلا ئەمەس، بەلكى تۇرقىمۇ غەلىتە ئىدى. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئەمما پېشانىسى كەڭ ئىدى، چاچلىرىنى بولۇشىغا قويىۋەتكەن بولۇپ، مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن كۈچلۈك بىر خىل ئوت چاقناپ، قارىغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ تاشلايتتى. بابارەھىم ئەنە شۇنداق دەرۋىش مىجەز بولغىنى بىلەن، ناھايىتى كېلىشكەن ئىدى. ئاۋازى خېيمۇ سۈزۈك ۋە جاراڭلىق، ناخشىلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە مەزمۇنلۇق بولۇپ، بىر ئاڭلاپ قالغان ئادەمنىڭ قانماي

www.kitaphumar.com

ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. تەمبۇر ۋە ساتارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى. پىرمەت ستارى دەسلىپىدە ئۇنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، كېيىنچە ئۇ تەمبۇرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، "مۇناجات"قا پۈتۈن خىيالى بىلەن بېرىلىپ چېلىۋىدى، پىرمەت ستارىمۇ ئىختىيارسىز ناخشا تـوۋلاپ جور بولۇشقا باشلىدى. پىرمەت ستارى ئۆز يۇرتىدا بولىدىغان سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھەلقە ـ سۆھبەتلىرىدە تالاشتا قالىدىغان داڭلىق ھاپىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بابارەھىمدىن قېلىشمايتتى. ئۇ خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىنى تولۇق يادا بىلەتتى، بابارەھىممۇ بۇ ئاتەشنەپەس يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى.

ـ تەڭرى ئەسلىدە ئىككىمىزنى بىر جۈپ قىلىپ ياراتقانىكەن، ئىنىم. بىراق خويمۇ كېچىكىپ ئۇچراشتۇق. ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆڭلۈمگە يېقىن بىرنەرسىنى تاپقاندەك بولدۇم. ئىسمىم بابارەھىم، ئاتام نەمەنگاندا داڭقى بار كۇلالچى. تەڭرى دوستلۇقىمىزنى مۇبارەك قىلغاي!

پىرمەت ستارى ھاياجانلىنىپ بابارەھىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. بابارەھىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوقۇغان غەزەللىرى پىرمەت ستارىغا ناتونۇش ئىدى.

مىرادىڭغا يېتەي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
ستەم ئەھلىن يۇتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
ئېغىزدىن دۇر چاچاي دېسەڭ، شارابىي ئىشق ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، خانىقادىن قاچاي دېسەڭ،
ھەقىقەتنى ئاچاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.

پىرمەت ستارى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى. بابارەھىم كېيىنكى كۈنلەردە پىرمەت ستارىغا قەلەندەرىيە تەرىقىتىنىڭ ئەڭ نازۇك مىزانلىرىنى ئېزىپ ئىچۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. پىرمەت ستارىمۇ مەشرەپنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىلمىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋمۇرلۇك ئۇستازىم دەپ قول بەردى. پىر تۇتۇش قەلەندەرىيە تەرىقىتىنىڭ مۇھىم بىر مىزانى ئىدى.

www.kitaphumar.com

بابارەھىم ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇرىتىنىڭ بەرگەن قولىنى پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا تۇتۇپ قويدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ "پىر ـ ئۇستاز" بولۇپ، گىدىيىۋېلىشتىن نومۇس قىلاتتى. ئۇ ھارماي ناخشا توۋلايتتى.

كۆرسەت جامالىڭ مەستانىلەرگە،
ئىشقىڭدا كۆيگەن پەرۋانىلەرگە.
مەندىن دۇئادۇر، سەندىن ئىجاۋەت،
جانىم تەسەددۇق، جانانىلەرگە.
ئەي كۆڭلى قاتتىق، رەھىم ئەيلىمەسسەن،
قىلغىن نەززارە بىچارىلەرگە.
كۆيگەن غېرىبمەن، شەپقەت قىل ئاخىر،
كويىۇڭدا يۈرگەن دىۋانىلەرگە.
مەشرەپ سېنى دەپ كەچتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانىلەرگە.

بۇنداق چاغلاردا پىرمەت ستارىنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپلا كېتەتتى. ناخشا تۈگىگەندە بولسا ئۆزىنى شىددەتلىك دولقۇنلار بىردىنلا لەڭ ئۇرۇپ قىرغاققا ئىتتىرىۋەتكەن بېلىقتەك ھېس قىلىپ، بابارەھىمگە ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ تەلمۈرەتتى.

ـ مەشرەپ دېگەن كىم؟ـ دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى بابارەھىمدىن. بابارەھىم "مەشرەپ"نىڭ ئۆز تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا پىرمەت ستارى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. مۇنداق پاساھەتلىك غەزەللەرنىڭ تېخى ئەمدىلا يىگىتلىك يېشىغا يېتىۋاتقان، بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان بابارەھىمنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئالدىراپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ـ ئاپىرىن ئۇستاز!ـ دېدى ئۇ ئاخىرىدا بابارەھىمنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن.ـ قالتىس ئامەتلىك ئىكەنمەن. ئەگەر تىلىم كۆيمىسە ئىدى، ئۇستازىنىڭ نەزمىلىرىدىكى پاساھەت ۋە بالاغەت ئالدىدا ھەزرىتى قۇل خوجا ئەھمەدنى گۈل يېنىدىكى ئازغاندەك چېنىپلا قالىدىكەن، دېگەن بولاتتىم.

ـ قۇل خوجا ئەھمەد شېئىرلىرىدىكى ھېكمەتنىڭ تىرەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ.ـ دېدى

مەشرەپ جاۋابەن،- مەن پەقەت ھەزرەتلىرىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆزۈمگە خاس تىل ۋە رەڭ بىلەن تەكرارلاپ يۈرگۈچى، خالاس. ھەزرىتى جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى سۆزلىرىمگە مەزمۇنداشتۇر:

شۇ ئەخمەتمەنۇ، ئەمما ئاۋۋالقى ئەخمەت ئەمەسمەن،
سەمەندەر قۇشمەنۇ، ئەمما بۇرۇنقى دانىنى يېمەسمەن.

- ھۆرمەتلىك ئۇستاز،- دېدى پىرمەت ھاياجانلىنىپ تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ،- مالال كۆرمىسىلە، شېئىرىيەت بابىدىمۇ ماڭا ئۇستاز بولسىلا!

- پەمىمچە، شائىرلىق تەڭرى پۈتكەن قىسمەت. بۇنداق قىسمەتكە گىرىپتار بولغۇچى خۇددى قىستاپ كەلگەن تەرەتنى چىقىرىۋەتمىسە بولمىغاندەك شېئىر يازمايمۇ تۇرالمايدۇ. شۇڭا بۇ كەسىپتە ھېچكىم ھېچكىمگە ئۇستاز بولالمايدۇ. پەقەت ۋۇجۇدۇڭدىكى ئاشىقلىقلا ساڭا ئۇستاز بولالايدۇ. سىز بۇ ئۇستازنى ۋۆز ۋۇجۇدىڭىزدىن ئاختۇرۇڭ. جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرى "كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل" دەپ بىكار ئېيتمىغان. ۋۇجۇدىڭىزنى زەن قويۇپ تىڭشاڭ، ئىنىم! ئۆزىنى بىلگەن تەڭرىنى بىلگەنگە باراۋەر. تەڭرىنى بىلمەي شائىر بولماق مۇمكىن ئەمەس!

كېيىنكى كۈنلەردە مەشرەپ بىلەن موللا بازاراخۇن ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. موللا بازاراخۇن ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالغان مۇرىتلىرىدىن تەڭرىگە قارىغۇلارچە ئاشىق بولۇشتىن باشقا ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان گۈدەك بالىغىلا ئايلىنىشنى، ھەممە ئىشتا پىر - ئۇستازلىرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان رايىش موللىلارنى دوراشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە بېرىلىشىنى قەتئىي چەكلەيتتى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ يىغلاشتىن باشقا ھېچ ئىشى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق مەشرەپ مەسىلىگە ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ تەڭرىنى ئەقلىنىڭ يۈكسەك پەشتاقلىرىدا تۇرۇپ چۈشىنىشنى ئىستەيتتى. تەڭرىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشى كېرەك، ۋزىنى سۆيگەن تەڭرىنى سۆيگەن بىلەن باراۋەر؛ چۈنكى ئىنسان تەڭرى ياراتقان بارلىق شەيئىلەرنىڭ كۆزى، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ ئالەمنى بىنا قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادار ئىكەنلىكىنى، تەڭرىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدىغان رىياكالاردىن يىرگىنەتتى. مەشرەپنىڭ تومۇرىدا ۋزىنى

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

تەڭرىنىڭ كۆلەڭگىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان ۋە ھەقىقىي ئىنسانغا خاس ئەركىنلىكتىن يېتەرلىك بەھرىمەن بولۇشنى ئىستەيدىغان باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيتتى. ئۇ بارا ـ بارا موللا بازاراخۇن تەشكىللىگەن ھەلقە ـ سۆھبەتلەرگىمۇ قاتناشماي قويىدى ۋە مەدرىستىكى تالىپلار ئارىسىدا مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن رۇمى ۋە ئىبنى ئەرەبىيلەرنىڭ ھېكمەتلىرىدىن دىلى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، موللا بازاراخۇننىڭ پەتىۋالىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىسيانكارانە نۇتۇقلارنى سۆزلەشكە باشلىدى. ھەتتا موللا بازاراخۇننى مەسخىرە قىلىدىغان بىر شېئىرنى يېزىپ، ئاھاڭغا سېلىپ تالىپلارغا ئوقۇپ بەردى. موللا بازاراخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەر غەزەپكە كەلدى ـ دە، مەشرەپنى ئالدىغا چاقىرتتى.

ـ مەشرەپ، پىرىنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى. ئۇنىڭغا قارشى چىقماق ئىمانسىزلىقتۇر!

ـ ئىماننى ۋەلچەيدىغان تارازا ئىگىسىنىڭ قولىدا. مەن پەقەت تەڭرى ئالدىدىلا جاۋابكارمەن، بەندە ئالدىدا جاۋابكار ئەمەسمەن!

ـ ئىلمىي تەرىقەتتە پىر تۇتماق ۋاجىپتۇر.

ـ بىراق، پىرنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى دېيىلگەن ئەمەس ـ دە؟!

موللا بازاراخۇن غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. بىراق مەشرەپ پەرۋاسىزلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ تەڭرى ھەزرىتى ئادەمنى يەر يۈزىگە چۈشۈردى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئادەم نالە قىلىپ: "ئەي پەرۋەردىگار، سەن بارلىق سىرلارنى يەشكۈچىسەن. ئەۋلادلىرىمنىڭ روھىنى ماڭا كۆرسەتكىن" دېدى. شۇئان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تەڭرىدىن ندا كەلدى: "ئەي ئادەم، ئوڭ تەرىپىڭگە قارىغىن". ئادەم ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرىپىگە قارىۋىدى، كۆزىگە تامامەن ئاق كىيىنگەن روھلار كۆرۈندى. ھەزرىتى ئادەم: "ئىلاھە، بۇ قانداق روھلاردۇر؟" دەپ سورىۋىدى، تەڭرى: "بۇ مۆمىن پەرزەنتلىرىڭنىڭ روھىدۇر" دەپ جاۋاب بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام سول تەرىپىگە قارىۋىدى، تامام قارا كىيىنگەن روھلارنى كۆردى. تەڭرىدىن سورىۋىدى، "بۇ كاپىر پەرزەنتلىرىڭنىڭ روھىدۇر" دەپ جاۋاب بەردى. ئەي، ئاخۇنۇم، سىز شۇ چاغدا ھەزرىتى ئادەم بىلەن بىللە مېنىڭ روھىمنىڭ كاپىرلار قاتارىدا كەلگەنلىكىنى ۋز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنمىدىڭىز؟

موللا بازاراخۇن مەشرەپتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەك ئوڭايسىزلاندى.

ـ بۇ ئىلمىي غەيبكە ياتىدىغان ئىشلار. تەڭرىدىن ۋزگە ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ـ بايىقى سۆزلەردە ۋزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالدىلا. بۇنىڭدىن ئارتۇق كۇپۇرلۇق بولمايدۇ، تەقسىر. ۋزلىرىنى ئۇستاز تۇتۇشتىن ۋاز كەچتىم، خەير!

www.kitaphumar.com

مەشرەپ ھۆجرىسىغا كىرىپ تەمبۇر بىلەن ساتارنى قولىغا ئالدى ـ دە، مەدرىستىن چىقىپ كەتتى. پىرمەت ستارىمۇ تاپ باستۇرۇپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۈكدىشىپ ماڭدى.

مەشرەپكە ئون يىلدىن ئارتۇق ئەقىدە قىلغان ئۇستازىنىڭ ئاخىرىدا ئەقىدىگە زايا كېتىدىغان بىر ئادەم بولۇپ چىقىپ قالغىنى قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى. ئۇ دەردىنى تەمبۇردىن ئالدى.

4

ئۇ زامانلاردا نەمەنگاننىڭ ھەممىلا يېرىنى قەلەندەرلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاساسلىق ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل مەزھەپ بولۇپ، ھەممىلا جايدا خىلمۇخىل دىنىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىھبۇد قەلەندەر، كوسا مەدداھ، زۇنۇن دىۋانە، شاھرۇھ قەلەندەر خوجەندى، ئارىپ قەلەندەر چەنگى، خالمۇھەممەت دىۋانە نەمەنگانى، ھۆسەيىن قەلەندەر تەمبۇرى، غازى مايماق قەلەندەر، نازىم تەنتەك، زابىر قەلەندەرباشى قاتارلىق قىرىققا يېقىن قەلەندەر شۇ زاماندىكى قەلەندەرلەرنىڭ نوپۇزلۇقلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار مەشرەپ مەدرىسىنى تەرك ئېتىپ ئۇزاققا بارمايلا، ئۇنىڭ قىزغىن ھەمسۆھبەتلىرىدىن بولۇپ قالدى. مەشرەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەممىلا يەردە قىزغىن دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

مەشرەپ قەلەندەرلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىدە گاھ نۇتۇق، گاھ ناخشا بىلەن زاماننىڭ تەڭسىزلىكىدىن شىكايەت قىلاتتى، مەسخىرىلىك تىللار بىلەن زالىم شاھلارنى، مەككار بايلارنى، رىياكار شەيخ ـ سوپىلارنى قامچىلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە رىياكارلار دىن ۋە دىيانەت يولىدىكى قاراقچىلار ئىدى. ئۇ كۆپ ساندىكى مۆمىنلەرنىڭ يا دوزاختىن قورقۇپ، يا جەننەتنى تەمە قىلىپ، قانداقتۇر مۇئەييەن مەقسەت بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىنى دۇرۇس ھېسابلىمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئىبادەت غەرەزسىز ھالدا ئاللاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ قىلغان ئىبادەت ئىدى. بىر ناخشىدا ئۇ ھەتتا ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىمۇ مەسخىرە قىلىدۇ:

بۇ تەن خاكىنىيۇ، روھىي راۋاننى نە قىلاي؟
بولمىسا قاشىمدا جانانە، بۇ جاننى نە قىلاي؟

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك؟
ئىبراھىمدىن قالغان ئۇل ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟
ئۇرايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھىشنۇ ـ دەۋزەخىن،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا، ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟
ئەرشىنىڭ كۈنگۈرەسى ئۈستىگە قويدۇم ئاياغىم،
لاماكاندىن جاي ئالىپمەن، بۇ ماكاننى نە قىلاي؟
بىر خۇدادىن ۆزگىسى بارچە غەلەتتۇر، مەشرەبا!
بولمىسا ئاشكارە ئۇل، سىرى نىھاننى نە قىلاي؟

موللا بازاراخۇن مەشرەپنىڭ خەلق ئىچىدىكى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان شۆھرىتىگە ھەسەت قىلىپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئاچچىق تولغىناتتى. مەشرەپ ئۇنىڭ نەمەنگاندىكى ئىناۋىتىگە زور تەھدىت ئىدى. شۇڭا ئۇ مەشرەپنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئارىسىدىن ۆزىگە يېقىن كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ، پايلاقچىلىققا قويدى.

بىر قېتىملىق ھەلقىدە مەشرەپ ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلىنىپ ھاپىزلىق قىلدى. ساما سېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھۆكرەپ يىغلاشتى. ئارىدا قوشنا ۆيدە ساما سېلىۋاتقان ئاياللاردىن بىرەيلەن مەشرەپنىڭ ئايىغىغا ۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى دىلسۆز بولۇپ، نەمەنگاندىكى بىر ئوتۇنچىنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ مەشرەپكە كۆيۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئېرى ئۇنى ئورۇنسىز كۈنلەپ، كۈن ئاتلىماي دېگۈدەك ئوتۇن بىلەن ئۇراتتى. شۇڭا ياتلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئېرىدىن كۆڭلى قالغانىدى. شۇ ئاخشىمى ئۇلار سۆھبەت ئارىلىقىدا مەخپىي ئۇچراشتى. دىلسۆز چۈمبەردىسىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا مەپتۇن بولۇپ، مەشرەپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت كەتتى. دىلسۆز يۇم ـ يۇم يىغلاپ تۇرۇپ مەشرەپكە ۆز ئىشقىنى ئىزھار قىلدى. يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ، ئايال زاتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان مەشرەپنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئوتۇنچى دىلسۆزنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن بولۇپ، قايتا نىكاھ ئوقۇتۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. دىلسۆز بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يامانلاقتا ئىدى.

مەشرەپ ئۆز ھېسسىياتىنىڭ تىزگىنىنى قولىدىن چىقىرىپلا قويدى ۋە ئەتىسى كەچتە دىلسۆز بىلەن نەمەنگان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر كۆل بويىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەردى.

ئۇ ئەتىسى كەچ كىرگۈچە ئۆزىنى پاك تۇتۇش ئىستىكى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى خالاش ھەۋىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتا ھالسىز تېپچەكلىدى. ئارىدا ۋەدە بولغىنىكەن،

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماق لازىم ئىدى. مەشرەپ شۇلارنى ئويلاپ تەۋەككۇل دەرياسىغا كىرمە سالغىنىچە كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى. دىلسوز بالدۇرلا كېلىپ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنتۇلدى...

توساتتىن قاراڭغۇلۇقتا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر توپ ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. دىلسوز دەرھال مەشرەپنىڭ قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كۆلگە ۋزىنى ئاتتى. مەشرەپمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆلگە سەكرىدى. مەشرەپ دىلسوزنى تاپالماي، سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلگەنىدە دىلسوزنىڭ جەسىتى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قالغانىدى. مەشرەپنىڭ ئىچىدىن ئاچچىق بىر ئەلەم پارتلاپ چىقتى. ئۇ كۆل بويىغا يامىشىپ چىقىپ پايلاقچىلارنى تاپ بىسىپ قوغلىدى. بىراق ئۇلار تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى.

پايلاقچىلار كوسا مەدداھ، غازى مايماق قەلەندەر، نازىم تەنتەك باشچىلىقىدىكى ئۇنىغا يېقىن ئادەم بولۇپ، ئۇلار موللا بازاراخۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەشرەپنى نەق ئىش ئۈستىدىلا تۇتۇۋېلىپ ئەل ئارىسىدا بىراقلا شەرمەندە قىلماقچى ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار دىلسوزنىڭ بېشىغا چىقتى. مەشرەپنى ئېغىر خەۋپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ دىلسوزنىڭ جەسىتى بىلەن كۆل بويىدىلا خوشلىشىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆز يەتكۈسىز باياۋانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى... ئۇ يول بويى ۋز ھەسرىتىنى ناخشا بىلەن چىقىرىپ ماڭدى.

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتىن ئىچتىم، قازاندەك قاينىبان تاشتىم،
بۇ پانىي دۇنيادىن كەچتىم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
چۈشۈپتۇر باشىمە سەۋدا، رەمۇزى ئىشقتىن غەۋغا،
ئۆزىگە ئەيلىدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر، بارارغا ھالىتىم يوقتۇر،
يۈرەكتە ئىشق ئوتى چوغدۇر، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ، كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ،
بۇ يەردىن باش ئېلىپ كەتسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

نەمەنگاندا پىتنە - ئىغۋالار ۋي - ۋېلەرگە، كوچا - كويلارغا يامراشقا باشلىدى. موللا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى



ۋەلى بىلەن سەلىمىخاننىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي مەشرەپنى ئىزلەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. مەشرەپنىڭ تېخى ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن سىڭلىسىمۇ ئۇنى ئىزلەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپتى. بىراق مەشرەپ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانىدى. دىلسۆزنىڭ ئوتۇنچى ئېرى قولىغا پالتىنى ئېلىۋېلىپ، "مەشرەپنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!" دەپ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن مەشرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى....

بىر كۈنى، پىرمەت ستارى ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. موللا ۋەلى ئۇنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆيگە باشلىدى.

- ھېلىقى ئوتۇنچىمۇ مەشرەپنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ،- دېدى پىرمەت ئۆيگە كىرىپلا،- مەن ھازىر ئۇستاز مەشرەپنى ئىزلەپ يولغا چىقماقچىمەن. ئۇنى تاپمىغىچە نەمەنگانغا قايتمايمەن!

ئاتا - ئانىلار پىرمەت ستارىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلىپ، سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ، مەشرەپنىڭ تەمبۇر ۋە ساتارىنى بېرىپ، بىر ياغلىق ناننى يوللۇق تۇتۇپ ئۇزۇتۇپ قويۇشتى.

سەلىمىخان خېلى كۈنلەرگىچە ئەنجاندىكى كۆل بويىدىن كەلمەي يىغلاپ يۈردى.

5

پىرمەت ستارى مەشرەپنى بىر ئايدىن ئارتۇق ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇخارادىكى داڭلىق ۋلىما مەۋلانە شېرىپ ھۇزۇرىدىن تېپىۋالدى. مەۋلانە مەشرەپكە ئىمام غەززالى ۋە ئىبنى ئەرەبىينىڭ تەلىماتلىرىدىن ساۋاق بېرىۋاتاتتى. پىرمەت ستارى كېلىپ ئۇزاق ۋتمەيلا مەشرەپ بىلەن مەۋلانە ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى.

- تەرىقەت يولىنى تۇتقان ئادەم شەھۋەتنى چەكلەش لازىمدۇر،- دېيتتى مەۋلانە.

- ھەزرىتى جالالىدىن رۇمىنىڭ ھېكمەتلىرىدە، ئىنسانىي مۇھەببەت ئىلاھىي ئىشققا كۆۋرۈك دېيىلگەن. ئىككى ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ئەمەلگە ئاشمايدىكەن، تەڭرى بىلەن بىرلەشمەك ۋە ھەقىقەتكە يەتمەكمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. تەڭرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىنسان تەڭرى ۋزىگە ئىنام قىلىپ بەرگەن ئەسلى ئىنسانلىق تەبىئەتكە قايتمىقى شەرت. بىراق ئىنسان پەقەت ۋزىگە ئوخشاش ئىنسانغا مۇھەببەت باغلاش بىلەنلا ئىنسانلىق تەبىئەتنى تاپالايدۇ.

www.kitaphumar.com

- ھاۋايى ـ ھەۋەس شەيتاننىڭ ئىشى!

- بىراق، شەيتانمۇ تەڭرىنىڭ ياراتمىشى. ھەزرىتى مەنسۇر ھەللاجى تەڭرىنى "تەڭرىنىڭ خاھىشى" ۋە "تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى" دەپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلگەن. شەيتان خاھىشقا ئىمسالدۇر، پەرىشتە بۇيرۇققا ئىمسالدۇر. ئىنسان تەڭرىنىڭ خاھىشى بىلەن بۇيرۇقىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. شۇڭا ئۇ تەڭرىگە يېتىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنىلا ئىجرا قىلىپ قالماي، بەلكى تەڭرىنىڭ خاھىشىنىمۇ چۈشىنىشى كېرەك.

بۇنداق مۇنازىرىلەردە مەۋلانە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېرىكىپمۇ قالاتتى، ئارقىدىنلا ئۆز ھاياجىنىنى ئۇستىلىق بىلەن پەسكويغا چۈشۈرۈۋالاتتى ـ دە، ۋەزمىن تەلەپپۇزدا گەپ باشلايتتى:

- ئىنسان تەڭرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەن.

- يوقسۇ، تەقسىر. ئىنسان تەڭرىنى خاھىش ۋە بۇيرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق ھېس قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن. گەرچە تەڭرىنى تولۇق چۈشىنىش تا قىيامەت قايىم بولغىچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق ئىنسان ئۇنى يېتەرلىك چۈشىنىشكە تىرىشمىقى شەرت. شۇڭا ئۇ ئاشكارىلانغان ئىلىملارغا جەملەنگەن بۇيرۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ تېخى ئاشكارىلانمىغان ئىلىملەرگە ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىنسان ئۆزىنى تەڭرىگە تولۇق بېغىشلىيالىغان بولىدۇ. "قۇران كەرىم"دىمۇ ئاللا: "ماڭا تولۇق يۈزلىنىڭلار!" دېگەن.

مەۋلانە ئاخىرىدا ۆزىنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي چىچاڭشىپ كەتتى ۋە مەشرەپنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ھاقارەتلەشكە باشلىدى.

- سەن بىر مەزلۇمنىڭ بېشىغا چىققان قاتىل!

- مەزلۇم تەڭرىدىن كەلگەن، يەنە تەڭرىگە قايتتى. تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەس. ئۇنىڭ ۆلۈمگە پايلاقچىلار سەۋەبچى!

مەشرەپ پىرمەتنى ئەگەشتۈرۈپ مەۋلانەنىڭ ھۇزۇرىدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە مەشرەپنىڭ بۇخاراغا داڭقى پۇر كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەۋلانە ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققىنىنى ئاڭلاپ، بىر توپ جامائەت ئەتراپىغا ئولاشتى. كوچىدا ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقتى. مەشرەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىيالى دۇنيادا كېتىۋاتقاندەك بىخرامان كېتىۋاتاتتى.تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ناخشا توۋلاپ، زالىملارنى شەپقەتسىز تۈردە قامچىلايتتى. ناتىۋان خەلق ئەھۋالىدىن دىلى قايغۇغا چۆمگەن مەشرەپ زاماننىڭ تەڭسىزلىكىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

www.kitaphumar.com

قاقشاپ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى يول بويى توۋلاپ ماڭاتتى.

ئېتەكىمنىڭ يەلپۈشىدىن يۈز خىزىر پەيدا بولۇر،
بۇ دىلىمنى كولىماڭ، ئاتەشگادا پەيدا بولۇر.
ھەر تەرەپتىن نەرەي: "ۋاھ، ھەسرەتا" پەيدا بولۇر،
زۇھد ئېلىغا "ھاي-ھۇۋ" ئاچچىق ندا پەيدا بولۇر،
ئەھلى تەقۋالار ئارا ۋاۋەيلاتا پەيدا بولۇر.
خوجا - سەييىد، بەگۇ-خان، سەردارىلەر بەدگار ئېسە،
زۇلم تىغىن تىز ئېتەردە ھەر بىرى نامدار ئېسە،
كاسەلەس كاززاب شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئېسە،
مەزلۇم ئەللەر ئېغىرشىپكىم پارچە نانغا زار ئېسە،
كۇپىر ئېلىغا مەشرەبىدەك رەھنەما پەيدا بولۇر.

مەشرەپنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن بۇخارا ھۆكۈمرانلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئەتراپىغا مەۋلانە شىرىپ باشچىلىقىدىكى بىر توپ يالاقچى سوپى - شەيخلەرنى يىغىپ، مەشرەپنى بۇخارادىن ھەيدىۋېتىشكە قۇتراتتى. مەشرەپكە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بىر توپ سوپىلار مەشرەپكە كوچىدىلا چالما - كېسەك ياغدۇرۇپ، مالامەت تاشلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئىخلاس قىلىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان خالايىقنىڭ قولىدا بولسا تۆمۈرنىڭ سۇنىقمۇ يوق ئىدى. ئېغىر زۇلۇم دەستىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشقانىدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ رايىشلارچە تىكىلىپلا قاراپ قالدى، خالاس.

- بىر غىلاپقا ئىككى شەمشەر سىغماس!- دېدى مەشرەپ پىرمەتكە،- بۇ كاززاپلارنىڭ ۋەتىنى ئەمدى بىزگە ھارام. قەشقەردىكى ئاپاق خوجا ھەزرەتلىرىنى ئاجايىپ ھەققەتپەرۋەر ئۆلىما دەپ ئاڭلىدىم. پىر - ئۇستازسىز يۈرمەك تەرىقەتكە خىلاپ. قەشقەرگە بېرىپ ئاشۇ ئۇستازنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيەيلى!

6

تۇگىمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان جاھانكەزدى مەشرەپ پىرمەت

www.kitaphumar.com

ستارىنىڭ ھەمراھلىقىدا، سۇسىز دەشت ـ چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ملىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ دېگۈدەك بۇخارادىن ئاخىر ئوشقا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە مەشرەپ ئۆز ئادىتى بويىچە ئاسىق ئىبنى بەرخىيانىڭ قەبرىگاھىدا نەچچە كېچە تۈنەپ، مەرھۇمنىڭ خىيالى سىماسى بىلەن دىن ۋە دۇنيا ھەققىدىكى نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ چىقتى. تىرىكلەردە ئىمان ۋە ئەقىل بولمىغان بىر زامانغا خاتا تۆرىلىپ قالغان مەشرەپ پۈتۈن ئۆمىدىنى ۋە تەرىقەتتىكى چىقىش يوللىرىنى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر ۋلىمالارنىڭ روھىغا باغلىۋەتكەنىدى. مەشرەپنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن كۆپتۈرۈلۈپ، بىر خىل غايىۋى مۇكەممەللىككە ئايلىنىپ قالاتتى. مەشرەپ ئاتاقتا تارىختا ئۆتكەنلەرنىڭ نامىنى سۆيىستېمال قىلغان خىيالى ئوبرازلار بىلەن مۇڭداشقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە كېچە ـ كېچىلەپ ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ چىقاتتى. تەپەككۇرسىز قالغان بىر لەھزىمۇ ئۇنىڭغا ھارام ئىدى.

مەشرەپ ئاسمانغا ھەرە چىشىدەك قادىلىپ تۇرغان قاتمۇ-قات تاغلاردىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ھالقىپ ئۆتۈپ ئاخىر ئاتۇشتىكى قىران دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەريا سۈيىنى ئوچۇمىغا ئېلىپ قېنىپ ئىچتى. ئېشەكنىمۇ سۇغاردى. پىرمەت ستارىمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار دەريا بويىدىكى چىملىقتا خېلى ئۇزاق ئۇخلىۋالدى. ئاندىن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى يۈرۈپ كەتتى.

ـ ئەي، ئۇلۇغ خاقان!ـ دەپ خىتاب قىلدى مەشرەپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ،ـ سەن ئادالەت قىلىچىنى ئوينىتىپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن خەلقىڭنى بىر قىلىچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغانىدىڭ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتقانىدىڭ. دىنىي بايراق ئاستىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭرى كۆتكەن ھەقىقىي بىرلىكنى، ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدىڭ. ھالا بۇ كۈنلەردە ئەۋلادلىرىڭ ھەقىقەت يولىدىن تېيىپ، بىرلىكتىن ۋاز كېچىپ، غاپىللىقتا چۆكۈپ، تەڭرىنىڭ بۇيرۇق ۋە خاھىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىدى!... ـ ئۇنىڭ مەڭزىگە ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، پېشىن ۋاقتى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى. بۇ شەھەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەشرەپكە يەر يۈزىگە سىغمايۋاتقان ھېكمەت جەۋھەرلىرى يىغىلىپ قالغان بۈيۈك بىر قارارگاھتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ مۈرىسىدىكى تەمبۇرنى ئېلىپ يەرگە قويدى ـ دە،

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىتكى

پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇشقا باشلىدى. پىرمەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. جاھانغا سىغمىغان ئىخلاسمەن مەشرەپ تەڭرى ئۆز ئالقىنى بىلەن سىلىغان بۇ ئەزىزانە شەھەردە ئۆز ئىخلاسىغا چىقىش يولى تاپماقچى ئىدى.

ئاتىسى موللا ۋەلى ئۇنىڭغا دائىم: "پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىستان ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاپاق خوجىدەك تەۋەررۇك، ئاتەشنەپەس ئەۋلىيا يوق. پۇرسەت بولسىلا ئۇلۇغ زاتنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇپ، خىزمىتىنى قىل، ئوغلۇم!" دەپ جېكىلەپ تۇراتتى. مانا ئۇ ئەمدى ئاشۇ ئۇلۇغ دەرگاھ بوسۇغىسىدا تۇرماقتا. نېسىپ بولسا مانا بۈگۈن پەرىشتىدەك ئاپاق خوجا ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، تەۋەررۇك پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرتىدۇ. ئۇ تومەن دەرياسىغا چۆمۈلۈپ تاھارەت ئالدى؛ ئاندىن دۇئا ـ تەكبىر بىلەن روھىنى پاكلاپ، "بىسمىللا" دەپ ئوتۇك پۈتىنى چامداپ ياۋاغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ناخشا توۋلىدى.

ئانقەدەر نۇرغا تولۇپمەن ئاسمانغا سىغمىدىم،
تاقى ئەرشى كۇرسىيۇ لەۋھى جاھانغا سىغمىدىم.
كىمگە سايەم چۈشسە ئول نۇرى يېقىن بولدى شۇ دەم،
دېتىرى روھىي قۇددۇستۇرمەن، زابانغا سىغمىدىم.
سايەئى ئادەمگە كەلدىم، نۇرى مەنى ئىزلىدىم،
جەننەتۇل پىردەۋسىدەك ئالىي ماكانغا سىغمىدىم.
بار ئىدىم نوھ ۋاقتىدا، غەرق ئەتمىدى توپانى ھەم،
ھەمراھى مۇسا بولۇپ تۇرى سىنانغا سىغمىدىم.
ئەللىك يىل ئەيسا بىلەن يۈردۈم ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ،
بائىسى بىر نۇقتىدىن: مەشرەپ زامانغا سىغمىدىم.

مەشرەپ قەشقەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ بولۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ دەرگاھىغا قاراپ يول ئالدى. دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيدە ئولتۇرغان، كونا سەللە ئورىۋالغان، مەللە چاپانلىق ئوتتۇرا ياشتىكى بىر ئادەم تەسۋى ساناشنى توختىتىپ دەرۋىشلەردەك ئاجايىپ خۇشخۇي يىگىتلەرنى ئىچكىرىگە باشلىدى.

خوجا ئاپاق جايلاشقان خانىقانىڭ ھويلىسى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇساپىرخانا، ئوتۇنخانا، ئاشخانا، ئاتخانىلار سېلىنغانىدى. تۆر تەرەپتە چوڭ زىكرىخانا،

سالامخانا بار ئىدى. خانىقانىڭ كەينىدىكى چوڭ ھويلىدا قەشقەرىيىنىڭ دىنىي داھىيسى ئاپاق خوجىنىڭ خوتۇنلىرى، كېنىزەك ۋە دېدەكلىرى تۇراتتى. موللا قاسىم يىگىتلەرنى پەلەمپەيدە قالدۇرۇپ، نەقىشلىك ئىشىكنى ئاستا ئاچتى ـ دە، سالامخانىغا كىرىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ۆتمەيلا كۆزلىرى ئىلھام نۇرى بىلەن چاقناپ تۇرغان مەشرەپ سالامخانىغا كىرىپ ئ اپاق غوجا ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك پەشلىرىنى سۆيۈپ، ئايىغىغا يىقىلدى. ئاپاق خوجا ئايىغىغا يىقىلغان يىگىتلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرىدىن سۆيۈنۈپ مەمنۇنىۋار كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇدى؛ ئاندىن ئوڭ قولىنى مەشرەپنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى.

ـ دەرگاھىمىز ئۆزىگە سەجدە قىلغان كۆزلەردىن غەپلەت پەردىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ساختىلىقتىن ئايرىۋالالايدىغان خاسىيەتنى ئاتا قىلغاي. ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسە يالغان. سەنمۇ، مەنمۇ، دۇنيادىكى ھەممىلا نەرسە تەڭرىنىڭ شولىسى... ئۆمۈچۈك ئاغزىدىن يىپەك چىقارغاندەك تەڭرىمۇ يوقتىن ساخاۋەت كۇرسىنى، زېمىنۇ ـ ئاسماننى ياراتقان...

ئاپاق خوجا دەبدەبە قىلىپ سۆزلەپ، ھاياجانلىنىپ تۇرغان مەشرەپنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالغان پېتى ئۇنىڭدىكى ئىچكى ئۆزگىرىشلەرگە پۈتۈن دىققىتىنى يىغقاندى. مەشرەپ پۈتۈن بەدىنى مومدەك يۇمشاپ، قاپاقلىرى تارتىشۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزىگە ئاغزىدىن يىپەك چىقىرىۋاتقان ئۆمۈچۈكلەر كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە، ئەتراپى قاراڭغۇلىشىپ ئىزىغىلا يىقىلدى. سالامخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈر باستى...

خانىقا خۇددى يوقاتقان ھالدا جەرە ـ ساماغا چۈشكەن مەللە چاپانلىق مۇرت ـ مۇخلىسلارنىڭ "ھۆم ـ ھۆم"لىرى بىلەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە گۈرۈلدەپ تىنمايتتى. ئەتراپىدىكى مۇھىتقا شائىرانە تۈس بېرىپ، ئۆزىنى جەننەتكە كىرگەندەك ھېس قىلغان مەشرەپ پىرمەت ستارى بىلەن بىرلىكتە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇندايتتى. ئوتۇن ياراتتى، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئالاتتى، داشقازان ئاستىغا ئوت قالايتتى. ئاپاق خوجا بىرەر ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەندە، قولىغا ساتارنى ئېلىپ بەزمە قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ياش كېنىزەكلەر باشلىرىدىكى چۈمبىلىنى قىيا ئېچىپ، مەشرەپنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا ھەۋەس بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ چوڭ خانىمىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان بىر كېنىزەك مەشرەپكە ئىچ ـ پەش تارتىپ قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى ناماز ۋاقتىدا ئاپاق خوجىغا تاھارەت سۈيى ئېلىپ چىقاتتى. مەشرەپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن چۆگۈن تۇتۇپ تۇرغان، قىزىل ياغلىقنى قىيا

www.kitaphumar.com

ئارتۇقالغان بۇ گۈزەل كېنىزەكنى كۆرگەندە بىرقىسىملا بوپ قالاتتىيۇ، ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ پىر مۇرشىدنىڭ خىزمىتىدىكى چاكارلارغا قاراشنى كۇپرانى نېمەت دەپ بىلەتتى. لېكىن كاساپەت كېنىزەك ئوت ئىدى، ئوت! ئۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق يىگىتنى كۆرگەندە باشقىچە ئېچىلىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كەچتە مەشرەپ ئوتۇنخانا ئالدىدا ئوتۇن يېرىۋاتقاندا كېنىزەك تۇت تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ مەشرەپكە يېقىنلاشتى.

- هارماي ئىشلەيدىكەنسىز،- دېدى ئۇ جان ئالغۇر كۆزلىرىنى مەشرەپكە ئوينىتىپ.

- پىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ساۋاپ تاپاي دەيمەن. هارماس بىر ئاللا. هارساممۇ چىدايمەن - دە!- مەشرەپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

مەشرەپنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىنى كۆرۈپ كېنىزەككە تېخىمۇ جان كىردى.

- دائىم ساۋاپ قوغلىشىپلا يۈرىدىكەنسىز. هاياتىڭىزدا گۇناھمۇ قىلغانمۇ سىز؟

- قىلغان... مەشرەپنىڭ كۆز ئالدىغا سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان دىلسوز كەلدى - دە، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ چىرايى دىلسوزگە قەۋەت ئوخشايتتى. مەشرەپنىڭ قەلبى ئازاب ئارىلاشقان بىر خىل مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ تۇرتكىسىدە داۋالغۇشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن ھېسسىياتىنى كۆزىگە يىغىپ قىزنىڭ كۆزلىرىگە بىر پەس سىنچىلاپ قارىدى. قىز بەرداشلىق بېرەلمەي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلرۇز ئىدى. مەشرەپ شۇنىڭدىن كېيىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

موللا قاسىم كېنىزەكلەرنىڭ مەشرەپكە قىزىقىپ قالغانلىقىدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ ئاپاق خوجىغا پۇراتتى. بۇ گەپلەر ئاپاق خوجىنىڭ قەلبىگە رەشك ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويدى ۋە مەشرەپنى ئەتىدىن باشلاپ يازلىق قارارگاھتىكى گۈلباغدا ئىشلەشكە بۇيرۇدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پىرمەت بىلەن مەشرەپ ئىككىسى گۈلباغقا بېرىپ ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ باغ جەننەتتەك گۈزەل ئىدى. باغنى ئاپاق خوجىنىڭ سادىق مۇرىتلىرىدىن بولغان شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى باشقۇراتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ۋەزىنىڭ قايماقتەك تاتلىق تىل بىلەن يېزىلغان غەزەللىرى ئارقىلىق پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كەتكەن شائىر ئىدى.

خىرقىتى گۈلباغنىلا باشقۇرۇپلا قالماي، يەنە ئاپاق خوجىنىڭ ئايغاقچىلىرى ۋە ماراقچىلىرىنىمۇ باشقۇراتتى. بىلال جامال، ساتىم قاراقچى، غەۋسوپى، لەزىز كاززاپ، ۋاھىد قەللاب، پىرمەت ئەنەغار، ئەسقەر سوتا، ئىبراھىم ئاقپەدەر، ئىلياس تىرتىق، قاسىم بېجىرىم،

www.kitaphumar.com

جالال ئۆپكە قاتارلىق بىر توپ ئايغاقچى ۋە ماراقچىلار ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەر زامان تەقبولۇپ تۇراتتى. بۇ ئايغاقچىلار ئاجىز مۆمىنلەر ئۇستىدىن خوجا ئاپاققا يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئورۇنسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە، ۋەھشىي قىيناقلارغا دۇچار قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەرنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەنىدى. قاچمىغانلىرى بولسا بىھۇدە تۆھمەتلەرگە ئۇچراپ ئەل ئارىسىدا سازايى قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىگۇناھ باشلىرى ئۇيات ۋە نومۇستىن بىھۇدە ئېگىلەتتى. ھەتتا نۇرغۇن ئەرلەر ئورۇنسىز تۆھمەتلەر تۈپەيلى ئاختا قىلىۋېتىلگەنىدى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئايغاقچىلار ھەققىدىكى شىكايەتلەر ياڭرايتتى.

مەشرەپ بىلەن پىرمەت بۇ باغقا كەلگەندىن كېيىن، ئالتۇن قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تىپىرلاپلا قالدى. باغ جەننەتتەك گۈزەل بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. باغ ئىچىدە قۇشلار كۆڭۈللۈك بەزمە قۇرۇشۇپ، تىنماي سايرىشاتتى. بىراق تەبىئەتنىڭ بۇ شادىيانە بەزمىلىرىدىن ھۇزۇرلانغۇدەك كۆڭۈلنى ئىزدەپ تاپماق تەس ئىدى. مەشرەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك باغ ئىچىدە جاپالىق ئىشلەيتتى. گۈلروزنىڭ يېقىملىق چىرايى، ئوتلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە مەشرەپ ئاخشاملىرى باغدىن غىپپىدە يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ گۈلروز بىلەن سالامخانىنىڭ كەينىدىكى دەرەخزارلىقتا "ئىلاھىي ئىشقتا يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك" ياساش بىلەن بەنت بولاتتى. ئۇلار ئۇچرىشىدىغانغا ھەممەيلەن نامازغا تۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتلارنى تاللايتتى. ھەتتا دەرۋازىۋەنلەرمۇ دەرۋازىنى تاشلاپ نامازغا كىرىپ كېتىدىغان بۇنداق پەيتلەردە ئۇلارغا خانىقانىڭ ئەتراپى ئوۋچە قالاتتى. ياش كېنىزەكنىڭ لەۋلىرىدىن مۇھەببەت شارابىنى تېتىپ قالغان مەشرەپ ناماز - نىيازنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ جەننەتتىكى ھەۋزى كەۋسەر شارابىدىنمۇ ۋاز كەچكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان دەپ ھېسابلىسىمۇ، ۋۇجۇدىنىڭ زور بىر قىسمىنىڭ ھامان ۋۆز ئەقىدىسىگە بوي بەرمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

بۇ كۈنلەردە مەشرەپنىڭ خوجا ئاپاقتىن ئىخلاسى قايتىپ قالغانىدى. نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلقى تۆت. قەشقەردىمۇ يەنە تەڭسىزلىك، زۇلۇم - ستەم ھۆكۈم سۈرمەكتە.

مەشرەپ گۈلباغقا كەلگەندىن كېيىن شائىرلىقى بېشىغا بالا بولدى. مەشرەپكە ھەسەت قىلىۋاتقان خىرقتى ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزلەپ ئىزىغا دائىم ئادەم سېلىپ قوياتتى. مەشرەپ بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئازغاشتۇرۇۋېتەتتى. خىرقتى ئۇنى يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئاپاق خوجىغا چېقىشتۇرۇپلا يۈرەتتى. مەشرەپ بىلەن پىرمەت ئىككىسى شۇ سەۋەبتىن دائىم

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جازاغا ئۇچراپ تۇراتتى.

مەشـرەپ ئـاچچىقنى نەزمە بىـلەن چىقىراتتـى. ئـۇ ئەمـدىلىكتە ئايغـاقچىلارنى، سۇخەنچىلەرنى ھەجۋىي قىلىـدىغان شـېئىرلارنى يېزىـپ، پـات - پـات جامائەتكە ئوقـۇپ بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالدى. پىرمەت سىتارى ئاتەشنەپەس ئۇستازى ئوقۇغان نەزمىلەرنى خـاتىرىلەپ، "دەپـتەرى ئەشـارى كـالان" دەپ بىـر دىـۋان تـۈزدى. مەشـرەپنىڭ ھەجـۋىي مىسرالىرى ئەل ئارىسىغا تېزلا تاراپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ خىرقىتى ۋە ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى دەرغەزەپ بولۇشتى. بىـر قېـتىم مەشرەپ بىـلەن پىرمەت ئاپاق خوجىنىـڭ ئىشى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە، خىرقىتى ئۇلارنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ۆيىنى ئاختۇرۇپ، دىۋاننى تېپىۋالدى - دە، ئاپاق خوجىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇلار سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر جۈمە كۈنى ئاپاق خوجا قەشقەردىكى مۇرىـت - مۇخلىسـلىرىنى خانىقاغـا يىغىـپ ۋەز - نەسـىھەت قىلـدى ۋە ئاخىرىـدا مەشـرەپنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ سوراق قىلدى.

- ئەي بەتقىلىـق، ئەشـارى تەۋەرۇكنـى بۇلغـاپ بىـمەنە، ناشـايان سـۆزلەرنى قىلىـپ يېزىپسـەنغۇ؟ پىقىـر ۋە سـادىق مۇخلىسـلىرىم ھەققىـدە ئاغزىڭغـا كەلگەننـى بىلجىرلاشـتا خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ، بەندىدىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ يـا سـەردارى ئىشـراقىيىۇن، ئەھلـى ھـىرقە پىشۋاسى خىرقىتى، بۇ بەتقىلىقنىڭ ئىلكىڭىزدە بولمىش "دەپتەرى ئەشارى كـالان"دىـن بىـر نەزمە ئوقۇغايسىز. بۇ يەردە ھازىر بولغۇچىلار ئۇنىـڭ نەزمىلىرىنـى ئـاڭلاپ، كۇپۇرلـۇق بابىـدا قايسى دەرىجىگە يەتكىنىنى بىلىپ قالغاي ۋە ئۇنىڭغا مالامەت تاشلىرىنى ياغدۇرغاي!

ئاپـاق خوجىنىـڭ ئىشـارىتى بىـلەن خىرقىتـى مەشـرەپنىڭ "دەپـتەر"ئىنـى ۋاراقـلاپ، ئـاۋازىنى بولۇشـىغا قويۇۋېتىـپ، بوغۇلـۇپ تـۇرۇپ ئۇنىـڭ ئـاللىبۇرۇن تـاللاپ قويغـان نەزمىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. جامائەت تەشۋىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە بىر مەشرەپكە، بىر خىرقىتىغا قارىشىپ داڭ قېتىپ قېلىشتى. خىرقىتى ۆزى تاللاپ قويغان نەزمىلەرنـى ھەدەپ ئوقۇۋاتقا ئىدى:

دىلىمنى نېمتە ئەيلەپ بەس، ماڭا سالدىڭ جۇدالىقنى،
ساۋۇردۇڭ، يەلگە بەردىڭ، ھەي، بۇ ئەھدۇ ئاشنالىقنى.
سەن، ئەي خىرقەت، نەسىھەتنى بېرىپ ئىتلار ئارا قىلغىن،
جاھاندا كۆرمىدى ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى.
زالالەت پىشەلىغنى ئەھلى جىنلار سىزدىن ئۆرگەنگەي،

www.kitaphumar.com

مۇناپىق، بەدپىسەندلىك ھەم تاماگەر، روسىيالىقنى.
رىياتائەت قىلىپ كۆندۈزلىرى ئۆزىن دىبان مۇرشىد،
كېچىدىن تاڭ قەدەر قىلغۇڭ ئۆزۈڭدەك يۈز قارالىقنى.
ھەمە ئەلنى خاراب ئەيلەپ، تەزەللۇم پىشە بولمىشسەن،
سىېنىڭ پىرىڭ قىلۇر ئاخىر مەگەر دەئىۋى خۇدالىقنى.
نەچە مەزلۇم خالايىقنىڭ كۆزىن ياشلاپ، بۇ مەشرەپتەك،
نېسىپ ئەتكەي ساڭا ئاخىر خۇداۋەندە گادالىقنى.

نەزمە ئوقۇلۇپ "سىېنىڭ پىرىڭ ئاخىر خۇدالىق دەۋاسى قىلىدۇ" دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاپپاق خوجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. خالايىقمۇ ياقىسىنى چىشلەپ، تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇشقا باشلىدى. خىرقىتىنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغۇسى بار ئىدى. بىراق دەرغەزەپ بولغان ئاپپاق خوجا: "بولدى، بەس!" دەپ توختىتىپ قويىدى.
ئاپپاق خوجىنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك چاقناپ، مەشرەپكە مىختەك قادالدى.
- ئەي مەشرەپ، پېقىر ۋە سادىق مۇرىتلىرىم ھەققىدە مۇنداق ھاقارەتلىك نەزمىلەرنى يېزىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ جامائەت ئالدىدا تۆۋە قىلىپ، گۇناھىڭنى يۇغايسەن!
مەشرەپ ئاپپاق خوجىغا ئالىپتە قىياپەتتە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جاۋابەن سۆزگە كىرىشتى.
- يا پىرىم، مەيلى نېمىلا دېمەي، ھەق گەپنى قىلدىم. تۆۋە قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەسمەن. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق مەغرۇر، سۆزلىرى شۇ قەدەر قەتئىي ئىدى.
مەشرەپنىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ دەرغەزەپ بولغان ئاپاق خوجا دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، "دەپتەرى ئەشارى كالان"نى ئوتقا تاشلاشقا، مەشرەپكە قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. پىرمەت ستارىنىمۇ مەشرەپكە ھامىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇت - قوللىرىغا كويىزا - كىشەن سېلىپ بىر ئاي زىندانغا سولىدى.
پىرمەت ستارى زىنداندىن چىققاندا مەشرەپنى قەشقەردىكى ۋەيرانە بىر قەلەندەرخانىدىن قان تۈكۈرۈپ، ئاغرىپ ياتقان ھالەتتە تېپىۋالدى. ئۇ پايلاقچىلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغانىدى.خوجامقۇلى خىرقىتىنىڭ مەشرەپنى ئەل ئارىسىدا شەرمەندە قىلىش ئۈچۈن قىلمىغان - ئەتمىگەنلىرى قالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاباھەتلىك ۋاستىلەرنى تاللاشتىنمۇ باش تارتىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ تېخى مەشرەپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ۋزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئۆز

www.uyghurkitap.com


شۆھرىتىنى ئاشۇرماقچى بولدى. بىراق قەشقەرنىڭ خۇداگۇيى، سەممىي خەلقى بۇ بىپىتلارنىڭ خىرقىتىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا ئىشەنمىدى. چۈنكى بۇ شېئىرلار خىرقىتىنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرە، خىرقىتى ئاپاق خوجىغا چىقىشتۇرغان شېئىرلارغا بەكرەك ئوخشاپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا يەكەندىكى ئىسمائىلخاننىڭ ئابرۇيلۇق شائىرلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشى ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مەشرەپ ئۈچۈن دەۋاگەر بولدى. ئۇلار مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىنى خىرقىتىنىڭ كۆچۈرۈۋالغانلىقى ئۈستىدە ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈشۈپ، خىرقىتىنى مات قىلىپ قويۇشتى. بۇ دەۋاگەرلەر ئۇزاقتىن بېرى مەشرەپنىڭ شېئىرىغا مەھلىيا بولۇپ يۈرگەنلەر ئىدى. "ئوغرىلىغان دۇمباقنى چالغىلى بولمايدۇ!" دېدى ئۇلار خىرقىتىغا بىر ئېغىزدىن تەنە قىلىپ.

7

ھەممەياق جىمجىت، جامائەت خانىقاغا كىرىپ كەتكەنىدى. مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى ئاپاق خوجىغا ئىقتىدا قىلىپ نامازشامنى ئوقۇماقتا ئىدى. يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلغان بۇ چاغدا خانىقانىڭ كەينىدىكى دەرەخزارلىقتىمۇ ئىككى گەۋدە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار قاراڭغۇلۇق چۈشۈشى بىلەنلا خۇددى ۋىزنى ئوتقا ئاتقان پەرۋانىدەك بىر ـ بىرىنىڭ قۇچاقلىرىغا ئېتىشتى. ھەر ئىككىسىلا بىر قەدەھتىن شاراب ئىچكەنىدەك مەست ـ ئەلەس بولۇشقان بولۇپ، ئەتراپتىكى ھېچنەرسىنى كۆرمەيتتى. قۇلاقلىرى بالدەك شېرىن سۆزلەردىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمايتتى. شۇ چاغدا تىمىسقىلاپ كېلىپ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ماراپ تۇرغان لەزىز كاززاپ بىلەن ۋاھىد قەللاب چاچراپ چىقىپ ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتتى. ئۇلار مەشرەپنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئوتۇنخانىغا سولاپ قويۇپ، گۈلروزنى چېچىدىن سۆرەپ خانىقاغا ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. مەشرەپ قۇربان قىلىنىش ئالدىدا باغلاپ قويۇلغان قويدەك تىپچەكلەپ كەتتى.

ئاپاق خوجا ۋەقەدىن خەۋەردار بولسىمۇ ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك ۋەزمىن ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇ تېخى ئىچىدە ئاجايىپ ياخشى ئۆچ ئېلىش پۇرسىتى كەلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي سالامخانىغا چىقتى. ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان يۈزىدە ياسالما ئۇلۇغۋارلىقتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يوشۇرغان بولۇپ، چىرايى پىتىپ كېتىۋاتقان قۇياشتەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ۋەز

كۇرسىغا ئولتۇرۇپ كەشمىر چاپانىنىڭ پەشلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلاپ، گۇناھكار يىگىتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ساتىم قاراقچى بىلەن قاسىم بىجىرىم قولى كەينىگە باغلانغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مەشرەپنى سۆرىگەن پېتى سالامخانىغا ئېلىپ كىردى. مەشرەپ ئاپاق خوجىغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

- جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس،- دېدى ئاپاق خوجا سۆرلۈك ئاھاڭدا، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ، گويا ئادالەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان پادىشاھتەك ئويغا پاتتى. رەشىك ئوتىدا كۆيگەن يۈرىكى "مەشرەپنى دەرھال تاغارغا سولاپ مۇناردىن تاشلىۋەت!" دەپ تۇرسىمۇ، ئەقلى "ئالدىرىما، بۇ يالاڭتۆش شائىرنىڭ جامائەت ئارىسىدا مۇخلىسلىرى كۆپ. ۋلتۇرۇۋەتسەڭ ئۇنى ئەۋلىيا دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ، سەن ئەۋلىيانى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئايلىنىپ قالىسەن" دەپ خىتاب قىلاتتى.

ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ـ دە، يانچۇقىدىن مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىسىدىن ئىشلەنگەن تامغىنى ئېلىپ، قاسىم بىجىرىمگە ئوتتا قىزىتىپ كېلىشكە بەردى.

- شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈپ، گۇمراھلىق يولىغا ماڭغان بۇ بەندە ئۆلۈمگە لايىق،- دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ،- بىراق بىز قىساس ئېلىشنى ئەيىب، ئەپۇ قىلىشنى ھۈنەر دەپ بىلىمىز. شۇڭا ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتۇق. ئەمما جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇشمۇ شەرىئەتكە خىلاپ. شۇڭا بۇ پاسىق يىگىتنى ئەرلىكىدىن مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدۇق!

ئاپاق خوجا قاسىم بىجىرىم قىزىتىپ كەلگەن، چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن تامغىنى سېپىدىن تۇتۇپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئايغاقچىلار تەرىپىدىن باشلىرى ئەگدۈرۈلگەن مەشرەپنىڭ ئەسەپ تۇمۇرىغا كۆچەپ باستى. مەشرەپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. يىقىلىش ئالدىدا دەھشەت بىلەن چىرقىراپ كەتتى. سالامخانىدىكىلەر قورقۇپ غال ـ غال تىترەشتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن مەشرەپ ئەسلىگە كېلىپ، ئاستا ـ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت قالمىغان، چىرايى ئۆششۈك تەگكەن يوپيۇرماقتەك ساپسېرىق ئىدى. پىرمەت ئۇنىڭغا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ تەسەللى بېرەتتى. پۈتۈن دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنگەن مەشرەپكە ھېچنەرسە تېتىمايتتى. ياخشى سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايتتى. "مېنى پاسىق دەپ ئەرلىكىمدىن مەھرۇم قىلغان ئاپاق خوجىنىڭ ۆزى تېخى كۈندە بىر كېنىزەك بىلەن نۆۋەتلىشىپ زىنا قىلىپ چىقىدۇ، تۇفى!". مەشرەپكە ۆزى ئەقىدە قىلىپ نەمەنگاندىن ئىزلەپ كېلىپ قول بەرگەن، ھەممە ئادەم ئەۋلىيا دەپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلغۇچى، ئىچى قارا مەلئۇن ۋە مۇناپىق بولۇپ چىققانلىقى قاتتىق ئەلەم قىلغانىدى.

8

شۇ زاماندا قەشقەردىكى داڭلىق سازەندە ئۇستاز مۇھەممەد سىدىق ئەنجانى تەمبۇرى مەشرەپنىڭ يالقۇنلۇق غەزەللىرىگە قەشقەر مۇقاملىرى ئۇسلۇبىدا مۇڭلۇق ئاھاڭلارنى ئىشلەپ ئەل ئىچىدە تارقىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەشرەپنىڭ نامى پۈتكۈل قەشقەرىيە تەۋەسىگە پۇر كەتتى. ساددا خەلق ئاپاق خوجا بىلەن قىرىشقاندەك مەشرەپنى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، "ساھىب كارامەت ئەۋلىيا" دەپ ئاتايدىغان، ئۇنىڭغا غايىۋانە تەلپۈنىدىغان بولۇشتى.

ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولغاندىن كېيىنكى مەشرەپ ئىلگىرىكى مەشرەپكە زادى ئوخشىمايلا قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلگىرىكى ئەقىدىسىنىڭ ئورنىنى مانا ئەمدى خۇدادىن باشقا ھېچنېمىنى مەنسىتمەيدىغان ئىسيانكارلىق، ئىلگىرىكى ئىتائەتمەنلىك ئورنىنى مانا ئەمدى ئەسەبىيلىك ۋە تەلۋىلىك ئىگىلىگەنىدى. پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئازابلىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇ بەڭ چېكىدىغان بولۇۋالدى. روزا، ناماز، نىياز دېگەنلەرنىمۇ ئۇنتۇدى. ھەتتا ئۇ بەزىدە دۇنيانىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. يول بويى تىنماي ناخشا توۋلايتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنتۇلۇپ، يەر يۈزىدە پەقەت ئاشۇ سەبىي ھەرىكەتلا قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھېچ نەرسىنى مەنسىتمەستىن يېرىم ـ ياتا بېھوش ھالەتتە، ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىلا ياشايدىغان بولۇۋالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ خىيالىي دۇنيادىلا، بېھوش ھالەتتىلا تەڭرىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلالايتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىۋالغان بۇ دۇنياسى ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىدى. ئەتراپىدىكى رېئاللىق، ئوڭىدىكى دۇنيا بولسا ناھايىتى مۇدھىش، قاباھەتلىك، ئىپلاسلىق ۋە رەزىللىكلەر بىلەن تولغان بىر ساختا دۇنيادەك بىلىنەتتى ۋە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تىكەنلەشتۈرەتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقىي دۇنيا، ياشاشقا ئەرزىيدىغان دۇنيا ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىدى. تاشقى دۇنيا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

مەشرەپ بىلەن پىرمەت سىتارىنىڭ ئاپاق خوجا ياشاۋاتقان قەشقەرنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇلار بېشى قايغان، پۇتى تايغان پەدىگە بىر يۈرگىنىچە ئالاھەزەل ھەپتە ـ ئون

كۆڭلەردىن كېيىن يەكەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. مەشرەپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرە - كىرمەيلا دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان كاززاپلارنى قامچىلايدىغان ناخشىلارنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاھ دىلىمدا زاھىدا، مەسجىدۇ مۇنبەرىڭ كۆيەر،
قاچمىساڭ ئەمدى زاھىد تەسبىھۇ دەپتەرىڭ كۆيەر...

"ساھىبكارامەت ئەۋلىيا" مەشرەپنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تارىختىن بۇيان ئۆلىمالارغا ئىخلاس قىلىپ ئادەتلەنگەن يەكەن خەلقىنىڭ قەلبىدە زىلزىلە قوزغىدى. غۇلغۇللار كوچا - كويلارغا، ئۆي - ئۆيلەرگە شىددەت بىلەن يېيىلىپ كەتتى. يەكەن خانى ئىسمائىلخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنى يىغىپ، يەكەندىكى مەرتىۋىلىك دىنىي زاتلارنى توپلاپ قارشى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا جىددىي تەييارلاندى.

مەشرەپ پىرمەت ستارنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى - دە، ھاردۇق يېتىپ كەتكەچكە، دەرۋازا يېنىدىكى ئەسكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭجا بۇ ئىككيلەننىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىگە ۋە ۋەيرانە قىياپىتىگە قاراپ ئۇلارغا ئادەتتىكى بىر ياتاقنى ئېچىپ بەردى. مەشرەپ ياتاققا كىرىپلا چىلىمنى قولغا ئېلىپ بولۇشىغا بەڭ چەكتى. پىرمەت چىلىمغا تارىشا گۈگۈت بىلەن توختىماي ئوت يېقىپ تۇردى. مەشرەپ ھايال ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى. پىرمەتنىمۇ مۈگدەك باسقىلى تۇردى.

پىرمەتنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋىدى، دەڭجا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى ۋە خىرىلداپ تۇرۇپ پىرمەتتىن گەپ سوراشقا باشلىدى.

- ھەي يولۇچى، ئىسمىڭ نىمە؟

- ئىسمىم پىرمەت ستارى،- پىرمەت ئەجەبلىنىپ قالدى.

- مۇنۇ ئۇخلاپ قالغان ھەمراھىڭنىڭچۇ؟

- ھەزرىتى بابارەھىم مەشرەپ!

دەڭجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاران ئېسىگە كەلدى - دە، دەرھال چىقىپ كېتىپ ئىككى چاكىرىغا تاۋار كۆرپە - يوتقان ۋە چىرايلىق گىلەملەرنى كۆتەرتىپ قايتىپ كىردى.

پىرمەت يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

www.kitaphumar.com

- قاراڭ، ھۆرمەتلىك يولۇچى، بايا مەن بەك سەت ئىش قىپتىمەن. ھەزرىتىمنىڭ ۋە سىلىنىڭ ئۇلۇغ زاتلاردىن ئىكەنلىكلىرىنى تونۇماپتىمەن. ئەپۇ قىلىشقايلا.

چاكارلار ئۆي ئىچىگە گىلەملەرنى يېيىپ، ئۇخلاپ قالغان مەشرەپنى ئېسىل تۆشەكلەرگە يۆتكىدى. چاكارلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەڭجا پىرمەتتىن يەنە يېنىش - يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى - دە، ئوردىدىن مەشرەپنىڭ خەۋىرىنى ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن نۆكەرلەرنى ۋېگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغان مەشرەپكە ۋە پىرمەتكە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

كەكە ساقال دەڭجا مەشرەپ ئويغانغىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. بىردەم ئۇنى يەلپۈپ، چىۋىنلەرنى قورۇيتتى. بىردەم ئۆي ئىچىدىكى توپا - تۇزانلارنى ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ سىرتقا ھەيدەيتتى. بىردەم پىرمەتنىڭ ئالدىغا تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزاتتى.

ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە ئاش ۋاقتى بولغانىدى. مەشرەپ كۈن چىڭقى چۈشتىن قايرىلغىچە مىدىرلىماي ئۇخلىدى. ئاخىر ئىسمائىلخاننىڭ بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يەتكەندىلا پىرمەت ئامالسىز ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتى.

مەشرەپ ئويغانغاندىن كېيىن تېگىدىكى ئېسىل يوتقان - كۆرپىلەرگە ۋە زىلچىلارغا قاراپ ھەيران قالدى. ئەتىگەندە چەككەن بەڭنىڭ تەسىرى تېخى يوقالمىغانىدى. ئۇ تام تەرەپكە قاراپ، يەكتەكنى دالدا قىلىپ يوتقان - كۆرپىلەرگە جوقرىتىپ سىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پىنھان يېرىمۇ ھازىر سىيىشتىن باشقىغا يارىمايتتى.

- ھەزرىتىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟- دېدى پىرمەت تولىمۇ ئەجەبلىنىپ.

دەڭجا بولسا ئىزا - ئاھانەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ، تاتىرىپ كەتتى.

- بۇنداق ئىززەتكە شۇنداق سىيىمەك كېرەك!- دېدى مەشرەپ ئىشتانىنىڭ ئىشتانبىغىنى يىغىۋاشتىن ئىتىۋېتىپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دەڭجانىڭ ئەتىگەنكى قوپال مۇئامىلىسى ۋە سۆرۈن تەلەتى تېخى كەتمىگەنىدى.

دەڭجا چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا خان ئالىيلىرىنىڭ يەكەندىكى ئۆلىمالارنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەزرەتلىرىنى قارشى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ۋە شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. مەشرەپ ئويلىنىپ قالدى: يەكەندىكى ۋلىمالار ئىلگىرى ئاپاق خوجا ھۇزۇرىغا مەشرەپ ئۈچۈن دەۋاگەر بولۇپ بىرىپ، ئۇنى ئاقلىغان ۋە خىرقىتىنى شەرمەندە قىلغانىدى. يەكەن خانى ئىسمائىلخان بولسا مەشرەپنى ۋمۇرلۇك

ئازابقا دۇچار قىلغان مەلۇن خوجا ئاپاقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. مەشرەپ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ خاننىڭ ئالدىغا چىقتى. يىراقتىكى ئاۋام ئالدىدا ئارغىماق ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان ئىسمائىلخان ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇدۇر چاچلىق، قوشۇما قاشلىق، ساقاللىق، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان يىگىتنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشتى ۋە نەچچە ئون قەدەم چامداپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىشىپ سالام بەردى. مەشرەپمۇ كەمتەرلىك بىلەن جاۋاب تەزىم بەجا كەلتۈردى. توپ تەۋرەپ كەتتى. قارشى ئېلىشقا چىققان ئاما كوچىدا سەلدەك ئاقاتتى. كۆرۈشۈش ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت داۋاملاشتى. مەشرەپنىڭ قوللىرى تېلىپ زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىغاندا، ئاندىن كۆرۈشۈش ئاياغلاشتى.

خان ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. مەشرەپ كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىپ توپنىڭ ئالدىدا ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

مەشرەپ شەنىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتلەر، بەزمىلەر، ھەلقە - سۆھبەتلەر بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتى. مەشرەپ زىياپەتلەردە ئۆز شېئىرلىرىغا ۋزى ئاھاڭ سېلىپ ئېشلىگەن غەزەللەرنى قانماي تىڭشىغان، زىياپەت ئەھلىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، قەلب تەشنالىقلىرىنى قاندۇرسا، ھەلقە - سۆھبەتلەردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى چۈرىدىگەن ھالدا ياللۇنلۇق ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ، يەكەندىكى دىنىي زاتلارنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرىنى تەۋرىتىپ تاشلىدى. ئاپاق خوجا ۋە ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى دىنىي نىقابقا ئورىنىۋالغان، مال - دۇنيا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ تەكىرىنىمۇ ئۇنتۇغان، ئەلنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىش ۋە جەبىر - زۇلۇم سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كاززاپلارنى يەتكىچە قامچىلىدى. ئىسمائىلخانمۇ بۇرۇندىنلا ئاپاق خوجىنى ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەت دەپ قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بۇ قاراشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ ئاپاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدىۋېتىشكە ۋەدە بەردى. مەشرەپ خاننىڭ دانالىقىغا ۋە ساھىب تەدبىرلىكىگە، ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، دۇئا بەردى.

مەشرەپ خان بىلەن خوشلىشىپ، پىرمەتنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. خان ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلىۋېدى، پەقەت ئالغىلى ئۇنىمىدى. سوۋغىلارنىڭ ئىچىدىن بىر جۈپ كۆك ئېشەك، جەندە كۈلا ۋە كۆندۈرۈلگەن ئاق غازنىلا تاللىۋالدى. مىڭلىغان كىشىلەر يول بويى سەپ تۈزۈپ ئۇنى ئۇزاتقىلى چىققانىدى. مەشرەپ ناخشا توۋلاپ ماڭاتتى:

دۇنياغا كېلىپ بىلمەي، كۈلگە پاتە قالدىم،

www.kitaphumar.com

دەرمان يوقىدىن نېچە ئېغىز سۆز فاتە قالدىم.
كۆردۈمكى ئانى دۈشمەن روھۇتەن ئىكەندۇر،
لا ئوقى بىلەن ئىككى كۆزىگە ئاتە قالدىم.
زاھىد ماڭا بىر شىشە مەي، ساڭا نامازىڭ،
مىلك تەقۋانى بىر كاسەئى مەيگە ساتە قالدىم.
تا تەلۋىلىكىم شۆھرىتى ئالەمگە تولۇپتۇر،
بىر جىلۋىسىگە ئىككى جاھاندىن ئۆتە قالدىم.

مەشرەپ ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ جۇل ـ جۇل ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتكىلى تۇردى. ئەلنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى غايەت ئۇلۇغ ئىدى. مەشرەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قەلب كۆزىنى ئېچىپ قارىدى: ئۇلارنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى نېمىدېگەن ساپ! بىراق بىر بەندىگە شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئىخلاس قىلىشى ياخشى ئىقبالدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ خەلق تەڭرىنى قويۇپ بەندىگە چوقۇنۇشنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىدىغاندۇر؟ ئەجەبا، ئاپاق خوجىغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەر بۇلارغا يەتمىدىمۇ؟ مەشرەپ بىر ئىلاج قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى قايتۇرماقچى بولدى ـ دە، يول بويى: "خالايىق، سىلەرنىڭ زىيادە ئىخلاسىڭلاردىن مېنىڭ سۆيدۈكىم ياخشىراق!" دەپ ئۇن سېلىپ تۇۋلاپ ماڭدى. كىشىلەرنىڭ ئىخلاسى سوۋۇپ، بىر ـ بىرلەپ قايتىشقا باشلىغاندا، ئاندىن مەشرەپ يېنىك تىن ئالدى.

9

خوتەندە مازار ئارىلاپ، ئۆزىگە كامالەت ئىزلەپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ ئاخىر ئىمام جەفىرى سادىق مازىرى يېنىدىكى بىر توغراقزارلىقتا پىرمەت بىلەن يىغا ـ زارە قىلىشىپ خوشلاشتى. پىرمەت ھېچ قىلىپ ئۆز كامالىتىنى تاپالماي، ئاخىر پانى بولۇپ، تەڭرىگە تولۇق قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىختىيار قىلىپ قالغان مەشرەپنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنمىدى. چۈنكى مەشرەپ ئەزەلدىن دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى. مەشرەپ ئۇنىڭدىن نەمەنگاندىكى ئاتا ـ ئانىسى ۋە سىڭلىسىغا سالام ئېيتتى، شېئىرلىرىنى دىۋان قىلىپ تۈپلەپ، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىگە نەمۇنە قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇشنىلا تاپىلىدى. ھەر ئىككىيلەن ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرمىدى. پىرمەت ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئارقىسىغا

www.kitaphumar.com

بۇرۇلۇپ تېز - تېز مېڭىپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ مەشرەپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىششلىرىنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەندى.

مەشرەپ ئالىلبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كۆك ئېشەك ۋە ئاق غازنى ياد ئەتكەن ھالدا پىرمەتنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن قولىدىكى ئارغامچىنى توغراقنىڭ پەغەزدەك كۆندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىقىنىڭ ئۇچىغا چەگدى، يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بويىنىغا سالدى - دە، توغراقنىڭ بېلىگىچە يامىشىپ چىقىپ، ئارغامچىنى ئوتتۇرىسىدىن قىسقارتىپ مەھكەم چەگدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى. ئۇ يۇلغۇنلۇق ۋە يانتاقلىقلار بىلەن قاپلانغان پايانسىز يىراقلىقلارغا كۆزلىرى تالغىچە قىيماي قارىدى. ئاندىن توغراق پۇتىقىغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەگرىنىڭ نۇرانە سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى... مەشرەپ ئۆزىنى پەسكە تاشلىۋەتتى. ئارغامچىنىڭ ھالقىسى قىسقىراپ گېلىدىن بوغدى. "يىرىم مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇ ئالەمنى كۆرىمەن" دەپ ئويلىدى ئۇ.

دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى: توغراقنىڭ شۇنچە يوغان پۇتىقى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، مەشرەپنىڭ پالاق ئايىغ تاپىنى يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈك بوغۇلمىغانىدى. لېكىن ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. مەشرەپ ئەنە ئۆلىمەن، مانا ئۆلىمەن دەپ ئۇزاق كۈتتى. لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا كۆزىنى ئاچتى - دە، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگىپ قالغانلىقىنى، نەپسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىر خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

مەشرەپ قولىنى كۆتۈرۈپ ئارغامچىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ ھالقىسىنى بوشاتتى، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان توغراق پۇتىقىدىن ئارغامچىنى يەشتى. لېكىن توغراقنىڭ يوغان پۇتىقى تۈزلىنىپ ئەسلىگە كەلمەي، ئېگىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالايتەن ئېگىپ قويغان قىسماققا ئوخشاپ قالغانىدى. مەشرەپ قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراققا قاراپ، باقىي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىنى ئالغىلى ئۇنىمسا ئۇ يەرگە كەتكىلى بولمايتتى.

ئاردىن بىرنەچچە ئاي ۋتكەندە كىشىلەر تويپى خوتەن كوچىلىرىدا غەزەل ئوقۇپ يۈرگەن مەشرەپنى تونۇۋېلىپ، تۇشمۇ تۇشتىن ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار مەشرەپنى ئارىغا ئالغانچە سۇمبەدىكى قەلەندەرخانىغا كىرىپ كېلىشتى ۋە جەرە - سامانى قىزىتىۋەتتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە "سۇمبە"دىن "ھۆم، ھۆم، ھۆم!" قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي ئاڭلىنىپ

www.kitaphumar.com

تۇردى. ھاۋا لەرزىگە كېلىپ، شەھەر ئاسمىنى گۈرۈلدەيتتى. گويا خوتەن ئاشۇ بوغۇق، مۇڭلۇق، گۈكىرەك ئاۋازى بىلەن ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىشقاتقاندەك قىلاتتى. ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىكرى ـ سامانىڭ ئاخىرقى كۈنى شاھ مەشرەپ "سۇمبە"دىن غىيىپتە يوقالدى.

مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاپاق خوجا ھۇزۇرىغا مەشرەپ ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ خەۋەرلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئاپاق خوجا مەشرەپنىڭ ئامما ئارىسىدا شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان ئابرۇيىدىن، "شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا" دەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ يۈرگەنلىكىدىن ئېغىر تەشۋىشكە چۈشكەندى. مەشرەپنىڭ ئابرۇيى ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى ئىناۋىتى ۋە دىنىي تۈس ئالغان سىياسىي ئىمتىيازىغا كۈچلۈك تەھدىت ئىدى. ھەتتا ئاپاق خوجىغا مەشرەپ بارغانلا يېرىدە ئۆزىگە قارشى غەليان كۆتۈرۈشكە كەڭ ئاممىنى قۇترىتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا قەشقەردىكى پايلاقچىلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. خوتەن قازىسى ۋە باشقا يېقىنلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرۈشنى، پۇرسەت تاپسىلا قولغا چۈشۈرۈپ، قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان خىرقىتى مەشرەپنىڭ ئاتەشنەپەس شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىدە كېيىنكى كۈنلەردە جىن چېپىلىپ قالغاندەك باشقىچە بولۇپ قالدى ۋە ئىلگىرىكى خىرقىتىغا زادىلا ئوخشىماي قويىدى. ئۇ ئىلگىرى مەشرەپكە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپ، مەشرەپنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ۋەزىگە "گۇمنام" تەخەللۇسىنى قويۇپ، ئىلگىرىكى پوقنىمۇ ھالۋا قىلىپ كۆرسەتتىدىغان خوشامەتگۈي مىسرالىرىغا ئوخشىمايدىغان ئىسيانكار نەزمىلەرنى يېزىشقا كىرىشتى: "تېپىپ مەشرەپ يولىنى، تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام" دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىگە. شۇڭا بۇ قېتىم مەشرەپنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئايغاقچىلارنىڭ قاتارىدا خىرقىتى يوق ئىدى. ئەمما ئاپاق خوجىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

مەشرەپنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئايغاقچىلاردىن بىرىنەچچىسى قاغىلىق بىلەن گۇما ئوتتۇرىسىدىكى سايدىن پىرمەت ستارىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. پىرمەت مەشرەپنىڭ ۋەزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئېيتقاندا ئاپاق خوجا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى. ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارمۇ كار قىلمىدى. پىرمەت باشتىن ـ ئاخىر مەشرەپنىڭ باقىغا سەپەر

www.kitaphumar.com

قىلغانلىقىدا تۇرۇپلىشۋالدى. ئەمما ئاپاق خوجا ئۇنىڭ قازا تاپقانلىقىغا ھېچ ئىشەنمەيۋاتاتتى. ئاپاق خوجىغا مەشرەپنىڭ روھى ھەممىلا يەرنى كېزىپ يۈرگەندەك، ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغاندەك بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ پىرمەتنى يەنە زىندانغا بەنت قىلىپ تاشلىدى. ئۇنى تۇتۇپ كەلگەن ئايغاقچىلار بولسا پىرمەتنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇشاۋازراق كەلگەن ئىبراھىم ئاقپەدەرنى ئاپاق خوجا ئەل ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن شاھ مەشرەپنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئۆزىگە قارشى چىقىشقا ئۇرۇنىۋاتقان ساددا خالايىقنى گوللاشقا بۇيرۇغانىدى. ئىبراھىم ئاقپەدەر خوتەن كوچىسىدا ئۆزىنى "شاھ مەشرەپى سەرسەرى" دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىنى بوزۇپ ئوقۇغىلى تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتەن كوچىسىغا جىمجىتقىنا كىرىپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ مەشرەپ ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق كويىدا يۈرگەن مەشرەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، ئاچچىقىغا پايلىماي قالدى - دە، ئامالسىز ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئىبراھىم ئاقپەدەرنى رەسۋا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىبراھىم ئاقپەدەر مەشرەپنى كۆرۈپ، ئوڭسىلى ئۆچۈپ، قازىخانىغا قاراپ قۇيرۇقنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئۇ قازىغا بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىنى يەتكۈزدى. قازىمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كىرىپ تەرەپلەردىن يېتىپ كەلگەن شاھ مەشرەپ ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بايقىغان ۋە قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايغاقچى، غالچىلىرىدىن بىر نەچچىنى سوپى - دەرۋىشلەرچە ياساندۇرۇپ "سۇمبە"گە ئەۋەتتى. ئۇلار يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا "سۇمبە"دىكىلەرنىڭ غەلىيان كۆتۈرۈش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى. قازى خاتىرجەم بولۇپ قالدى ۋە بىر ئامال قىلىپ شاھ مەشرەپنى قەشقەرگە ماڭغۇزۇشنىڭ پېيىگە چۈشتى.

مەشرەپنىڭ "سۇمبە"دىن ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇشى بىكار ئەمەس ئىدى. قازى ئۇنىڭغا سوپىلارچە كىيىندۈرگەن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق پىرمەتنىڭ ئاپاق خوجا زىندانىغا بەنت قىلىنغانلىقىنى، مەشرەپنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىغا تەقەززا ئىكەنلىكىنى يەتكۈزگەنىدى. پىرمەتنى سېغىنىپ مەشرەپنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گېلىدىن غىزا ئۆتمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ غېپىدە قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. پىرمەتنى دېمىسە ھازىر ئۇنىڭ ئاپاق خوجىنى كۆرەر كۆزىمۇ يوق ئىدى!

www.uyghurkitap.com



نەمەنگان شەھىرىنىڭ كوۋلاچىلار مەھەللىسىدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان سوقما تاملىق ئاددىي ھويلىدا ئەما موماي بىلەن بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىز ياشايتتى. قورۇ گەرچە ئاددىي ۋە غېرىبانە بولسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت چىنىدەك پاك - پاكىز تۇراتتى. ئاپتاپ چىققان كۈنلىرى بولسا شورپىنىڭ يۈزىدىكى مايغا ئوخشاش يالتىراپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ۋىزىگە مەھلىيا قىلاتتى. ئۇلارنى كوۋلاچىلىقتا تايىنىپ بېقىپ كېلىۋاتقان بوۋاي نەچچە يىل ئىلگىرى ۋاقىتسىز قازا قىلغانىدى.

ساز چېلىش ۋە غەلىتە خىياللارنى سۈرۈشتىن باشقىغا قولى كەلمەيدىغان، تۈگمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان بەڭۋاش يىگىت بابارەھىم بولسا بوۋايغا قازايۇ قەدەر يېتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى. موماي بىلەن قىز كۈن بويى چاقنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىپ ئىگىرەتتى. بۇ گەرچە جاپاسىغا يارىشا ھوسۇل بەرمەيدىغان تايىنى يوق كەسىپ بولسىمۇ، لېكىن ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ سېرىقتال تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئاچ قويماي بېقىۋاتقان بۇ چاقتىن مىڭ مەرتىۋە رازى ئىدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مومايىنىڭ كۆزلىرى يىراقتىكى ئوغلىنى سېغىنىپ يىغلاۋېرىپ ئاخىر پۈتۈپ قالدى. ئەمدى بىر ئۆيىنىڭ غېمى قىزغىلا قاراشلىق بولۇپ قالدى. قىز مومايغا نىسبەتەن خۇدا ئۆزى ئەۋەتكەن شەپقەت پەرىشتىسى ئىدى. ئۇ مومايىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ غورىگۈل تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقىپ كېلىۋاتاتتى. موماي ئەما بولغىنى بىلەن كۆڭۈل كۆزلىرى ئارقىلىق ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن قىزىدىن باشقا بۇ دۇنيادا تارتىشىپ ئولتۇرىدىغان ھېچنېمىسى يوق ئىدى. تەقدىرنىڭ شامىلى يىراقتىكى ئوغلىنى تاسادىپەن ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىسا، قىزنى لايىقىدا بىر يىگىتكە ياتلىق قىلىۋالسىلا، ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم كېتىۋەرگەن بولاتتى. مومايىنىڭ ھاياتىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق مەقسەتمۇ يوق ئىدى. قىز بولسا "مەن تېخى كىچىك" دەپ ياتلىق بولغىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. ئوغلى ھەققىدە بولسا ناگاندا بىر ئەپسانىلەرنى ئاڭلاپ قالاتتى. موماي كېچە - كېچىلەپ ئوغلىنى ياد ئېتىپ يىغلايتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ ئوغلىنىڭ ھامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۆتكەن - كەچكەنلەر مومايغا ئوغلى ھەققىدىكى خىلمۇ خىل ئەپسانىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇنىڭ ئوغلى "ئەۋلىيا" قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى: "مۇبارەك پەرزەنتى بۇزرۇكۋارلىرى ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەنمىش. بارغانلا يېرىدە مۆمىنلەر ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ھۆ تارتىپ يىغلارمىش. بۇ مۇبارەك زاتى ئالىيلىرى

ئـۆزىگە 9شـاھ قەلەنـدەر مەشـرەپنى سەرسـەرى: دېـگەن ئىسـمى ـ شـەرىپىنى مۇناسـىپ كۆرگەنمىش. بۇ ئىسمنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ، ئىككى مۇرىسـىگە ھـۇرەرمىش...". بۇنـداق خەۋەرلەرنـى ئېلىـپ كەلگۈچىلەرنـىڭ بەزىلىـرى ھەتتـا ئالدىـدا تۇرغـان بىـر ئەبگـا موماينـىڭ "ئەۋلىيـا شـاھ مەشـرەپ"نـىڭ ئانىسـى ئىكەنلىكـىگە ئىشەنمەيمۇ قالاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىـدە ئۇنـداق كاتتا ئەۋلىيالار كـۆز ئالدىـدىكى بـۇ ۋەيـرانە سوقما تامنىڭ ئىچىدە، يەنە كېلىپ پۇدىسلا ئۇچۇپ چۈشـكىدەك ئـاۋاق بىـر ئەمـا موماينـىڭ تۇغۇلماسلىقى كېرەك ئىدى.

مومـاي دەسـلىپىدە ئوغلىنـىڭ ئەۋلىيـالىق ماقامىغـا يەتكەنلىكـىگە ئىشـىنەلمىدى. ۆز ۋاقتىدا ئورنىغا سىيىپ ـ چىچىپ ياتىدىغان بىر بوۋاق، زىنا ئۇستىدە تۇتۇلۇپ قېلىپ يۇرتىدا تۇرالماي جاھانكەزدى بولۇپ چىقىپ كەتكەن بىر كەپسىز يىگىـت، ئەجەبـا مانـا ئەمـدىلىكتە بىراقلا ئەۋلىيا بولۇپ قالسا ـ ھە؟! بىراق ئارقا ـ ئارقىـدىن ئـۇزۇلمەي كېلىـۋەرگەن خەۋەرلەر ئۇنـىڭ گۇمـانىنى بىتچىـت قىلىـۋەتتى. مومـاي ئـاخىرى ئوغلىنـىڭ ئەۋلىيـا ئىكەنلىكـىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولـدى ۋە ئوغلىغا چىتىشلىق بولغـان ئەسلىمىلەردىن ئۇنـىڭ ئەۋلىيـا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان يوچۇقلارنى تېپىشقا تىرىشتى. "ئۇنـىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكى تېخى تۇغۇلماستىنلا چۈشـۈمگە ئايـان بولغـان ئەمەسـمىدى؟" دەيتتـى ئـۇ ئـۆز ـ ئـۆزىگە پىچىـرلاپ، "باققالنىڭ ئۈزۈمنى يەپ قويۇپ بىر ئەۋلىيانى تۇغماي قالغىلى قىل قاپتىمەن...". كېيىنكى كۈنلەردە مومايمۇ ھەتتا ئوغلىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى: "ئوغلۇم قايتىپ كېلىپ ئەۋلىيالىق نەزىرىنى تاشلىسا كۆزۈم روشەنلىشىدۇ".

"نـېمە ئۈچـۈنكىن، كۆڭلـۈم ئېغىـپلا تۇرىـدۇ" دېـدى بىـر كـۈنى يېـرىم كـېچىگىچە ئۇخلىيالماي چىققان موماي ئۇيقۇغا كەتكەن قىزىنى نوقۇپ تۇرۇپ ئويغىتىپ: "سەگەك يـات قىـزىم، ئاكـاڭ كېلىـپ قالسـا ئەجەب ئەمەس، كۆڭلـۈم بىـر بىشـارەتنى تۇيۇۋاتىـدۇ. ئەگەر ئـۇ كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئىشىكتە تۇرۇپ قالمىسۇن..." موماي قىزىغا سەگەك يېتىشنى يېنىش ـ يېنىشلاپ جېكىلەپ ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى. قىزنىڭ بولسا ئەمدىلىكتە ئۇيقۇسى قاچقانىدى. تۈگـلۈكتىن ماراۋاتقـان ئالقـانچە ئاسـمان خىـرە ـ شـىرە سـۇزۇلۇۋاتاتتى. توسـاتتىن ئىشـىك تۈۋىدە ئېشەكنىڭ پۇشقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا تەمبۇر مۇڭلۇق ئاۋازدا سايراشقا باشلىدى؛ بىراۋ تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

قۇۋۋانغىن ئەي ئانا، ئاخىر غېرىب بولغان بالاڭ كەلدى...

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

موماي چۆچۈپ ئويغاندى. قىز ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلدى. جۇل - جۇل كىيىملىك مەشرەپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ قانمىدى. يېنىدا رايىشلىق بىلەن قاراپ تۇرغان پىرمەت ستارىنىمۇ ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بايقىمىدى. مومايىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغىلى تاس قالدى. پىرمەت ستارىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئاپاق خوجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ۋە جۇڭغارلارنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىلگەن "غالچا يىگىت"لەر قاتارىدا ئىلىدىكى قونتەيجىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن مەشرەپ، نەمەنگانغا ئاپاق خوجىنىڭ قولىدا ئېرىشەلمىگەن ھۆرلۈككە ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ باغرى ئېرىگەن قونتەيجىدىن ئېرىشىپ قايتىپ كەلگەنىدى. نەمەنگاندىمۇ ئۇزۇن تۇرمىدى. نەمەنگاندا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىشلاردىن پەقەت ئىككىسىلا ئۇنىڭ ئېسىدە قالدى: بىرى، ئانىسى سەلىمخان بىلەن كۆرۈشكىنى؛ يەنە بىرى، موللا بازاراخۇننىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىنى. ئۇ موللا بازاراخۇننىڭ قەبرىسىدە ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ياتتى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسىنى پىسەنتىگە ئالمىغان ھالدا ئىچىنى تىڭشاپ چىقتى. موللا بازاراخۇن بىلەن خىيالەن مۇڭداشتى. لېكىن بۇ تۈگمەس سۆھبەتلەردىن مەشرەپ قانائەتلەنگىدەك جاۋاب تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ قولىدىكى چىلىمنى، باشلىرىغا ھەرىدەك ئۇۋا سالغان خىياللىرى بىلەن قوشۇپ بىراقلا چۆرۈۋەتتى - دە، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئانىسى بىلەن خوشلاشتى. مەشرەپ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاقتۇرغان ياشلىرىغىمۇ ئېرىپ كەتمىدى: "جېنىم ئانا، ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس، مەن پەقەت ئاللانىڭ خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلغۇچى بىر بەندىمەن، سەپەر تىزگىنىنى تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان بىر سەيياھمەن، خالاس".

شاھ مەشرەپ پىرمەت ستارى ۋە ۋزىگە نەمەنگاندىن قوشۇلغان ئىسمەت قەلەندەر، شىرزاد سۈبھى، تۇرسۇنبابا مەقامى، ئەشرەپ قەلەندەر، ئاقىل كوسا، مىرزا رەھىم ساقى، ئابىد شىللىق قاتارلىق يەتتە نەپەر مەشھۇر قەلەندەرنى ئەگەشتۈرۈپ قابادىيانغا ئاتلاندى. قابادىيان قەدىمي تاۋابگاھلاردىن ئىدى. بۇ مۇقەددەس جايدا مەشھۇر ئۆلىما مەۋلانە ناسىر خىسراۋ دۇنياغا كەلگەنىدى.

شاھ مەشرەپ ھەمراھلىرى بىلەن قابادىياننىڭ تەكيەخانىسىغا چۈشكۈن قىلدى. شاھ مەشرەپنىڭ قابادىيانغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەل ئارىسىغا پۇر كەتتى. شۇ كۈنلەردە مەشھۇر ئىشان سوپى ئاللايارمۇ قابادىياندا ئىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھ مەشرەپنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان سوپى ئاللايار ھەزرەتلىرى تەكيەخانىغا شاھ مەشرەپنى ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئىككى ئادىمىنى ئەۋەتتى.

www.kitaphumar.com

ئىشان سوپى ئاللايارنىڭ مۈرىتلىرى شاھ مەشرەپكە قوللارچە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
- ئەي قەلەندەرلەر شاھى، پىرىمىز ئىشانى سوپى بۇزرۇكۋارلىرى ئەزىزلىرىنى ئۆز كۈلبەلىرىغە مەرھەمەت قىلغاي!
شاھ مەشرەپ ئۇلارغا جاۋابەن:
- ماقۇل، ئەتە ناماز جۈمەدىن كېيىن ئىشان ھەزرەتلىرىگە قۇللۇق ئاداسى قىلغايمىز،-دېدى.
ئەتىسى جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شاھ مەشرەپ پىرمەت سىتارى ۋە باشقا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشان سوپى ھۇزۇرىغا قاراپ يول ئالدى.
ئىشان سوپى ھۇزۇرىغا نۇرغۇن جامائەت يىغىلغانىدى. قابادىيان قازىسى، قابادىيان ئاقساقىلىدىن تارتىپ باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرىگىچە ھەممىسى جامائەت ئارىسىدا تەق بولۇپ تۇرۇشقان ھالدا شاھ مەشرەپنىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈشەتتى.
سالام - سەھەتلەردىن كېيىنلا قىزغىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. ئىشان ھەزرەتلىرى شاھ مەشرەپكە يۈزلىنىپ شۇنداق دېدى:
- يا مەشرەپى دىۋانە، شائىرلىق شۆھرىتىڭىز ئالەمنى تۇتتى. سىز بىلەن دىدارى غەنىيمەت ئارزۇسىدا يۈرگەنىدىم. مانا ئەمدىلىكتە تەڭرى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزدى. خۇش كېلىپسىز!
شاھ مەشرەپ سۆھبەت ئارىسىدا شۇنداق دېدى:
- يا سوپۇم، سىز پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز مابەينىدە پىلسىراتقا خۇشامەت قىلىپ كەپسىز. ھۇزۇرى دېگەن بىرسى بولسا بىر ۋەۋر دوزاختا خۇشامەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دوزاخ ۋە پىلسىرات دەھشەتلىرىدىن، دوزاخ ئازابلىرىدىن ئاۋام خەلق روھىنى لەرزىگە سالمىشسىزلەر. ئەي سوپۇم، ئىنساپ بىلەن تەپەككۇر قىلىنسا، دوزاخ ۋە پىلسىرات مۇشۇ يورۇق دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ باشتىن - ئاخىر بېسىپ ئۆتىدىغان يولىنىڭ ئۆزى - قىل ئۈستىدە تۇرماقلىق. پەلەك ۋە زالىملار ئادەم بېشىغا ياغدۇرىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە ھەددى - ھېسابسىز پالاكەتلەر دوزاخ ئازابىدىن كەممۇ؟ ئەي، سوپۇم، ئاياغلىرىڭىز ئاستىغا بىر نەزەر تاشلاڭ، پىلسىرات ۋە دوزاخ ئۇ يەردە تەق بولۇپ تۇرغايلەر!
ئىشان ۋە باشقا ۋەلىمالار شاھ مەشرەپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى ۋە تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇپ، مۈرىلىرىگە ھۈرۈشتى. ئىشان شاھ مەشرەپكە يۈزلىنىپ:
- يا مەشرەپ، گۇناھقا پاتماڭ. ئاللاتالا بېھىش ۋە دوزاخنى سالىھ ۋە كاپىر بەندىلىرى

www.kitaphumar.com

ئۇچۇن يارىتىلىمىش. غاپىل بەندىلەرنى بۇ ھەقىقەتتىن ئاگاھلاندۇرماق سىز ۋە بىز ئۇچۇن پەرز ھەم قەرزدۇر!- دېدى.

جامائەت بىر مەشرەپكە، بىر سوپى ئاللايارغا قاراپ سۆھبەتنىڭ داۋامىغا تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

شاھ مەشرەپ ئىشانغا جاۋابەن شۇنداق دېدى:

- ئەي سوپىئۇم، ئەگەر ھەقىقەت ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، دوزاخ گۇناھكارلار بىلەن ئالىلىبۇرۇن توشۇپ كەتكەن ۋە پۈت پاتقۇدەك جايمۇ قالمىغان بولاتتى. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالاتتى. ئەكسىچە، جەننەت بوش قالاتتى. كېلىڭ، تا تەندىن جان چىقىپ كەتكۈچە يورۇق دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكىنىمىز ياخشىراقتۇر...

ئىشان شاھ مەشرەپنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئۇ سۆھبەت ئاخىرىدا شاھ مەشرەپكە يېلىندى:

- يا مەشرەپ، ئاڭلىسام تەكيەخانىدا ئىستىقامەت قىلىۋېتىپسىز، ئۇ يەردە ئادەم كۆپ، دىلغا ئازار يېتىپ قالىدۇ. پېقىرنىڭ كۈلبەسى ئىختىيارىڭىزدا، مۇرىتلىرىممۇ خىزمەتلىرىڭىزگە تەييازدۇر.

شاھ مەشرەپ سوپىغا جاۋابەن:

- ئەي سوپىئۇم، ئىلتىپاتلىرىغا ئەرزىمەسمەن. تەكيەخانا مەن ئۇچۇن شاھانە قەسىردىنمۇ ئارتۇقتۇر. ئۇ يەردە جېنىم راھەتلىنىدۇ. پىتنە - پاساتلاردىن خالى بولىمەن،- دەپ ئۆززە ئېيتىپ خوشلاشتى.

شاھ مەشرەپ شۇ تەرىقە قابادىياندا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئىستىقامەت قىلدى. خالايىق مەشرەپكە زىيادە ئىززەت - ئېھتىرام كۆرسەتتى. مەشرەپ قابادىيان پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ تۆۋەندىكى نەزمىنى توقۇدى:

قەددى مېھنەت تاغىدىن خەم بولغان ئەي بىچارىلەر،
باغرى ۋەھشەت تىغىدىن يۈز پارە ھەم يۈز يارەلەر.
كۆرمىگەن ۋەرى ئىچىدە بىردەمى بىر ياخشى كۈن،
تىرە غەمدىن دىلدا داغ ھەم كۆزلىرى گىريانىلەر.
بول قابادىيان ئارا كۆردۈم نېچە غەمخارىنى،
رەڭ زەھىل، كۆڭۈل سۇنۇغ، بىر نان ئۈچۈن كۆپ زارەلەر.

گەر شكايەت قىلسا زالىم زۇلمىدىن مىسكىن غېرىب،
"كۇپرى قىلدىڭ" دەپ ئۇرۇپ، "تەقدىر قەلەم" دەپ يازەلەر.
قازىدىن سوردۇم ئەسا: "بۇ نە ئۇچۇن بىدادلىق؟"
قازى دەر: "ئەمرى خۇدادۇر، بولماغىل كۇپپارەلەر".
مەشرەبا ئەمرى خۇدا نېچۈن بۇ يەڭلىغدۇر قارا،
يا مەگەر ئەمرى خۇدانى بەد قەلەمدە يازەلەر!

11

شۇ يىلى قىشنى شاھ مەشرەپ بۇخارايى شېرىفتە ۋتكۈزدى. قىش ئۆتۈپ باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ مەشرەپ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەسەپكە راۋان بولدى. مەشرەپ نەسەپتە بىر مەھەل سەيلە ـ تاماشا قىلدى. بۇ يەردىمۇ شاھ مەشرەپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشقا تاقەت قىلالمىدى. سەپەر جابدۇقلىرىنى ئېشەكلىرىگە يۈكلەپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە بەلخكە قاراپ ئاتلاندى.

بەلخ قەلەندەرلىرىنىڭ سەردارى ئاغاخان مەشرەپنىڭ بەلخكە قاراپ يول ئالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قول ئاستىدىكى بارلىق قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، بەلختىن ئون مەنزىل يىراققا كېلىپ شاھ مەشرەپنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى.

شاھ مەشرەپ بەلخكە دەبدەبە ـ ئەسەسە بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە قەلەندەرخانىدا بىر مەزگىل كۆڭلەرنى ئاسايىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بەلخ ئەتراپىدىكى شائىرلار، قەلەندەرلەر، دۇنيا ۋە دىندىن قول ئۈزگەن دەرۋىشلەر، دىۋانىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ مەشرەپنى تاۋاپ قىلدى. بەزىلەر مەشرەپ بىلەن سۆھبەتلەردە بولدى، مۇشائىرە قىلىشتى. سۆھبەت ئارىسىدا جەبىر ـ زۇلۇم دەستىدىن قاتتىق ئېزىلگەن خالايىق بەلخ پادىشاھى مەھمۇدبېك قاتاغان جەبرىدىن ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ زۇلمىدىن جاننى قاقشاتقۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق ـ ئاچچىق شىكايەت قىلدى. شاھ مەشرەپنىڭ ئاۋازى مەھمۇدبېك قاتاغان قولاقلىرىغا بېرىپ يەتتى. مەھمۇدبېك مەشرەپتىن خاۋاتىرلىنىپ قالدى.

مەھمۇدبېك قاتاغان نۆكەرلىرىگە پەرغانە زېمىنىدىن كەلگەن دىۋانىنى ھۇزۇرىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇدى. نۆكەرلەر كېلىپ مەشرەپكە ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

ـ ئەي قەلەندەر مەشرەپ، سىزنى ئالىيلىرى ئوردىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

ـ مەن كىم، مەھمۇتخان كىم؟ پېقىر بۇ تەكلىپكە لايىق ئەمەسمەن. سىلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



كېتىۋېرىڭلار. مەن سارايغا ئۆزۈم يالغۇز باراي،- دېدى مەشرەپ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاغاخان سەردارنى ھەمراھ قىلىپ مەھمۇدخان ھۇزۇرىغا ئاتلاندى. ئوردىدا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئۆلىمالار تەق بولۇپ تۇرۇشقانىدى. مەشرەپ مەھمۇدبېككە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. مەھمۇتخان مەشرەپنىڭ تەزىمىگە جاۋابەن ھال سورىغان بولدى.

- ئاڭلىسام بەيتۇللانى نىيەت قىلىپسىز. ئاللا مۇبارەك قىلغاي. شېرىن ئەشارلىرىڭىز قۇلاقلىرىمىزغا يەتتى. ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەردىن بىسيار لەززەت تاپتۇق. ئەمما بەزى ئۆلىمالار ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ھەققىدە ناشايان سۆزلەرنى قىلىپسىز. بۇنى ئاڭلاپ ئازابلاندۇق. ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز، مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئۆزىدىلا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئۆلىمالار ئالدىدا تۆۋە قىلغانلىقىڭىزنى بىلىشنى ئىستەر ئىدىم.

شاھ مەشرەپ مەھمۇدبېككە جاۋابەن شۇنداق دېدى:

- ئېيتقانلىرى راستۇركى، مۆمىن مۇسۇلمان بەندىلەرنى ئەمەس، بەلكى ھارام نىيەتلىك قازىلارنى، ئاقنى قارا قىلغۇچى مۇپتىلارنى، ئىككى تىللىق ئۆلىمالارنى، خۇشامەتچى مولللارنى ھەجۋىي قىلدىم. يازغانلىرىم ھەقتۇر. ئۆزرە ئېيتماقلىق پېقىرگە ئادەت ئەمەس. ئىززەت - ئېكراملىرىغا كۆپ رەھمەت.

مەشرەپ ئىجازەت سوراپ سارايدىن چىقتى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ۋتتى. شاھ مەشرەپ مەھمۇدبېك قاتاغان ۋە ئۇنىڭ ستەمكار ۋەزىرى بۇزرۇكخوجا بۇخارى ھەققىدە نەزمە پۈتۈپ بازار ۋە گۈزەرگاھلاردا ئوقۇدى. قەلەندەرلەر خالايىققا بەس - بەس بىلەن يادلاپ بېرىشتى.

جاندىن تويغان شاھ مەشرەپنىڭ ئاچچىق - ئاچچىق مەسخىرىگە تولغان ئۆتكۈر ھەجۋىي مىسرالىرى مەھمۇدبېك قاتاغاننىڭ قۇلاقلىرىغا يەتمەيمۇ قالمىدى. بۇزرۇكخوجا بۇخارى مەشرەپ ئۈستىدىن مەھمۇدبېك پادىشاھقا ئەرز - شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

- ئەي پادىشاھى ئالەم!- دېدى بۇزرۇكخوجا،- دىۋانە مەشرەپ ئالىيلىرى ھەققىدە بولمىغۇر نەزمىلەرنى پۈتۈپ، ئاۋام ئارىسىغا تارقىتىپ، خالايىقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىۋېتىپتۇ. جىددىي تەدبىر قوللانمىساق، ئاقىۋەت چاتاق!

مەھمۇدبېك دەرغەزەپكە كەلدى ۋە نۆكەرلىرىگە:

- غەلىيانچى دىۋانىنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار!- دېدى.

نۆكەرلەر چۈشكە يېقىن قەلەندەرخانىغا كېلىپ، مەشرەپ، پىرمەت ستارى، ئاغاخان ۋە باشقا بىرنەچچە قەلەندەرنىڭ پۇت - قولىنى زەنجىرلەپ، مەھمۇدبېك ھۇزۇرىغا ئېلىپ

www.kitaphumar.com

مېڭىشتى. دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان مەھمۇدخان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ:

- ئەي قەلەندەر، مەن ساڭا دەرۋىشلەر قاتارىدا ئىززەت - ئىھتىرام كۆرسەتتىم؛ سەن ئەكسىچە ئىززەت - ئىھتىراملىرىمغا ئۇلتۇردۇڭ!- دېدى. پۇت - قولى زەنجىربەند قىلىنغان مەشرەپ پادىشاھ ئالدىدا تەمكىن ۋە قورقۇمسىز قىياپەتتە تۇراتتى. شاھ ئۇنىڭدىن يېلىنىشنى كۈتۈشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

شاھ مەشرەپ مەھمۇدخانغا جاۋابەن ۋەزمىن، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

- ئەي مەھمۇتخان، جەبىر - زۇلمىڭ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، كىچىك باللار يىغلىسا، ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى "مەھمۇدخان كېلىۋاتىدۇ" دەپ قورقۇتۇپ، يىغىدىن توختىتىدىغان بولۇشتى. مەن دەرھەقىقەت دۇنيادىن كەچكەن دەرۋىشمەن. ئىززەت - ئىكراملىرىڭنىڭ مەن ئۈچۈن قوينۇمدىكى پىتچىلىك قىممىتى يوقتۇر. مەن سېنىڭ ئىززەت - ئىكرامىڭغا ئولتۇرغىنىم بىلەن، سەن دۆلەت ئەركانلىرىڭ بىلەن يۇرتىنىڭ بېشىغا، خالايىقنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇۋاتىسەن. ھەركىمنىڭ جازاسىنى تاڭلا مەھشەردە تەڭرى ئۆزى بەرگۈسى. ئەل ئارىسىدا: "ھەركىم نېمىنى تەرگەن بولسا، شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالۇر" دەيدىغان ماقال بار. نېمىلا يازسام ھەق گەپنى يازدىم. قىيامەتتە سەندىن زوراۋانلىق، مەندىن ھەق سۆز پۈتۈلگەن كىتابەت قالغۇسى!

مەشرەپنىڭ سۆزلىرى مەھمۇدخاننىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ تەگمەكتە ئىدى. مەشرەپ داۋاملىق نەشتەر ئۇرماقتا ئىدى:

- ساڭا جاۋابەن باشقا سۆزۈم يوق. قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. قانداق ھۆكۈم قىلساڭ، بىسمىللا دەپ قوبۇل قىلارمەن!

تېخىچە دەرغەزەپ بولۇپ، ئوغىسى قايناۋاتقان مەھمۇدخان گۇناھكارلارنى زىندانغا بەند قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بەلخنىڭ "قاراقچىيان" زىندانىغا بەند قىلىندى.

مەھمۇدخان ئۆلىمالارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە شەيخۇلئىسلام پەتىۋا بېرىپ شۇنداق دېدى:

- مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خالايىقنى گۇمراھلىققا ئۈندەپ، شەرىئەت ۋە تەرىقەتتىن ئازدۇرغان. ئەشارلىرىدىن كۇپۇر ئىسى كېلۇر. قۇران ۋە مەسچىتنى ھاقارەت قىلۇر. جامائەت ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغار. ئۇلارنىڭ جازاسى دارغا ئاسماقتۇر!

شاھ مەشرەپ زىنداندا ئېغىر قايغۇ - ئەلەم چەكتى. ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا قىسمەتداش ھەمراھى پىرمەت ستارىغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ شۇنداق دېدى:

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

- مۇبادا زىنداندىن سالامەت قۇتۇلساڭ، پۈتۈكلىرىمنى ئېلىپ بۇ ئۆلكىدىن ھايال بولماي پەرغانىگە يۈرۈپ كەت. ئەسەرلىرىمنى كىتاب قىلىپ رەتلەپ، بىزنى ئەزىز بىلگەن خالايىق ئىچىگە تارقاتقىن.

مەشرەپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا يەنە يىغلىۋاشتىن تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولدى. زىندانۋېشىنى چاقىرىپ قەلەم، سىياھ ۋە قەغەز ئەكەلدۈردى. زىندانۋېشىمۇ شاھ مەشرەپ سورىغان نەرسىلەرنى ھېچ ھايال قىلماي ئەكىلىپ بەردى. مەشرەپ قەلبىنىڭ قايناپ تۇرغان قازىنىدىن قانلىق كۆپۈكلەرنى چاچرىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شىددەت بىلەن سۆزگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ زىنداندا بولغىنى بىلەن كۆڭۈل كۆزىدە پۈتۈن ئالەمنى ۋە ساماۋى دۇنيانى تەپەككۇر قىلىپ ئولتۇراتتى. مەشرەپ زىنداندا يازغان نەزمىلىرىنىڭ بىرىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى پۈتتى:

چۈن كۆزۈم بىرلە قولۇمنى باغلىماق ھاجەت ئەمەس،
مەن ۋلۇمگە رازىمەن، بەس، تۇرغىلى تاقەت ئەمەس.
مۇنچە شىددەت بىرلە بوينۇم بوغقالى زور ئەيلەمە،
بەسكى، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس.
ئۆمرى چۈن بەرقى ھاۋادىس، غاپىل ئادەم بىلمەدى،
ئايۇ كۈن ئارامغە بىرلەھزەئى پۇرسەت ئەمەس.
لەشكەرى خۇنرىزغا سەبرۇ ئارام قايدا بار،
مەجنۇنى دىۋانىلەرنىڭ شاھىغە راھەت ئەمەس.
تۆككۈسى خۇنۇمنى ئاخىر بەلختە مەھمۇد پادىشاھ،
"ئەلقىسساسۇل ھەق" كالامى ئاڭا ھەم مۇددەت ئەمەس.
چۈن مۇبارەك بولسۇن، ئەي مەشرەپ قىزىل قانىڭ سىنىڭ،
خوپ ئىش بولدى بۇ ساڭا، جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.

مەشرەپ يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

مىڭ شورى پىغان بىرلە ھاي - ھاي نە بالا كەلدى،
جان قىچقىرادۇر قوي دەپ، خەنجەرنى ئالا كەلدى.
قولىغا ئالىپ پولات، قاشىمغا كىلۇر جاللات،

www.kitaphumar.com

قىلدى مېنى بىبۇنىياد، تىغى گۇزەرا كەلدى.
كەتسەم بۇ ئەلەم بىرلەن، يۈز كاھىشى غەم بىرلەن،
غەۋغائى سەنەم بىرلەن، خۇش دەۋرى سەفا كەلدى.
رازى بولايىن ۋلسەم، جان بەرگۈنچە بىر كۆرسەم،
مۇنداغ نە بالا بىرلەن، شىددەتلى قازا كەلدى.
زەخمەتۇ قازا يانداش، بولدى ھەممىسى يولداش،
ئۇل جەبرى ـ جاپا ئاداش، تىكلەپ بۇيۇرا كەلدى.
دىۋانەئى مەشرەپسەن، قورقۇپ نېگە يىغلايسەن،
ئاشىق كىشىگە ۋلمەك: خۇش كەيپى سافا كەلدى.

شاھ مەشرەپ بۇ بېيىتنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ مەھمۇدخانغا ئەۋەتىپ بەردى. مەشرەپنىڭ ئۆز قىلمىشىغا تۆۋە قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئاللىبۇرۇن ئۈزگەن مەھمۇدخان ئۇنىڭ ئەۋەتكەن بېيىتلىرىنى كۆرۈپ، مەزمۇنىنى ئانچە چۈشەنمەيلا مەشرەپنىڭ تۆۋە قىلىشىغا يېقىۋاشتىن ئۈمىدلىنىپ قالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ۋتكەندىن كېيىن مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن گەپتان ئەلچىلەر كېلىپ شاھ مەشرەپنى ۋلمالار ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ئالدىدا تۆۋە قىلىشقا دەۋەت قىلدى. شاھ مەشرەپ دەۋەتلەرگە قىلچە پىسەنت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئەلچىلەرنى ئېگىسى مەھمۇدخان بىلەن قوشۇپ قاتتىق مەسخىرە قىلىپ چىقىرىۋەتتى.

مەھمۇدخان تەكرار ـ تەكرار ئەلچى ئەۋەتىپمۇ مەشرەپنى ھېچ ئىندەككە كەلتۈرەلمىدى. مەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭ تۆۋە قىلغىنى مەھمۇدخاننىڭ شۆھرىتى ۋە سەلتەنىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۈمىد يىپى ئۈزۈلدى. ئاخىرۇلەمىر مەھمۇدخان ھۆكۈم ئىجراسىغا تۇتۇندى.

ھىجرىيە 1123 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى، نۆكەرلەر زىنداغا بەند قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى بەلخ شەھرىنىڭ قەتلى مەيدانىغا يالاپ كېلىشتى، پۈتۈن بەلخ تەۋرەپ كەتكەندى!

زىنداغا بەند قىلىنغانلار بەلخىنىڭ شاھپەر گۇزەرىدىن ئۆتكۈچە خەلق ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇشمۇ تۇشتىن نۆكەرلەرگە ئېتىلدى. پىرمەت ستارى ۋە بىرنەچچە مەھبۇسنى خەلق قورشاۋغا ئېلىپ، نۆكەرلەرنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ يوشۇرۇۋالدى. شاھ مەشرەپنىڭ بولسا پۇت ـ قولى چەمبەرچاس باغلانغان، كىشەن ھالقىسىنى نۆكەرلەر مەھكەم

تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا خالايىق شاھ مەشرەپنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھېچ ئىلاج قىلالمىدى ۋە ئەپسۇس ـ نادامەت ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزلىرى يېگۈدەك بولۇپ كېتىشتى. نۆكەرلەر شاھ مەشرەپنى ئالاھىدە قوغداپ ماڭغانىدى.

رامىزان شەرىفنىڭ 17 ـ كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەھمۇدخان جاللاتلىرى شاھ مەشرەپنى مەنسۇرۋار سىياسەت دارىغا تارتىشتى. بۇ چاغدا مەشرەپ تېخى ئاران ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەنىدى. مەشرەپ دارغا ئېسىلغاندا خالايىق ھۇ تارتىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن بۈيۈك ئىسلام ۋەلىماسى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ "ئىنەلھەق، مىنەلھەق" دەپ دارغا ئېسىلغان كۆرۈنۈشلىرى كەچكەندەك بولدى. خالايىقنىڭ نەزەر ئېتىبارىدا مەشرەپنىڭ ئۇلۇغلۇقتا مەنسۇر ھەللاجى ھەزرەتلىرىدىن ھېچقانچە پەرقى يوق ئىدى.

تەقدىرنىڭ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇسى كەلسە ئاجايىپ تاسادىپىيلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەھمۇدخان مەشرەپ دارغا ئېسىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەر تەۋرەشتە تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلدى. خالايىق شاھ مەشرەپنىڭ: "ئەلقىسساسۇل ھەق كالامى ساڭا ھەم مۇددەت ئەمەس" دېگەن مىسرالىرىنى تەئەججۈپ ئىچىدە يادىغا ئېلىشتى.

( تۈگىدى)

("تەڭرىتاغ" جورنىلى، 2002ـيىللىق 3ـسانىدىن ئېلىندى.)

www.kitaphumar.com

# شەرقنىڭ كۆزى ـ فارابى ھەققىدە ھېكايە

باتۇر روزى

1

مىلادى 870 ـ يىلى كەچكى قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب قەلئەسىنىڭ خاك بىلەن قاڭشالغان ئېگىز ـ ئېگىز سېپىللىرىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. غۇر ـ غۇر شامال شەھەر ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئارامبەخش نەم ھاۋاسىنى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈندۈزى قۇياش تەپتىدە تونۇردەك قىزىپ كەتكەن شەھەر كوچىلىرى گۈگۈم چۈشۈپ، ھاۋا تەدرىجىي سوۋۇشقا باشلىشى بىلەنلا ئۇيىقتىن ـ بۇياقتا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى...

سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر ئەتراپتىكى شەپلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سېلىپ، قىلىچ ۋە ئايپالتىلىرىنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشماقتا. سېپىل ئەتراپىدىكى لىق سۇ توشقۇزۇۋېتىلگەن خەندەكلەر كۈمۈش يىلاندەك سوزۇلۇپ سېپىلنى يۆگەپ ئايلىنىپ، ئەتراپقا ۋەھىمە تارقىتىپ تۇراتتى. ئادەتتە سېپىل ئاستىدىكى خەندەكلەرگە ئارتىلدۇرۇپ قويۇلىدىغان ئاسما كۆۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىۋېلىنغانىدى. شەھەر قوۋۇقلىرىمۇ ھەم ئېتىۋېتىلگەنىدى. بۇلار شەھەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى مۇداپىئە ئەھۋالىنىڭ قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ئاي نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەھەل. شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوۋۇقى قىيا ئېچىلىپ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرغىنىچە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن بىر كۆزەتچى لەشكەر كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە جۇۋازدەك غىچىلداپ ئاۋاز چىقىرىپ يېپىلىپ قالدى...

مۇھەممەت تارخان كېڭەشتىن قايتىپ چىلانتورۇق ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، ئۇنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان قورۇ ـ جايىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

تېخىچە ئۇخلىماي خوجايىنىنى ساقلاپ تۇرغان ئاتباقار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن ئالدى.

www.kitaphumar.com

مۇھەممەت تارخان ئايالى يۇلدۇزئايىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بەخرامان ئۇيقۇغا كەتكەن تۆت ياشلىق ئوغلى ئەبۇنەسرنىڭ پېشانىسىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، بالا ئويغىنىپ «دادا» دەپ چاقىردى. مۇھەممەت تارخان بالىنى يوتقاندىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بىرھازا ئەركىلەتتى.

- سېنى ئويغىتىۋەتتىم - ھە، بۆرەم؟

- مېنىڭ ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق. ئاپام پەپىلەپ يۇرۇپ ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلى سىز كەلگەندە ئاندىن ئۇخلىماقچى ئىدىم.

- بوپتۇ، بالا چېغىڭدا قېنىپ ئۇخلىۋال، بۆرەم. چوڭ بولغانسېرى غەم - ئەندىشەڭ كۆپىيىدۇ، ئويلايدىغان، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرىڭ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا داداڭغا ئوخشاش ئۇخلايمەن دېسەڭمۇ ئۇخلىيالماي، تاڭلارنى كىرپىك قاقماي ئاتقۇزىسەن.

كىچىك ئەبۇنەسر ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

- كىچىك بالىغا نەدىكى چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ ... -دەپ كايىدى يۇلدۇزئايىم.

- توغرا، باللار بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىشىش كېرەك ئىدى. مەن بۇ شاكىچىك بۆرەمنى خۇددى چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلىپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟بىراق ئۇنىڭمۇ كىچىك تۇرۇپ «ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق» دېگىنى قالتىس گەپ بولدى - دە.

مۇھەممەت تارخان بالىنىڭ مەڭزىگە ئاخىرقى قېتىم بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

2

كىچىك ئەبۇنەسر ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى. بۇ چاغلاردا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى خېلى مەلۇماتلىق، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردىن ھېسابلىنىدىغان ئاتىسى مۇھەممەت تارخاندىن ئۆز يۇرتىنىڭ ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن قىسسە ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ «قۇلاق موللىسى» بولۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغلاردا قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتاش مودا بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق مودا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كەلگەندە ناھايىتى سەزگۈر مۇھەممەت تارخان

ئۆز ئوغلى ئەبۇنەسرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ ئۇ تۇغۇلغان كىچىك شەھەرنىڭ نامىنى قوشۇپ، ئۇنى «ئەبۇنەسر فارابى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇزاققا بارماي بۇ نام كىچىك ئەبۇنەسرنىڭ دىمەتلىكلىرى ئارىسىدا تېزلا ئومۇملىشىپ كەتتى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى رەسمىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا بۇرۇنلا باشلانغانىدى. كىچىك ئەبۇنەسرنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق سىپى ئۆزىدىن فارابلىق تۈركلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزلۇق دېگەن ئىسمىمۇ تىپىك قارلۇقچە ئىسىم ئىدى. ئۇ «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇزلۇق بوۋايدىن كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى پۇقرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتى شەكىللەندى. شۇڭا ئەبۇنەسرنىڭ دادىسىغا ئۇزلۇق بوۋاي «مۇھەممەت» دەپ ئىسىم قويغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بىر زاماندا تۇغۇلغان مۇھەممەت تارخانمۇ ئۆز ئوغلىغا يەنىلا ئەرەبچە «ئەبۇنەسر» دەپ ئىسىم قويغانىدى.

70 مىڭ قوشۇن جايلاشقان فارابنى ئانچە كىچىك شەھەر دېگىلى بولمايتتى. ھەربىي قەلئە ۋە رابات، سودا بازارلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ شەھەر ئوترار بوستانلىقىغا جايلاشقان تالاس، بالاساغۇن، قەشقەرنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولۇپ قالغانىدى.

چۇ، تالاس ۋە سىر دەريا ۋادىسىدا شەھەر ھاياتىنى مەركەز قىلغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن ئەينى يىللاردا فاراب شەھىرى قەشقەرگە يېقىن بالاساغۇنغا قاراشلىق شەھەر بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگە يارىشا چىرايلىق ئىدى. 9 - ئەسىردىكى فاراب شەھىرى مانى دىنىدىكى ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىدا تۇرغاچقا، «قاراچۇق» دەپمۇ ئاتىلاتتى. سۇلتان بىلگەكۆل باھادىر قىدىرخان بىلەن سامانىلار خانى نوھ ئىبنى ئەسئەت ئارىسىدا ئىسپىجابنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەرگەندە، ئەبۇنەسر فارابىنىڭ بوۋىسى ئۇزلۇق بىلگەكۆل باھادىر قىدىرخاننىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن باج - سېلىقتىن خالىي قىلىنغان كىشىگە بېرىلىدىغان «تارخان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغانىدى.

سامانىيلار خانى ئىسمائىل ئىبنى ئەخمەت ئۆز قېرىندىشى ناسىر ئىبنى ئەخمەتتىن زورلۇق بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىن مۇداپىئە

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

كۆرۈش ئۈچۈن سېپىل سوقتۇرۇپ، كېيىن قاراخانىيلارغا قارشى غازات قىلىشنى باشلىدى. ئىسمائىل سامانى 893 ـ يىلى باھاردا تالاس، بالاساغۇنلارغا كەلكۈلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە ئوغۇلچاق قىدىرخان بالاساغۇندىن «ئوردۇ كەنت» (قەشقەر)گە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل سامانى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئىستراتېگىيىلىك جاي تالاستىن تاكى غەربتىكى چۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغىچە بولغان ئارىلىقنى، جۈملىدىن مۇھاسىرىدە قالغان تاراز شەھىرىنى قولغا ئالدى. مۇشۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەت تارخان قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ جان تىكىپ ئېلىشقىنىغا قارىماي فاراب شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتراق بوستانلىقى سامانىيلار قولغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جايلاردىكى 15 مىڭ كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئوتراردىكى مانى چىركاۋلىرىنىڭ ئورنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن مەسچىتلەر بەرپا قىلىندى. بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قىران بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قالغان ئەبۇنەسىر فارابىمۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن سامانىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. 100 يىل داۋام قىلغان دۈشمەنلىك ۋە يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى فارابلىقلار ۋە كۆپلىگەن توققۇز ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردىكى خاقانىيە ئاھالىسىدىن ئايرىۋەتكەنىدى.ئەبۇنەسىر بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاق تىدا قەدىمكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگىنىشكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلدى. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەمۇرىي ـ سىياسىي ھاياتتىمۇ، ئىلمىي پائالىيەتتىمۇ ئاساسىي تىل ئىدى. فارابى سامانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ماۋارائۇننەھر ۋە خارەزىمدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە تاجىك ـ پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

فارابى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگەنىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان دۇنياسىدا «ئۈچ بىلىم» دەپ ئاتالغان گرامماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا(ئىلمىي پاساھەت)، ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى ۋە تۆت «بىلىم» دەپ ئاتالغان ھېساب، مۇزىكا، گېئومېترىيە(ھەندىسە)، ئاسترونومىيە(ئىلمىي نۇجۇم) پەنلىرىنى پۇختا ئىگىلىدى. ئۇ بالاغەت يېشىغا يېتەر ـ يەتمەي تۇرۇپلا «ھىرات ـ مەرۋى ئىلمى گۇرۇھى» دەپ ئاتالغان تەبىئەت ئىلمى گۇرۇھىنىڭ ھەممە نەرسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقىدىنى ئەمەس، ئەقلىنى مىزان قىلىش توغرىسىدىكى چوڭلارغا خاس سوغۇققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى. مەرۋى ئىلمى گۇرۇھى بولسا مىسسوپوتامىيىدىكى ھەرران، بەسرە

تەبىئەت ئىلمى گۇرۇھىنىڭ، ھىندىستان ۋە ئۇيغۇر ئىلىم مەدەنىيەت كۆزقاراشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىلمىي ئىزدىنىش گۇرۇھى بولۇپ، گرېك باكتېرىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلاتتى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادا 30 ياشلارغا كىرگۈچە ياشىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ مول بىلىمگە تەشنا بولۇپ ئېچىرقاپ تۇرغان بۆرىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. يېڭىياچە ئىسلام دىنىغا كىرىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن يېڭى دىنىي ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان غايەت كېلەڭسىز بىر ھاڭنىڭ گىرۋىكىدە تېڭىرقاپ، دەلدۈگۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ بېشىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەت بىرىنچى بولۇپ فارابىنى سوت ئۇيقۇدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەلىكىدە ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تېخى بۇ قېيىن مەسىلىگە جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قېتىملىق توپان بالاسىغا دۈچ كېلىۋاتقان خەلقىگە بۇ توپاندىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالايدىغان «نوھنىڭ كېمىسى»نى ياساپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى دەپ تونۇغان فارابى بۇ قېيىن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئىسلام دىنى تارقالغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكسىچە تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە تەجرىبىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ئادەتلەنگەن بۇ غەلىتە مۇسۇلمان ئەرەب ۋە پارس ئەللىرىنى ئۆزلىرى تارقاتقان ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ياخشى تەجرىبىخانا دەپ قارىدى. چۈنكى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى تۈرك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىردىنلا پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ھاڭغا مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىپ يول ئاچقىلى بولمايتتى. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەرەب، پارس ئەللىرىگە بېرىپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى زادىلا باشتىن كەچۈرمەي بولمايتتى. بۇ ئەينى يىللاردىكى غايەت مۈشكۈل بىر مەسىلە ئىدى.

ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر توپ جامائەتنى قورۇسىغا يىغىپ داشقازان ئېسىپ زاراخەتمە قىلىپ بەردى. مۇھەممەت تارخان ھەربىي ئەمەلدارلارغا خاس سوغۇققانلىق بىلەن ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ئانچە بىلىندۈرمەي ئۇزاتقان بولسىمۇ، ئەمما يۇلدۇزئايىم ئەبۇنەسىرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ

www.kitaphumar.com

يىغلاپ ھازا ئاچماي تۇرالمىدى. بىر توپ جامائەتمۇ يۇلدۇزئايىمغا جور بولۇپ بىلىنى پوتىدا باغلاپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ، ھاسا بىلەن يەرنى ئۇرۇپ قوشاق توقۇپ ھازا ئېچىشىپ بەردى. فارابى بۇ قىزىقارلىق ھازىنى كۆرۈپ ئۇيغۇر قارلۇقلىرىنىڭ زىيادە ھېسسىياتچان تەبىئىتىنى ئاخىرقى قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرۈۋاتقاندەك بولدى - دە، ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىئارام بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە سوغۇققانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سوغۇققان چىرايىغا قاراپ ئانا دەرھال يىغىدىن توختاپ ھاڭۋېقىپ قالدى. مۇھەممەت تارخان بولسا ئۆز ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ئەجەبلىنىپ قالدى. فارابىنىڭ مەڭزىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق سوغۇققان كۈلۈمسىرەش ياشانغان ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولۇپ قالدى.

3

فارابى شۇ يۈرۈپ كەتكەنچە سەمەرقەنت ۋە بۇخارالاردىن ئۆتۈپ، ئىسپىھان، ھەمەدان شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ پارس زېمىنىدا تۇرغان قىسقىغىنا بىرنەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جېنىغا جان قوشقان پارس مەدەنىيىتىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن قېدىرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن توپتوغرا پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدەگاھلىرىدىن بىرى بولغان باغداتقا قاراپ يول ئالدى

فارابى باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خەلىپە مۇقتەدىر ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇ چاغدىكى باغدات گەرچە ئۆزىنىڭ خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ھۆسنىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئەرەب يېزىقى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزي ئوچىقى، دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرغان خەلقئارا شەھەر ئىدى. باغداتقا يەنىلا ھەرقايسى ئەللەر، رايونلاردىن كەلگەن ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋى كۆزقاراشتىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئالىملار ۋە ئەدىبلەر توپلاشقانىدى. ئۇلار گاھىدا ئوچۇق ئىلمىي مۇھاكىمە ياكى بەس - مۇنازىرە شەكلىدە، گاھىدا يوشۇرۇن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ياكى ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

فارابى باغداتقا بارغاندا ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ تىلنى ئەبۇبەكرى ئىبنى سىراجىددىندىن تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ يەنە باغداتتا ياشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى

www.kitaphumar.com

ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوق بىلەن ئۆگەندى. باغداتقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ئەرەب يېزىقىدا مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى. ئەرەب پەلسەپىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئاتالغۇلىرىغا مەخسۇس لۇغەت تۈزۈپ چىقىپ، ئەرەب تىلى خەزىنىسىنى بېيىتتى. فارابى تىل ۋە لوگىكا جەھەتتە ئۆز ئۇستازىدىن تېز ئېشىپ كەتتى. فارابىنىڭ تىل ۋە لوگىكا جەھەتتىكى ئۇستازى بولغان ئەبۇبەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇس ئۇلۇغ يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل تەلىماتلىرىنىڭ ھامىيسى بولۇپ، ئۇ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى دەسلەپكى تەرجىمىسى ۋە شەرھىسىنى ئىشلىگەنىدى.

فارابى باغداتتا ئىگىلىگەن بىلىملىرى بىلەن يەنە قانائەت ھاسىل قىلالمىدى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ھەرران ئەينى يىللاردا مىسسوپوتامىيىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. ئۇ يەر ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا باغدات شەھىرىدىن جىق ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. فارابى ھەرراندا خىرىستىئان دىنىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، دوختۇر ۋە ئالىم بەشەر مەتتە ئىبنى يۇنۇسنىڭ ئۇستازى يوھەننا بىننى ھەيلاندىن پەلسەپە ئۆگەندى. ئۇ فارابىغا ئاساسەن لوگىكا ۋە ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىن، يەنە ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىدىن تەلىم بەردى. فارابى باغداتتىكى ۋاقتىدا ئەتراپىغا دۆۋە ـ دۆۋە كىتابلارنى يىغىۋېلىپ جان ـ جەھلى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەنىدى. ئاشۇ كىتاب دۆۋىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ كىتابلىرىمۇ ئۇچرىغانىدى. بۇ ھادىسە فارابىنىڭ ئارىستوتېلچىلىق ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېڭى بىر پەللە ياراتقان نامايەندىسى بولۇپ قېلىشىغا دەسلەپكى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى.

فارابىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ئىزلىنىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئارىستوتېلغا بولغان قىزىقىشىنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۆزىدە تۇرغۇزۇلغان تەبىئەتشۇناسلىق كۆزقارىشى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك كۆزقاراشلىرىنىڭ تۈرتكىسى، شۇنداقلا تۇيۇقسىز ئۇچرىغان ئارىستوتېل ئەسەرلىرى قەلبىدە قوزغىغان يېڭى ئىنتىلىشلەر فارابىنى تەبىئىي يوسۇندا ئۇ ئۆزى مەرۋىدىكى چېغىدىلا داڭقىنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ئالىم ـ يوھەننا بىننى ھەيلان ھوزۇرىغا باشلاپ كەلدى.

فارابى ھەرراندا ئالېكساندىرىيە ئىلمى گۇرۇھىدىكى خىرىستىئان تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئارىستوتېل ئەسەرلىرى بىلەن ئارىستوتېلنىڭ گرېك يېزىقىدىكى ئەسلى ئەسەرلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «روھ

www.uyghurkitap.com



توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى 100 قېتىم، «مېتافىزىكا» دېگەن ئەسىرىنى 40 قېتىم، «رېتورىكا» دېگەن ئەسىرىنى 20 قېتىم ئوقۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ماھىيەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. فارابى ھەر بىر ئەسەرنى قايتا ئوقۇغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرىراق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ ماھىيىتى، مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرىنى تولۇق ئىگىلەشكە تىرىشاتتى.

4

فارابى باغداتقا ئىككىنچى قېتىم مىلادى 921 ـ يىللىرى كەلگەنىدى. ئۇ شۇ قېتىم كەلگەنچە باغداتتا توپتوغرا يىگىرمە يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاساسەن كىتاب كۆرۈپ داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دەرس ۋە لېكسىيىلەر ئوقۇش، شاگىرت تەربىيىلەش، كىتاب يېزىش بىلەن مەلىكە بولۇپ ئۆتتى. فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باغداتتا يېزىلدى.

فارابى 941 ـ يىلى سىياسىي پاراكەندىچىلىكتىن بىزار بولۇپ باغداتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەلەپ(شام) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرمايلا ئۇدۇل ئۆز يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئانا يۇرتىنى قەۋەت سېغىنغانىدى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ كۈچى كۈنساناپ شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، مەزھەپ ماجىرالىرى ۋە سىياسىي پاراكەندىچىلىك پاتقىقىغا باشچىلاپ پېتىپ قالغان ئەرەب ئەللىرىنى ئۇنىڭ كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ قايتىپ كەلگەنچە ئۆز يۇرتىدا تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرۇپ قالماقچى ۋە ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ھاڭغا كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى. فارابى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش مەقسىتىدە بولغاچقا، تا ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىپ، قېرىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغۇچە ئەرەب ئەللىرىدە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىقمۇ بولماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىشكە ئىشتەي ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ گەرچە ئەرەب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈركچە كىيىنىپ، بېلىگە قارلۇقلارچە پوتا باغلاپ يۈرۈشنى قەتئىي تاشلىمىدى. ئۆز ئانا تىلى، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى قەتئىي ئۇنتۇمىدى.

ئۇ ئانا يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە يول بويى لېكسىيە سۆزلەپ ماڭدى. ئۇ دەسلەپىدە مەنسۇر ئىبنى نوھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سامانىيلار دۆلىتىگە كېلىپ بىر توختىدى. ئۇ بۇ يەردە پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە چوڭقۇر قايىللىق بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭغا «ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن شۆھرەتلىك نامنى ئاتا قىلدى. فارابى يازغان بۇ كىتاب ئىسپىھان شەھىرىدىكى «سۋانۇل ھېكمە» كۇتۇپخانىسىغا قويۇلدى.

فارابى ئۆز يۇرتى فاراب شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. گەرچە فارابىنىڭ داڭقى بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى تونۇشلۇق بەرمىگۈچە ئۆز يۇرتىدا ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدى. كىچىك چاغلىرىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىرنەچچە بۇرادىرىنى ئىزلەپ كۆرۈۋىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالغان فاراب شەھىرىدىن ئائىلىسى بىلەن بىللە باشقا بىر يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ چىقتى. فاراب شەھىرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جەڭگىۋار قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، بازارلاردىمۇ گۆرىستان جىملىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاۋات رەستىلەر چۆلدەرەپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قايناق ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى، سېپىللارنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرى چۈشۈپ ئالا ـ پاساق بولۇپ قالغان بولۇپ، سېپىل دەرۋازىلىرى كونىراپ، ئۆلگۈچەكلىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ فارابىنىڭ كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز يىغا قايىنىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلى ئۆز يۇرتىدا ئۇزاق تۇرالمىدى. بۇ چاغلار قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلار ئۆزئارا زىتلىشىۋاتقان، بۇخارادا يانغىن كۆتۈرۈلگەن چاغلار ئىدى.

فارابى ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق نەزمە توقۇدى:

چەكسىمۇ زەخمەت ـ مالامەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە ـ قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان؛
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى،
زوق، ئۈمىد ـ ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

قوزغىلىپ چىقسام سەپەرگە سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان!
سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار ـ ئەل گەر تەئەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان.

ئېغىر ئازابقا پاتقان ھالدا فاراب شەھىرىدىن يولغا چىققان ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز يۇرتىدىن قايتىپ كېلىپ سىياسىي پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان باغداتقا قايتا بېرىشنى خالىماي، تويتوغرا دەمەشققە يېتىپ كەلدى.

5

فارابى دەمەشىق سىرتىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ ناھايىتى ساددا تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە نامراتلىشىپ كەتكەچكە قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدىكى يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ كېچىلەپ يېزىقچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ باغداتتا باشلىغان ئىلمىي ئەمگىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.
شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى سەيپۇل دەۋلە 934 ـ يىلى دەمەشىق شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت تىكلىگەندىن كېيىن سەيپۇل دەۋلەنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكتە داڭقىنى ئاڭلىغان فارابى ئانچىكىم بىر قىزىقىسىنىش تۈپەيلى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كەلمەكچى بولىدۇ. بىر كۈنى فارابى ئەسكى ـ تۈسكى تۈركچە كىيىملەرنى كىيگەن، ئۈستىۋاشلىرى توپا ـ چاڭغا كۆمۈلگەن ھالدا سەيپۇل دەۋلەنىڭ ياسىداق ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى.
بۇ چاغدا ياش پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا توپلانغان بىر توپ ئالىم ـ ئۆلىما ۋە مۆتىۋەر زاتلار ھەرخىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. غېرىب ـ غۇرۋانە چىراي فارابى ئوردىغا كىرىپ كېلىشى بىلەنلا سۆھبەت قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قالدى. ھەممەيلەن بېشىنى بۇراپ، ئوردىغا بىمەھەل پەيدا بولۇپ شاھانە ئىلمىي سۆھبەتنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن بۇ «مېھمان»غا سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىختەك قادىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىممۇ فارابىنى تونۇمىدى، شۇنداقلا فارابىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى ھېچكىمنى تونۇمىدى. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ خىلۋەت بىر باغدا قاراۋۇللۇق قىلىپ، دەرۋىشتەك خۇپىيانە ھايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ «مېھمان»نىڭ ئىسلام

www.kitaphumar.com

ئەللىرىگە داڭقى پۇر كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟!

سورۇن ئەھلىگە ئوخشاشلا كەيپى ئۇچقان پادىشاھ ئالدىدا ئۇنىڭغا زوۋرىيەت يۈزىسىدىنلا قىيا ئېگىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۈركچە سالام بېرىپ، قىلچە قورۇنۇش ھېس قىلماستىن تىكىلىپ تۇرغان بۇ ناتونۇش كىشىنى تۈرك ئەللىرىدىن كەلگەن ئادەتتىكى بىر مېھمان قاتارىدا بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ كۆتۈۋالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

– خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟– دەپ سوئال قويدى فارابى پادىشاھقا.

سورۇندىكى ھەممەيلەن تېخىمۇ ھەيران بولۇشتى.

– خالىغان جايدا،– دەپ جاۋاب بەردى پادىشاھ قىسقىغىنا جىملىقتىن كېيىن مېھماننىڭ رايىغا بېقىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ.

فارابى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن «گۇس – گۇس» دېسسەپ ئۆتۈپ توپتوغرا سەيپۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ دۆرەم سورۇن ئەھلى چۆچۈپ داڭ قېتىپ قېلىشتى.

سەيپۇل دەۋلەمۇ بۇ تەپ تارتىشنى بىلمەيدىغان قاپ يۈرەك مېھمانغا دەماللىق قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلە شۇ زاماندا دەمەشق ئوردىسىدا مودا بولۇپ قالغان يەرلىك تىل بىلەن پىچىرلىدى:

– بۇ ياللاڭتۆش شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى. مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە سوئال قويۇپ كۆرەي. جاۋاب بېرەلمىسە ھەيدەپ چىقىرايلى.

– ئەمىر، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. ھەرقانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاندىن باھا بېرىش كېرەك،– دېدى فارابى سەيپۇل دەۋلەگە شۇ خىل تىل بىلەن خىتاب قىلىپ.

فارابىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولغان سەيپۇل دەۋلە تەلەپپۇزىنى بىرئاز يۇمشىتىپ، فارابىدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

– سىز تۈرك تۇرۇپ بىزنىڭ تىلىمىزدىمۇ راۋان سۆزلەيدىكەنسىز. قارىغاندا باشقا تىللارنىمۇ بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

– بىلىمەن،– دەپ جاۋاب بەردى فارابى قىسقىلا قىلىپ.

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ ئۇچىسىغا كىيگەن كىيىملىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قارا تۇرك ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ ئۆلگۈردى ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە قىزىقىپ قالدى.

سۆھبەت يەنە يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلدى. ھەر خىل ئىلمىي تېمىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۆپرەك سەيپۇل دەۋلە تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە سورۇندىكى ئالىملار تولۇقرەك جاۋاب بېرەلمەي كېكەچلەپ قېلىشتى. پەقەت ئەسكى چاپانلىق فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرىپ، دەل جايىدا جاۋاب بېرەلىدى.

ـ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئەقىل ۋە ئەخلاققا باغلىق. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلىشى لازىم،ـ دېدى فارابى سوئاللارغا بىرمۇ قۇر جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ،ـ ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇكى، ھەر بىر نەرسىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئېرىشلىگەن كامالەتتە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پائالىيىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بىلىم، پەلسەپە ۋە ئەخلاق بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە شەخسىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدۇر. دۆلەت ئىگىلىرىدىن تاكى ئائىلە باشلىقلىرىغىچە تەلىم ـ تەربىيە تورى ھاسىل قىلىشى زۆرۈر. تەلىم ـ تەربىيە ئىشىدا ھەم مۇلايىم، ھەم قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىش، چۈشىنىپ بىلىشنى يادلاپ بىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش لازىم. ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. جەمئىيەت مەسىلىلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش، ئۇنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھەمجەھەتتە بولغان قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا، ئەمەلىي پەلسەپە، ئەخلاق ۋە ئىلىم ـ پەن ئاساسىدا ھەل قىلىش لازىم. جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئورتاق ياشاش زۆرۈرىيىتى ۋە خاھىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى. شەھەر(ياكى دۆلەت)لەر جاھالەتلىك شەھەر ۋە پەزىلەتلىك شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان شەھەرلەر، پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان ساختىپەز شەھەرلەر، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن، چۈشكۈنلەشكەن شەھەرلەر، پەزىلەتلىرىدىن ئايىنىپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى جاھالەتلىك شەھەرگە كىرىدۇ. جاھالەتلىك شەھەرلەرنىڭ خەلقى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدۇ، باشلىقلىرى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات مەقسەتلىرى جىسمانىي قاۋۇللۇق، شۆھرەت، كەيپ ـ ساپا، ئۆز ئېشتىياقلىرىدىن خالىغانچە يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى

www.kitaphumar.com

پەزىلەتلىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتلىرى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا پۈتۈن زېمىندا ئورتاق پەزىلەت تىكلىنىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان دانىشمەنلىكىگە ۋە قەيەردىن سورىسا شۇ يەردىن تەمتىرىمەي جاۋاب بېرەلەيدىغان ھازىرجاۋابلىقىغا ئادەتتىن تاشقىرى قايىل بولۇپ، قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ فارابىغا بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا يىغىلغان پۈتكۈل جامائەتكە شاھانە زىياپەت بەردى.

زىياپەتتە فارابى سەيپۇل دەۋلەنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر بىر تېمىم ئىچىملىكمۇ ئىچمەي، شۇنداقلا بىر لوقما تائاممۇ يېمەي ئولتۇردى. فارابىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان سەيپۇل دەۋلە ئاخىرىدا: «ئەمىسە مۇزىكا ئاڭلاشنى خالامسىز؟» دەپ سورىۋىدى، فارابى دەرھال باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئالىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغىنىغا خۇش بولغان سەيپۇل دەۋلە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆز سارىيىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ نەغمە قىلدۇرۇشقا باشلىدى. باشقىلار سازلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. لېكىن فارابى ئۇلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ نازۇك نۇقسانلارنى بايقاپ، ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى ساز چېلىشنى دەرھال توختىتىشقا بۇيرۇدى. سەيپۇل دەۋلە باشلىق ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. سازەندىلەر ساز چېلىشتىن چىپپىدە توختىغاندىن كېيىن، فارابى ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئەيىب - نۇقسانلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، مۇزىكا ھەققىدە بىرھازا تەلىم بەردى:

ـ مۇزىكا ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر،ـ دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ،ـمەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئەسلى زات ھەرىكەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئاۋازغىمۇ ئىگىدۇر. ئاڭلاش سەزگۈسى بارلىق ئىنسانىي سەزگۈلەرگە ئوخشاش تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي بولىدۇ. تەبىئىي ئاۋاز ئەڭ ئاخىرى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىسا، غەيرىي تەبىئىي ئاۋاز كىشىگە غەشلىك ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلىش جەريانلىرىدىن تاشقىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بولغان ئادەتتىكى ئاۋاز بولماستىن، بەلكى ئۇ مۇزىكىلىق تەلەپ ۋە ئۆلچەم بويىچە تاۋلىنىپ كىرگۈزۈلۈپ رەتلەنگەن ئاۋازدۇر. مۇزىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنساننىڭ بىلىش ۋە پەرق ئېتىش، ھۇزۇرلىنىش ۋە بىزار بولۇش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى تۈپەيلى مۇزىكىلىق ئىستېداتقا ئىگە بولۇپ، مۇزىكىلىق ئىستېدات تۈپەيلى مۇزىكىلىق ئاۋازنى پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرلىنەلەيدۇ. ئۇنىڭغا مەنىۋى مەزمۇن ۋە ھېسسىيات بېغىشلىيالايدۇ. ئۇ مۇزىكىلىق تۇيغۇ تۈپەيلىدىن شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. مۇزىكا تۇغما ئىستېدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بىر ئىلمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. مۇزىكا ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ مۇزىكا ئىلمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاھاڭ ئىجادچىسى چوقۇم چالغۇ مۇزىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. نەزەرىيىۋى مۇزىكا رىتىم، مېلودىيە ۋە ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسقا بۆلۈنىدۇ. رىتىم شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ ئاۋازلارنى ئەقلىي ئۇقۇمغا لايىق روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. مېلودىيە شۇڭا ھاسىل بولغانكى، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەن ئاۋازلارنى روشەن نىسبەتلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئاڭلاش سەزگۈسىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. ئىپادىلەش بولسا ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم سەزگۈگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بەزى مۇزىكا كۈيلىرى خۇشاللىق پەيدا قىلىدۇ، بەزى مۇزىكا كۈيلىرى مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئىزھار قىلىدۇ. يەنە بەزى مۇزىكا كۈيلىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىدۇ. بۇ سەنئەت سالامەتلىككە شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، روھمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئەسلى زاتقا ماسلىشىپ ئاجىزلاشقان بولىدۇ. بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ.

ــ قارىغاندا، سىز ساز ۋە مۇزىكىلارنى ياخشى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ــ دەپ سورىدى سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن.

فارابى قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا بەلۋېغىغا ئورالغان قۇتىچىدىن بىر تال تارنى ئېلىپ سازەندىلەر قوش قوللاپ سۇنغان ئۇدنى قولىغا ئېلىپ، تارىنى ئالماشتۇرۇپ راۋرۇس تەڭشەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلىپىدە بايا سازەندىلەر چالغان ئەرەب كۈيلىرىگە قايتىلاپ چالدى. بۇ ئادەتتە كۆڭۈل

www.kitaphumar.com

ئېچش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئوردىلاردا چېلىنىدىغان شوخ نەغمىلەر ئىدى. سورۇندىكىلەر فارابىنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ جايىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. فارابى ئارقىدىنلا ئۆزى ئىجادىي رەتلەپ ئىشلىگەن مۇقاملارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ بىرھازا چېلىشىدى، ئولتۇرغانلار دەسلىپىدە ئىچىدە، كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چالغان نەغمىسى بايا بىر توپ سازەندىلەر ئۆزئارا تەڭكەش قىلىپ چالغان نەغمىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. فارابىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭ قايناپتتى. ئۇ ئۆمرىدە تارتقان پۈتكۈل رىيازەتلىرىنى ۋە ئايرىلغىلى نەچچە ئون يىللار بولۇپ كەتكەن ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا يىغىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چالدى. قارىغانلارغا ئۇنىڭ بەدىنى ئېرىپ، مۇزىكىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ھەممەيلەن تېگى يوق مۇڭ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەدىنىمۇ مومىيادەك يۇمشاپ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى...

ئالاھەزەل يېرىم كېچە بولغانىدى. فارابى ئۆزىنىڭ قانچە سائەتلەپ نەغمە قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ساز چېلىشتىن توختىغاندا، ھەممەيلەننىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇشقان پېتى بىراۋ ئەپسۇن ئوقۇپ قاتۇرۇپ قويغاندەكلا تەپتەكشى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆردى. فارابى بىر پارچە باغاقچىگە خەت يېزىپ ئۇخلاپ كەتكەن سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەختى پايەسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگەن پېتى تىكەندەك يالغۇز چىقىپ كەتتى.

سەيپۇل دەۋلە تاڭ سۈزۈلگەندە ئاندىن ئويغاندى. ئۇ ئويغىنىپ تەختى پايەسىگە قىستۇرۇلغان باغاقچىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ھېلىقى ئەسكى كىيىم كىيگەن شەيخنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن ئۇلۇغ ئالىم فارابى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى «مېنىڭ ھەتتا كىچىك بالا چېغىمدىمۇ ئۇيقۇ بىلەن خوشۇم يوق ئىدى»...

«ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر» دەپ خەت يېزىلغان باغاقچىنىڭ كەينىگە «ئەبۇنەسىر فارابى» دەپ چىرايلىق ئىمزا قويۇلغانىدى. سەيپۇل دەۋلە ئوچۇق چىراي، سۆزمەن، مەلۇماتلىق، تەدبىرلىك، ئىلىم ۋە سەنئەتنى سۆيىدىغان، ھەربىي ۋە سىياسىي ماھارىتى ئۈستۈن ئادەم ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىغا توپلانغان شائىر ـ ئەدىبلەر، ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىلگىرى ئۆتكەن ھەرقانداق بىر خەلىپىلىكتىن جىق ئىدى. سەيپۇل دەۋلە سارىيىدا ماھىر يازغۇچى ساھىپ ئىبنى ئەببەد ۋەزىرلىك قىلاتتى. ئەتىسى فارابىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش تەكلىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ ۋەزىر بەردى. بۇ تەكلىپ سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. سەيپۇل دەۋلە بىر توپ چاپارمەنلەرنى فارابىنى

www.kitaphumar.com

قەيەردىن بولسۇن دەرھال تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى.

چاپارمەنلەر فارابىنى ئەتىگەندىن تا ناماز ئەسىرگىچە ئىزلەپ شەھەر سىرتىدىكى باغدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاران تېپىۋالدى. فارابى ئوردا ھاياتىغا كۆنەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەلىپىنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىنلا سەيپۇل دەۋلە فارابى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان باغقا ئاتايتەن ئۆزى كېلىپ ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر ئوردىغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. باغنىڭ ئىگىسى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمەي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان پېتى فارابىنى تەزىم قىلىپ ئۇزىتىپ قالدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن، سەيپۇل دەۋلە ھەپتە ئون كۈنگىچە ئالىمنىڭ شەرىپىگە كۆپ ئاتلىماي زىياپەت بېرىپ تۇردى ۋە جامائەت ئالدىدا ئۇنى «دۆلەت ئۇستازى» دەپ جاكارلىدى. فارابى شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئۇستازى سۈپىتىدە خەلىپىلىكنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە باش بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ يەردە كۆنلىرىنى ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن ئالىم ـ ئۆلىما ۋە شائىر ـ ئەدىبلەر بىلەم قىزغىن ھەمسۆھبەتتە ئۆتكۈزدى. سەيپۇل دەۋلە ۋاقىت تاپسىلا ئۇنىڭدىن دۆلەتشۇناسلىق ۋە ھوقۇقشۇناسلىق ئىلىملىرى بويىچە ساۋاق ئېلىپ تۇردى.

ـ ئىنسانىيەت تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى ۋە راۋاجى. ئىجتىمائىي ھايات ھەمجەھەتلىكى پۈتكۈل ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىكنىڭ بىر قىسمى ۋە راۋاجى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالەمنىڭ تاكامۇللىشىش شەكىللىرىدىكى ئاساسلىق بىر ھالقا،ــ دەيتتى فارابى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سەيپۇل دەۋلەگە بايان قىلىپ،ــ پەقەت ئالەم تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندىلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تەرەققىياتنى، پەزىلەتنى ۋە ئادالەتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىردەكلىك تۈزۈلمىسىدە كىچىك كائىناتقا ئىنسان ۋەكىللىك قىلغىنىدەك، چوڭ كائىناتقا ئالەم ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى پۈتۈن پائال ئەقىل، ئىلىم ـ پەننىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر كىشىلەر نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ، ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنى ئۆز پائالىيىتىگە تەتبىق قىلمىسا، بۇنداق ئادەت ئومۇم قوبۇل قىلغان گۈزەللىك چۈشەنچىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاۋام خەلق پەلسەپىسى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ئەخلاق سەنئىتى بولۇپ، بۇ تۈپەيلى ياخشى پائالىيەت ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى بىلىم

www.kitaphumar.com

هاسىل قىلىنىدۇ. ياخشى پائالىيەت ۋە ئىقتىدار(قائىدە ـ نىزاملار) شۇلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شاراپىتىدىن گۈزەللىك بىزنىڭ سۈپەتلىرىمىز بولۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىرى، قائىدىلەرگە دائىر بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ شاراپىتىدىن شەھەر ئاھالىسى گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە بۇ گۈزەللىكنى ساقلاشقا ئىقتىدارلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ پەزىلەتلىك ياكى جاھالەتلىك سۈپەتلىرىمۇ بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىك توغرىسىدىكى پائال ئەقلىنى نەزەرىيە جەھەتتە بىلىپ يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكى ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىزچىللاشتۇرغان ـ ئىزچىللاشتۇرمىغانلىقىغا باغلىق. ئۆز تەبىئىتى بويىچە ھەرقانداق كىشى شۇنداق تۈزۈلگەنكى، ئۇ ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىسمۇ، ئېھتىياجلىق بۇ نەرسىلەرنى يالغۇز ئۆزىلا ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى تەق قىلالايدىغان ئادەملەر بىرلەشمىسىگە ئۇيۇشۇشقا موھتاجدۇر. شۇ سەۋەبلىك، پەقەتلا بىر ـ بىرىگە ھەمكارلاشقۇچى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىقلا ھەر بىر كىشى باشقىلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنى يارىتىشقا مۇئەييەن دەرىجىدە ھەسسە قوشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىنسانىيەت كۆزلىگەن كامالەتكە ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىئىتى بويىچە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە باراۋەردۇر. ئۇنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش زۆرۈرىيەتلىرى، ماددىي ـ مەنىۋى ئېھتىياجلىرى، ئۆزئارا ياردىمى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەمجەھەتلىكىدىكى ئورنى ۋە ھەسسىسى باراۋەر بولىدۇ. ھاكىملىق ۋە مەھكۇملۇق مۇناسىۋىتى ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي پرىنسىپلىرىغا، جۈملىدىن ئەقىل ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا زىت ھادىسە. ساغلام، پەزىلەتلىك دۆلەت قۇللۇقتىن خالىي، ئەمما باش ئورگان ۋە دۆلەت خادىملىرىغا ئىگە بولغان بولۇشى، دۆلەت خادىملىرى خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ۋە سەنئىتىگە ئىگە بولۇشى، قىسقىسى، ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بارلىق شەھەرلەر بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن. پەزىلەت ئەقلىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، نادانلىقتىن پەزىلەت كۈتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەمدۇر. پەزىلەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنى شەرت قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەقىل ـ پاراسەت بىلىش، پەرق ئېتىش، تاللاش ۋە رەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. خاھىش ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئارقىلىق ئاڭلىقلىققا كۆتۈرۈلىدۇ. تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. چۈنكى تاللاش ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە ئاساسلانغان. ۋاھالەنكى،

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

ياخشى ياكى يامان ھەرىكەت پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئالەمشۇمۇل ھەمجەھەتلىككە، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىكىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە زىت بولغان ئىللەت ۋە كېسەللىكتۇر. پەزىلەتلىك جەمئىيەت مۇكەممەل ۋە ھەمجەھەتلىككە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى بولىدۇ.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر خىياللارغا پاتتى. ئۇنىڭ فارابىغا بولغان ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

فارابى ئوردىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي داڭقى ئەرەب دۇنياسىغا پۇر كەتكەن مەشھۇر شائىر ئەبۇتەييىب ئەل مۇتەنەببى بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

سەيپۇل دەۋلە فارابىنى ئۇستاز تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوردا خەزىنىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ خالىغانچە تەمىنلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. فارابى بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. سەيپۇل دەۋلە ئۇنىڭغا يۇقىرى مائاش بەلگىلەپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، فارابى يەنە ئۇنىمىدى.

ـ مائاش ئالسام ئالاي، ئەمما ئالىدىغان مائاشىنىڭ مىقدارىنى ئۆزۈم بەلگىلەپ ئەتە جاۋابىنى بىرەي،ــ دېدى فارابى سەيپۇل دەۋلەنىڭ تەكلىپىگە كۈتۈلمىگەن جاۋابنى بېرىپ. فارابى ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇدۇل دەمەشق شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئاياغ تىككۈچىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسىدىن كۈنىگە نەچچە دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ھېلىقى موزدۇز كۈنىگە ئىككى دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. فارابى بازاردىن قايتىپ كېلىپلا سەيپۇل دەۋلەگە ئۆزىنىڭ تۆت دەرھەم مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەيپۇل دەۋلە پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بۇ سانىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئەمما رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى ئۇ ئالىمنىڭ قىلغان گېپىدىن پەقەت يانغىلى ئۇنىمايدىغان جاھىل مىجەزىنى ئوبدان بىلىپ قالغانىدى. بۇ پۇل فارابى ئۈچۈن تولىمۇ ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇ پىيادە يول مېڭىپ ۋە ساددا ياشاپ ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. سەيپۇل دەۋلەنىڭ ۋەزىرى ساھىپ ئىبنى ئەبىبەد فارابىغا بەزى تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئالدىغا قىممەتلىك سوۋغىلارنى قويغانىدى، فارابى ئۇنىڭ تەلەپلىرى ۋە سوۋغىلىرىنى بىراقلا رەت قىلدى.

فارابى سەيپۇل دەۋلە ھۇزۇرىدا بىر يىلدەك تۇرۇپ قالدى. فارابى بۇ دەۋردە گەرچە سەيپۇل دەۋلەنىڭ ھامىيلىقىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنى سىياسىي ئىشلار ۋە خۇسۇسىي پاراغەتتىن يىراق تۇتۇپ، ۋاقتىنى قەدىرلەپ جىددىي ئىشلىدى.

www.kitaphumar.com

6

فـارابى 849 ـ يىلـى دەمەشـقتىن چىقىـپ ئىسمائىلىزىم پىكـىر ئېقىمـى تېـز سـۈرئەتتە كېڭىيىپ كېتىۋاتقان مىسىرغا كېلىـپ توختىـدى. فـارابى مىسىردا نۇرغۇن ئـالىملار بىـلەن تونۇشتى، ئىلمىي لېكسىيلەر ئوقۇدى ۋە بىر قاتار ئىلمىـي بەس ـ مۇنـازىرىلەردە ئۇسـتىلىق ئېلىپ، زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولـدى. فـارابى مىسـىردىمۇ ئـۇزاق تۇرمـاي يەنە دەمەشققە قايتىپ كەلدى.

فـارابى 80 ياشقا كىرىـپ قالغىنىغا قارىمـاي خېلىلا تەمبەل ۋە سـاغلام ئىـدى. قېرىـپ قالغـان بولۇشـىغا قارىمـاي سـەيپۇل دەۋلە سـوۋغا قىلغـان پەرغـانە ئارغىمىقىغـا باشـقىلارنى يۆلىگىلى سالماي مىنەلەيتتى. 80 ياشلىق فارابى يەنىلا ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ۋەزمىن، ئۆتكـۈر، تېتىــك بولــۇپ، ئەســتە قالــدۇرۇش قابىلىيىتىنىــڭ پەۋقۇلئــاددە يــۇقىرىلىقى، تەسـەۋۋۇرىنىڭ تېزلىكـى، ئالـدىن بايقـاپ بىلىـش ئىقتىـدارىنىڭ ئۇسـتىلىقى، مۇھـاكىمە ۋە نۇتقىنىڭ مەنتىقىلىقلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قالـدۇراتتى. ئـۇ ئۆمرىنىـڭ ئـاخىرىغىچە ئۆزىنىـڭ ئىلغـار كۆزقاراشـلىرىدىن زادىـلا يالتايمـىدى ۋە ھەقىـقەت يولىدىكى جاپالىق كۈرىشىنى بىرەر مىنۇتمۇ توختاتمىدى.

فارابى ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭـدىن دائىـم: «سـىز ئۇلـۇغ ئـالىممۇ يـاكى ئارىستوتىلمۇ؟» دەپ سـورىغاندا، فـارابى ئىزچىـل ھالـدا: «ئەگەر مەن ئارىسـتوتىل زامانىـدا ياشىغان بولسام، ئۇنىـڭ ئەڭ ئالـدىنقى قاتـاردىكى شـاگىرتلىرىدىن بولغـان بـولاتتىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

فارابى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە قانائەتلەنمىـدى، ئـۆگىنىش ۋە ئىزلىنىشنى زادىلا توختاتمىدى. فارابى ئىلىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆيلەنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

ئەبۇنەسىر فارابى ئۆز دەۋرىنىـڭ مەشـھۇر ئۇسـتازى سۈپىتـىدە كـۆپلىگەن شـاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغـا قوشـتى. ئۇنىـڭ يـالغۇز شـامدىلا ئـون مـىڭ ئوقۇغۇچىسـى بـار ئىـدى. فارابىنىــڭ شــاگىرتلىرى ئىچىــدىن ئىســلامىيەت شــەرقىگە تونۇلغــان مەشــھۇر ئــالىملاردىن نۇرغۇنلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىـڭ ھەررانـدىكى ئوقۇغـۇچىلىرى ئارىسـىدا ئەڭ مەشـھۇرى ئەبۇ زەكەرىـيە يەھيـا ئىبنـى ئەدى ئىـدى. يەھيـا ئىبنـى ئەدىنىـڭ شـاگىرتلىرى ئىچىـدىنمۇ بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى.

www.uyghurkitap.com



فارابى شەھەرلەرنى ئارىلاپ، ھەتتا يىراق - يىراق مەملىكەتلەرگە بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەشنى پەقەت قولدىن بەرمىگەنىدى. يۇرت - يۇرت ۋە شەھەر - شەھەرلەردە ئىلمىي سۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى دەۋر تەقەززاسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ بارغانلا جايدا كۆرگىنى ھاكىمىيەتتىن نارازى بولغان خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى، ھاكىمىيەتنىكى چىرىكلىك، ئىچكى نىزالار ئىدى. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ، باغداتتىمۇ، سۈرىيەدىمۇ، مىسىردىمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلمەتنىڭ ھەممە دەھشەتلىك تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇڭا ئۇ كۆرگەنلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

ھەر چېكىنگەن دەمدە تەتۈر بۇ زامان - دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا؛
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۈگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا؟

فارابى تىنىمسىز ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە غايەت زور ئىلمىي مىراس قالدۇرۇپ ئۆتتى. فارابى ئۆز ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازدى. ئۇ بەزى ئەسەرلىرىدە ئارىستوتىل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھلەپ جارى قىلدۇرغان بولسا، يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر بىلەن بايان قىلىپ چىقتى. فارابىنىڭ ئارىستوتىل، ئېۋكىلىد، پىتولمى قاتارلىق گرېك پەيلاسوپ ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا يازغان شەرھلىرى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەش، قايتا ئىزاھلاش، ئېنىقسىزلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈپ، نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. فارابى بۇ خىل شەرھى ئەسەرلىرىدە قەدىمكى گرېك ئىلغار كۆزقاراشلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، ئۇنى يېڭى پىكىر ۋە پاكىتلار بىلەن راۋاجلاندۇردى. فارابىنىڭ قارىشىچە، ئارىستوتىل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى بۇنداق ئىجادىي شەرھلەش ئۇنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ پەقەت باشلىنىشىلا ئىدى. فارابىنىڭ مەقسىتى ئارىستوتىلنىڭ ئىلغار ئىلمىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىش، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي

www.kitaphumar.com

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەلسەپىۋى جەھەتتىن يەكۈنلەش، ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە ئىمكانقەدەر توغرا جاۋاب بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. فارابى بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ بىر قاتار مۇستەقىل ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرگەن ئەسەرلىرى بىلەن ئورۇنلاپ، ئۆز پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى ياراتتى. فارابىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئىسلامىيەت شەرقىدە تەبىئەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئاچتى.

ئەرەب ئىلغار ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى زور مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى فارابىدىن باشلانغانىدى. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى قايسى مىللەت ۋە قايسى مەملىكەتتە ئاپىرىدە بولسۇن، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايتتى.

فارابى ئۆز دەۋرىنى، جۈملىدىن ئۆز بىلىملىرىنى تارىخ ۋە بىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى دەپ جاكارلىماي، تولىمۇ ئىپتىدائىي بىر بالداق، ھەتتا ئالەم سىرلىرىنى ئاچالمىغان بىر بالداق دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدە تولىمۇ چىنلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

مەۋجۇتلۇق سىرلىرى خام ـ پىشماي قالدى،
بۇ قىممەت دۇر يىپقا تىزىلماي قالدى؛
ھەركىم ئۆز ئەقلىچە بىر سۆز دېدىيۇ،
ئەمما ئەسلى سىر ھېچ ئېچىلماي قالدى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، تېخى ئالەمدىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ سىر ۋە قانۇنىيەتلىرى يېشىلمىگەن، كىشىلەر ئالەم سىرلىرىنى بىلىش يولىدا كۆپ ئىزلەنگەن بولسىمۇ، بىلىش تېخى ئاخىرقى پەللىگە يەتمىگەنىدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت پەھلىۋانى ئەبۇنەسىر فارابى مىلادى 950 ـ يىلى ماھى رەجەپ(دېكابىر ئېيى)نىڭ بىر كۈنى دەمەشقتىن بەلخكە كېتىۋاتقاندا، دەمەشققە يېقىن بىر جايدا مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنىڭ زور مال ـ دۇنيا ۋەدە قىلىپ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن قورallىق باندىتلار تەرىپىدىن ۋاقىتسىز ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

ئالىمنىڭ جەسىتىنى بىرىنچى بولۇپ يەنە ئەسقالاندىن دەمەشققە قايتىپ كېلىۋاتقان سەيپۇل دەۋلە بايقىدى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ قان - يامغۇر يىغلىدى.

شۇ كۈنى سەيپۇل دەۋلە رەسمىي ماتەم لىباسى كىيىپ، ئالىمنىڭ جەسىتىنى تېگىشلىك دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلدى. فارابىنىڭ قەبرىسى دەمەشىق شەھەر سېپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتتى! شەرقنىڭ ئەڭ ئالىي پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتىلچىسى ئەبۇنەسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. «شەرق ئارىستوتىلى»، «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان فارابى شەرق دۇنياسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى. ئۇ پەلسەپىگە ئۇل سالدى ۋە پەلسەپىدىكى ھەرقايسى ئىلىملەرنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان شەرق پەيلاسوپلىرى ئىدىيىسى ئىچىدە ئۇنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان ئىدىيە يوق دېيەرلىك. سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەرگىز پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىدىن تۆۋەن ئەمەس. پەلسەپە سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ قولىدا دۇنياغا كېلىپ، تا فارابى دەۋرىگە كەلگۈچە سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەلسەپە ئويلىشىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. فارابى غايەت زور ئەمگەك سىڭدۈرۈپ بۇ ئىشنى پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدا دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇتۇقلۇق تاماملىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدى. فارابىنىڭ شانلىق ئىدىيىسى ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يارقىن نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ۋە ياۋروپا پانتېزمىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا فارابىنى ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئىدىيە ئازادلىق مۇتەپەككۇرى»، «ئىلىم - پەن قەھرىمانى»، «روھىي ئەركىنلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزم ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جەڭچى» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەشمەكتە!

www.kitaphumar.com

# ئىسمايىل ھاجىم ھوزۇرىدا

(تارىخى ھېكايە)

مۇھەممەتئېلى مەتىمىن

ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، ساقال- بۇرۇتلىرى قويۇق، قىرىق بەش ياشلاردىكى بۇ كىشى موشۇ ئائىلىنىڭ غوجىدارى ئەمەت ئاخۇن ئىدى. ئۇ توختىنىڭ يىراقتىن- تاغ ئارقىسىدىكى «قارا سۇ» دىن كىرگەنلىكىنى ئۇيلىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ماتا كۆڭلەك ئىچىدىكى ئۇزۇق گەۋدىسى، بالىلىقنىڭ ئىزناسى كەتمىگەن تۇرگۇن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدىمۇ «ئەستا ، بۇ دېگەن ھېيىت تۇرسا ، يەنە كېلىپ قوشتاغدىن ئېزىز مېھمان بار ، باشقا چاغدا كەلسەڭلار بولماسمۇ ئۇكىلىرىم » دەپ غوتۇلداپ قويدى- يۇ ، بىزنى باشلاپ باغ تەرەپكە ماڭدى .

شۇ يىلى توختى مەندىن 4 ياش كىچىك ، 16 ياشقا كىرگەن . ئانىسى جەمىلەخان ئاچام كېسەلچان ، ئىككى ئاچىسى ياتلىق بولۇپ كەتكەن . ئۇكىسى روزى تېخى كىچىك بولغاچقا ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكى زىممىسىگە چۈشۈپ ، ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىدا راسا پىشقان . ئادەتتىكى چاغلاردا قىلىقلىرى سالماق ، گەپ-سۆزلىرى ۋەزمىن ئىدى . ئەمما ئۇ ھازىر باشقىچە ، ھاۋانىڭ سالقىن بولۇشىغا قارىماي ماڭلىيىدىن تەر تەپچىرەپ چىققان ، سېرىق چىرايى جىددىيلىكتىن سەل تاتارغان ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى. يىرىك ئالقىنى قىزىق ھەم بوش تىترەۋاتاتتى. مەن «قورقما» دېگەندەك ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويدۇم- يۇ، ئۇنىڭ ھاياجىنى ماڭا ئۆتۈپ يۈرىكىم ئىتتىك سوقۇشقا باشلىدى. راستىمۇ، دائىم شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان قاش ئېرىق بويىدىكى نەقىشلىك يوغان دەرۋازا، ماھىر ئۇستىلار تەرىپىدىن ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسمى ئويۇلۇپ گۈل چىقىرىلغان ئۇزۇن سالاسۇنلۇق پىشايۋان ئاستىدىكى غېرىپ-مىسكىنلەر كېكىرىپ، دەۋا-دەستۇر بىلەن كەلگەنلەر كۈلۈشۈپ چىقىپ كېتىدىغان، شائىر- ئۆلىمالار، سودىگەر-سەييياھلار، ھەتتا يايى- دورغىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ياسىداق ئايۋان-سارايلار، بولۇپمۇ بۇ روزىغار ئىگىسىنىڭ جاھانغا پۇر نامى-شۆھرىتى، توختىدەك تۇنجى قەدەم باسقان ئادەم تۈگۈل، ئىلىم خۇمار تۇغقانلىرىمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا چاقىرىش ئۈچۈن پات- پات كىرىپ تۇرىدىغان مېنىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.kitaphumar.com

سۇر باستۇراتتى.

ئىككىيلەن ئەمەت ئاخۇنغا ئەگىشىپ باغ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن نەشپۈت دەرەخلىرىنى ئارىلاپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راۋاققا قاراپ ماڭدۇق. باغ ئالاھەزەل ئون موچە بولۇپ، چوڭلۇقى ھەم دەرەخنىڭ كۆپلۈكىدىن چىتى كۆرۈنمەيتتى. دەرەخلەر ئەتىيازنىڭ ئىللىق شامىلىنىڭ سىپاشلىرىدىن قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا باشلىغان. تېرەكلەر پوتلا چىقىرىپ، ئۆرۈكلەر قوماچ بولغان، ئېرىق بويلىرىدا كوكاتلار يىڭنىدەك باش چىقارغان ئىدى. چوڭلۇقى ئايۋاندەك كېلىدىغان، ئالتە تۈۋرۈكلۈك، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىپ نەقىش چىقىرىپ سىرلانغان سەككىز گەز ئېگىزلىكتىكى راۋاق ۋە ئۇنىڭ يۇملاق قۇببىسى كەچكى قۇياش نۇرىدا دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چوخچىيىپ كۆرۈنەتتى. قورۇق ئىگىسى ياز كۈنلىرى يېزىقچىلىق قىلىدىغان ھەم خاس مېھمانلىرىنى باشلايدىغان بۇ راۋاققا يېقىنلاۋېتىپ، راۋاق ئىچىدىكى ئايلانما سۇپىدا ئولتۇرغانلارغا سەپسالدىم:

ئەمەت ئاخۇن ئېيتقان «قوشتاغدىن چىققان ئېزىز مېھمان» شۇ بولسا كېرەك. تۆردە ئورۇق، بۇغداي ئۆڭ، يۈزى سوقراق كەلگەن، ساقال- بۇرۇتى قىسقا ياسىتىلغان، سەرپۇش تۇماق كىيگەن قىرىق ياشلاردىكى بىر ئادەم بىلەن ئون بەش ياشلاردا بار سېمىز بىر ئوغۇل بالا، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە بۇرۇتلۇق، چىرايى سېرىقراق كەلگەن، ئورۇق، 27 ـ28 ياشلاردا بار بىر يىگىت چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. يىگىت ئۆي ئىگىسىنىڭ يېقىن دوستى ھەم شاگىرتى، ئۇستازىنىڭ پاناھىغا ئېلىشى بىلەن قوشتاغدىن كۆچۈپ چىققىلى ئۇزۇن بولمىغان، موشۇ ھويلا ئىچىدىكى كىچىك مەسچىت مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم (1) ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى، ئەل ئىشىدا راستچىل ، سەمىمىلىكى بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ، بالا ئوقۇتۇشتىكى چىۋەرلىكى بىلەن بىر قىسىم موللىلارنىڭ ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولغان، سول. پۇتى مېيىپ بولغاچقا، بىر دانە قولتۇق تايىقنى دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان بۇ كىشىنىمۇ نەزمە يازىدۇ، دېيىشەتتى. مەن «ئۇلباغ» لىق تالىپ باللاردىن بۇ كىشىنىڭ:

گۆش بىلەن پولو يېمەك غېرىسلاتماقتا،
ئارغىماق مىنمەك مەقسەت پىرقىراتماقتا.
بىر خامغا ئېلىپ بەگلەر پۇقرا قىزنى ،
ئاتا ـ ئانا، سەبىنى قىرقىراتماقتا.

www.kitaphumar.com

دېگەن نەزمىسىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئۈلارنىڭ ئۈدۈلىدا يۇمىلاق يۈلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چىرايى ئاق سېرىق، ساقال- بۇرۇتلىرى قوڭۇر، ۋۇجۇدى نازۇك ھەم ئورۇقراق كەلگەن، گۈللۈك شاپاق دوپپا كىيگەن، 60 ياشلاردىكى بىر بوۋاي ئۈلارغا نېمىدۇر بىر نەرسە توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ كىشى- ئىسمايىل ھاجىم ئىدى.

بىز كىچىكرەك بىر كۆلچەكتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، راۋاقنىڭ جەنۇبىغا قارىتىلغان ئىشىكى تۈۋىدە توختىدۇق. ئەمەت ئاخۇن پەلەمپەيدىن ئۆرلەپ راۋاققا كىردى-دە، ھاجىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.ھاجىم گەپتىن توختاپ بىزگە قارىدى ۋە قولىنى ئىما قىلىپ ئىنچىكە، ئىللىق ئاۋازدا:

—ھە، مەمتىمىنخانمۇ (2)سىز، كېلىڭ، كېلىڭ، بۇياققا ئۆتۈڭ،— دېدى.

مەن توختىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئالدىم:

— ۋەئەلەيكۇم ! — ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى. توختى ئىككىمىز راۋاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ھاجىمدىن باشلاپ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سۇپىغا چىقىپ ئورۇن ئالدۇق. ئەمەت ئاخۇن بىر ياندىكى شىرە ئۈستىدىن پىيالە ئېلىپ كېلىپ بىزگە چاي قۇيدى. ھاجىم ئوڭ قولى بىلەن داستىخاننى شەرەتلەپ:

— قېنى ئېلىڭلار بالىلىرىم، تارتىنماڭلار،— دېدى.

بىز چاينى قولىمىزغا ئېلىشىمىزغا سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم:

— ھەي، چاينى قويۇپ گۆش يەڭلار، ھېيتتا گۆش يېگۈلۈك،— دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— راست،— دېدى تۆردە ئولتۇرغان كىشىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۈلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن جىددىيلەشكەن نېرۋىمىز بوشاپ داستىخانغا قول سۇندۇق. داستىخان قوقاچ نان، نېپىز نان، ساڭزا ۋە تۈرلۈك قۇرۇق يېمىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئوتتۇرىدىكى تاۋاقتا پىششىق گۆش بار ئىدى. ئىككىمىز بىر تالدىن قوۋۇرغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدۇق. ھاجىم ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان ئەمەت ئاخۇنغا قاراپ:

— پىشتىمۇ؟— دېدى.

ئەمەت ئاخۇن ئۈندىمەي ئۆرۈلۈپ راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى. بىز دەماللىققا كېلىش مەقسىتىمىزنى ئېيتالماي، تەرلەپ- تەپچىرەپ ئۈنى- بۈنى يېگەن بولۇپ ئولتۇردۇق. ھاجىم بىزنى ئۈنتۇپ قالغاندەك بايا ئۈزۈلۈپ قالغان پارىڭىنى باشلىدى:

www.kitaphumar.com

— ئەمەت ئاخۇندىن ئۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىم غەزەپ كەلدى. مەن ئىسمائىل هاجى ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، نۇرغۇن ھەرەج تارتىپ كۆۋرۈك سالاي، سەن ئايۇپ ئاخۇن موللا تۇرۇپ، كۆرۈك سېلىشنىڭ قانچىلىك ساۋاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر تال تېرەككىنى مەندىن ئايا. بىكارغا بەر، دېمىسەدىمغۇ، پۇلغا ئالاي، تېرەكنى كەسكەندە يېتىپ كەتكەن قوناقلىرىڭنى تۆلەپ بېرەي،دېدىم. تېرەكنىڭ يوغان ھەم ئېگىزلىكىنى،سەل پىچىپ كەتكەن «كىيكچى» ئېقىنىغا خوپ كېلىدىغانلىقىنى دېمىسەممۇ بىغىمدا تېرەك دېگەن تولا گەپ. سېلىپ بولغان ئۇن بىر كۆۋرۈككە خەقنىڭ بىر تال بادرىسىنىمۇ ئىشلەتمىدىم. ئۇ يەنە نېمە دەپتۇ دېمەمسىز،— ھاجىم تۆردە ئولتۇرغان كىشىگە قاراپ قويدى،— «ئىسسمائىل ھاجىمغا ئىسكەندەر ھاجىمدىن نۇرغۇن دەپى - دۇنيا مىراس قالغان بىلەن ماڭا دادامدىن مۇشۇ بىر تېرەك مىراس قالغان. تېرەكنى كۆرسەم دادامنى كۆرگەندەك بولىمەن. ھاجىم تېرەكنى مەندىن تالاشمىسىمۇ بولار» دەپتۇ. بەچچىغەر موللا، دادامدىن ماڭا تۆت تام بىلەن ئۇن نەچچە قويدىن باشقا ھېچنىمە مىراس قالمىغانلىقىنى، مېنىڭ بىر ئۆمۈر تۆجۈبلەپ باشقۇرۇپ بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! بۇلتۇر ھۆكۈمەت سەل ئېقتىپ كەتكەن كۆۋرۈكلەرنى ئوڭشايمىز، دەپ خەققە ئالۋاڭ سالغاندا ھەممىنى ئۆزۈم سالاي دەپ ئالدىمغا تارتمىغان بولسام يۈز بېشى، دورغا دېگەنلەر ئايۇپ ئاخۇننىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ كېلىپ، تېرەكنى ئۆزىگە كەستۈرۈپ بىكارغا ئېلىپ كەتكەن بولسا، شۇ چاغدا «دادامدىن قالغان ئىدى» دېيەلەرمىدى؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تېرەكنى تۆگۈل قالغان ئەڭ چوڭ مىراس - ئۆزىمۇ قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىدىغۇ ئاخىر. «خەپ توختا موللا» دېدىم ئىچىمدە ۋە ئاتنى توقۇپ ئۇن ئادەمنى ئېلىپ قوشتاغقا ماڭدىم. تېرەك راستلا ئېگىز ئىكەن. «بومۇغا» غا بارغىنىمدا يىراقتىن چوقچىيىپ كۆرۈندى. چىغىلىقتا — ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بىردەمدە يەتتۇق. ئۆيگىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىقتا كۆككا تاقىشىپ تۇرغان قارا تېرەك تۇۋىگە باردىم. پەممىچە تېرەكنىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە بەش گەز كېلەتتى. چاتالمىغاچقا ئىچى پورمۇ چىمايتتى. كىيكچى كۆۋرۈكنىڭ كەملەپ قالغان يان ياغىچىغا تازا باپ كېلەتتى. ئاڭغىچە ئايۇپ ئاخۇن خوتۇن- باللىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. چىرايى سالقىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق كۆرۈشتۈم- يۇ گەپ قىلماي تېرەكنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. كاللامدا ئەشئار قۇشى قانات قېقىشقا باشلىدى. تۆتىنچى ئايلىنىشتا ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئالدىدا توختاپ، مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدۇم:

www.kitaphumar.com

ئافەرىن، ئەي قوشتاغلىق موللا ئايۇپ،
ئىسمەسەلا جانىبىدىن كىرىدىم كايىپ.
بەرمەپسەن تېرىكىڭنى ئالاي دېسەم،
بولدىمۇ ئەقلۇ- ھوشۇڭ سەندىن غايىپ.
دادامدىن قالغان مىراس، دەپسەن تېخى،
كۆۋرۈك سېلىش داداڭغىمۇ ئىدى ۋاجىپ.
بەرمىسەڭ تېرىكىڭنى ياخشىلىقچە،
ئىسمائىل ھاجى كېسمەن شۇنداق قايرىپ.

ــبولدى ھاجىم، بولدى ــ ئايۇپ ئاخۇن يىغلىغىنىچە كېلىپ ماڭا ئېسىلدى ــ خوش بوپ كېتەي، ئەمدى ئوقۇمىسىلا، تېرەك تۆگۈل بۇ نادان بېشىم سىلىدىن ئايلانسۇن. مەن ئەقلىسىزلىق قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتتىم. ئۆزلىرىنى نەزمە يازىدۇ، ئالىم كىشى دەپ ئاڭلىغان. مانا بۈگۈن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئىشىتتىم، ئۆزلىرىنى يېقىندىن بىر كۆرسەم، دەپ ئارمان قىلاتتىم. بۈگۈن كۆرۈپ قاندىم، راستلا ئەۋلىيا ئىكەنلا...

ــ يىغلىمىسىلا، ــ دېدىم، مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ياش كېلىپ،ــ نەزمە يازغان كىشىنى ئەۋلىيا دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما نەزمىنى چۈشەنگەن، نەزمە ئۈچۈن ياش تۆككەن ئادەمنى ئەۋلىيا دېسەك بولىدۇ.

ئەتراپتا تاغلارمۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. تېرەكنى شۇ كۈنىلا كەستۇق. بىرىنچى پالتىنى ئايۇپ ئاخۇن ئۆزى چاپتى. ئۇزۇن ئۆتمەي 12- كۆۋرۈك- كىيكچى كۆۋرۈكمۇ پۈتتى. كۆۋرۈك پۈتكەن كۈنى ئۈچ ئاي چامىسىدا قوشتاغقا ئۆتەلمىگەن كىيكچى، قاراسۇ، قارامان خەلقى بىرلىشىپ كىيكچىدە نەزىر بەردى. نەزىرنىڭ باش مېھمىنى سۆپىتىدە تۆرگە چىقىرىلغان ئايۇپ ئاخۇن ئەلنىڭ ئالقىشىدىن يەنە يىغلاپ كەتتى...

ھاجىم گەپتىن توختاپ، خۇددى خەلقنىڭ شۇ كۈندىكى ئالقىش سادالىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرمۇ يېپىشتىن توختاپ ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقان ئىدۇق. جىمجىتلىقنى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم بۇزۇپ سۆز قاتتى:

ــمانا بۇ ئەشئارنىڭ قۇدرىتى!

ــ ئارى،ــ دېدى تۆردە ئولتۇرغان مېھمان- مەۋلانىمىز تەجەللى ھەزرەت «ئادەملەرنىڭ جىسمىنى تۇزەش ئۈچۈن تېبابەتنى؛ دىلنى تۈزەش ئۈچۈن ئىجادىيەتنى

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەسىپ قىلىدىم» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە ياخشى نەزمە قەلب شامى تېخى نادانلىق شامىلى بىلەن ئۆچۈپ كەتمىگەن كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ ياخشىلىققا ئۈندەيدىكەن. بۇ توغرىدا مېنىڭ بېشىمدىنمۇ بىر ۋەقە ئۆتكەن.

ــقېنى ، ئاڭلاپ باقايلى،ــ دېدى ئىسمائىل ھاجىم قىزىقىپ.

ــبۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن،ــ دېدى مېھمان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ،- قوشتاغلىق ئىككى تالىپ بىلەن يەكەنگە ماڭدۇق. قىش كۈنى بولغاچقا خۇپتەنگە يېقىن قاغىلىقنىڭ «ئايكەند» دېگەن يېرىدىكى نىزامىدىن ئىسىملىك بىر كونا تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. نىزامىدىن مەن دېمەتلىك، ھال كۈنى ئوتتۇراھال، مېھماندوست ئادەم ئىدى. ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغان ئىدۇق. بۇ قېتىم ئۆيىدە خوتۇن ـ باللىرى يوق ئىكەن. ئۆزى پايپاسلاپ يۈرۈپ قوي سويۇپ قازانغا گۆش سالدى. بىزنىڭ ھېرىپ- ئېچىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئويلاپ ئىتتىك ئېلىۋەتتىمۇ گۆش خامراق پىشقان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر پارچىدىن يەپ، تاغدىن-باغدىن گەپلىشىپ بىر چاغ بولغاندا ئۇخلاشقا ياتتۇق. بىچارىنىڭ ئوتۇنى تۈگەپ قېلىپمىدىكىن، ئۆي ئىسسىماي، يوغان موربىدىن شامال كىرىپ كېچىچە توڭۇپ چىقتۇق. سەھەردە يولغا چىقماق بولۇپ ئېغىلغا كىرسەم، ئاتلارنىڭ قورسىقى ئىچىگە تارتىلىپ كېتىپتۇ. يا مەن دېمەپتىمەن، يا نىزامىدىن ئۆزى بىلىپ ئوت- بوغۇز بەرمەپتۇ. ئۇزۇن سەپەردە ئۇلاغ ئاچ قالسا بولمايتتى. مەن جىلە بولۇپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە نەزمە يېزىپ قويدۇم-دە، ھەمراھلىرىم بىلەن «ئۇششاقباش»قا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. كېيىنكى يىلى قايتاشىمدا يەنە نىزامىدىننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىمغا يىغلاپ چىقتى. مەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇ نەزمىنى نىزامىدىن قەغەزگە كۆچۈرۈپ ساقلاپتۇ. گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن يولۇمغا بىر يىل قاراپتۇ. مەن چاقچاق قىلغان، دەپ تۇرۇۋالسامۇ ئۇنىماي مېنى 2 كۈن ئوبدان مېھمان قىلىپ ئاندىن قوشتاغقا يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ نەزمە دائىم ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ.

ــ ئادەمنى زارىقتۇرماي ئوقۇماملا.- دېدى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم.

مېھمان گېلىنى قىرىپ قويۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي نىزامىدىن، نىزامىدىن چىقتىڭىز،
پىشمىغا گۆشتە گېلىمنى سىقتىڭىز.
ئۆيگە مېھمان كەلسە سوغۇقتا توڭدۇرۇپ،

ئات- ئۇلاغنى يەم- بوغۇزدىن قىستىڭىز.

ــ جايىدا، جايىدا،ــ دېدى ھاجىم كۈلۈپ كېتىپ، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

ــشۇ ئارىدا ئەمەت ئاخۇن بىر لىگەندە تۇخۇم كۆتۈرۈپ راۋاقتا كەلدى ۋە لىگەننى داستىخانغا قويدى. ھاجىم مېھمانغا قاراپ:

ــ قېنى تۆمۈر ھاجىم،(3) تۇخۇمغا باقىلى،ــدېدى.

مەن شۇندىلا تۆردە ئولتۇرغان بۇ كىشىنىڭ قوشتاغ جايناغۇتلۇق تۆمۈر ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇرۇن بۇ كىشىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولساممۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

ــتۆمۈر ھاجىم تۇخۇمدىن بىرنى ئالدى-دە، بىزنىمۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، تۇخۇمنى سويۇشقا باشلىدى. بىزمۇ تۇخۇمدىن بىر تالدىن ئالدۇق. ئىسمائىل ھاجىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال تۇخۇم ئېلىپ جايىغا ئولتۇردى. ئەمما تۇخۇمنى سويماي چۆرگىلىتىپ، سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

ــ تۇخۇمغا ئەجەپ قاراپ كەتتىلىغۇ، نەزمە قاتاي دەۋاتاملا؟ــ دەپ سورىدى تۆمۈر ھاجىم.

ــ ياق، ــ دېدى ھاجىم ــ كاللامغا باشقىچىرەك بىر خىيال كېلىۋاتىدۇ. مۆھتىرەم ئىنىمىزنىڭ كىچىكىدە زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ھالا بۈگۈن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە بىر قانچە يىل ئوقۇپ قايتىپ كەلدىڭىز. ئىلىمدە كامالەتكە يەتتى، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ شۇنداق بىر ئەسكى خۇيۇم بار، ئۆيۈمگە بىرەر ئوقۇغان- بىلگەن ئادەم كەلسە ، سۇئال سوراپ بەھس قىلىشقا ئامراق . شۇڭا ئۆزىڭىزدىن بىر سوئال سورىسام كۆڭلىڭىزگە كەلمەس.

ــ يوقسۇ، ھەرگىز كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ ، ــ دېدى تۆمۈر ھاجىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، - مەن يەكەن ، قەشقەردە ئۇزۇن ئوقۇدۇم ، ھالا ئۆمۈر داۋىنىنىڭ چوققىسىغا چىقىپتىمەن، ئوقۇپ چارچاپتىمەن. ئۆزلىرى بىلىلا ، ئادەم ئىلىمگە قانچە ئىچكىرلىگەنسېرى بىلگەنلىرىنىڭ شۇنچە ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىكەن . ئۆزۈمنى كامالەتكە يەتتىم ، دەپ ئېيتالمىساممۇ، مەن ئەمدى قوشتاغدا مۇقىم ئولتۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ، بىر تەرەپتىن شۇ ئاز بىلىمىمنى بولسىمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق قىلىپ چاچاي دەيمەن . ئۆزلىرى تەرىپ قىلغاندەك ئۇنداق كامالەتكە يەتمىگەن بولسامىمۇ ، مانا ئالدىمدا كامالەت ئىگىسى - ئۆزلىرى ئولتۇرۇپلا ، خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈنكىدەك ئۇچرىشىپ ، ئۆزلىرىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرسام ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كامالەت خانىدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن

www.uyghurkitap.com



ئورۇن ئېلىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس . قېنى سوئاللىرىنى ئاڭلاپ باقاي ، جاۋاب بېرەلمىسەم مائاپ قىلارلا .

ــ ئىلمىي ھال (4)دىن سورىمىسامۇ ھەممىنى بىلىسىز، ئىلمىي مەنتىق (5) بارىسىدىن بىر سوئال سوراپ باقاي ، ـ دېدى ھاجىم ھەممىمىزنى تاڭ قالدۇرۇپ ۋە ئالقىنىدىكى تۇخۇمنى تۆمۈر ھاجىمغا ئۇزاتتى ، ـ قېنى دەپ بېقىڭچۇ ، ماۋۇ تۇخۇمنى قايسى رەڭلىك توخۇ قاچان كاككىلىغان ؟ (6)

تۆمۈر ھاجىم تۇخۇمنى ئېلىپ كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ ئۆرۈپ- چۆرۈشكە باشلىدى. قالغانلار قانداق جاۋاپ بېرەركىن، دەپ تۆمۈر ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قاراشتۇق.

تۆمۈر ھاجىم تۇخۇمغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن ئىسمائىل ھاجىمغا قاراپ بېشىنى ئەگدى. چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

ــ بۇنىڭغا مەن ئاجىز كەلگۈدەكمەن ھەزرىتىم، بەندە پەقەت زاھىر (7)نى بىلگۈچى، باتىننى (8)بولسا ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. ئاللا «قۇرئان» كېرىمدە «ئالىمۇلغەيبى ۋەششەھادەتىل ئەزىزۇل ھەكىم» (9)دېگەن. «قۇرئان» دا يەنە : «ئالىمۇلغەيبى فەلا يۇزھىرۇ ئەلا غەيبىھى ئەھەدا» (10) دېيىلگەن. شۇڭا بۇ تۇخۇمنى قانداق توخۇ كاككىلىغانلىقىنى ئاللا بىلىدۇ.

ــ دۇرۇس،ــ دېدى ھاجىم ـ ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئەمما سىز ئېيتقان كېيىنكى ئايەتتىكى «غەيىب» قانداقتۇر تۇخۇمغا ئوخشاش كىچىك «غەيىب» بولماستىن، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭ «غەيىب» دۇر. بۇ غەيىبنى ئىنسان بالىسى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئۇتۇماڭكى ئاللا يەن « ئەللەمەل ئىنسان مالەم يەئلەم» يەنى «ئاللا ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» دېگەن. سىزدىن يەنە سوراپ باقاي، ئەئلەم نېمىدۇر؟

ــ بىلمەك.

ــ «بەدان» چۇ؟

ــئۇمۇ بىلمەك.

ــ ھەببەللى،- دېدى ھاجىم- ئىجتىھات قىلسا، بىلگىلى بولمايدىغان ھېچ نەرسە يوق. زاھىرنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ تىرەن تەپەككۇر قىلسا، زاھىردىن باتىنغا ئۆتكىلى بولىدۇ. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش سىزدەك كىتاب بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمگە ئىنتايىن ئاسان. ھەتتا بۇنى دېھقانىنىڭ كىچىك بالىلىرىمۇ بىلىدۇ. قانداق دېدىم بالام؟- ھاجىم بىردىن توختىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ھاجىم توختىنىڭ نىمكەش كىيىملىرى، ئەمگەكتە پىشقان دىقماق گەۋدىسى، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايىغا قاراپ

ئۇنىڭ ھەقىقىي دېھقان بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى.

توختى دەسلەپ قىزاردى، كېيىن جۈرئەت بىلەن تۆمۈر ھاجىمنىڭ ئالدىدىكى تۇخۇمغا قول ئۇزاتتى. ئاڭغىچە سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم توختىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئېڭىشىپ تۇخۇمنى ئالدى-دە، توختىنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ قويدى. توختى تۇخۇمغا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ تۇخۇمنى قارا توخۇ كاكىلىغان، كاكىلىغىلى بىر ئايدىن ئاشماپتۇ.

ــ بۇنى قانداق بىلدىڭىز ؟- دەپ سورىدى سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇم تەئەججۇب بىلەن. ھاجىم بولسا مىيقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ــ بىزنىڭ قاراسۇدا توخۇ، ئۆردەكنى كۆپ باقىمىز،ــ دېدى توختى،ــ بىزنىڭمۇ ئون نەچچە توخۇمىز بار. ئۇلار كاكىلىسا ئۇۋۇسىغا قارايمەن، قايسى توخۇنىڭ قانداق تۇخۇم كاكىلىغانلىقىغا دىققەت قىلىمەن. بارا- بارا توخۇغا قارىمىسامۇ تۇخۇمغا قاراپ قايسى توخۇنىڭ كاكىلىمىغانلىقىنى بىلىدىغان بولدۇم. قارىسام بۇ تۇخۇم تۇم ئاق، سوقراق ھەم كىچىك ئىكەن. قارا توخۇنىڭ تۇخۇمى موشۇنداق ئاپپاق بولىدۇ. بۇلتۇرقى چۈجىلا موشۇنداق كىچىك كاكىلايدۇ، مىكيان قىشتا كاكىلىماي ھاۋا ئىسسىغاندا كاكىلايدۇ. شۇڭا كاكىلىغىلى بىر ئايدىن ئاشماپتۇ ،دېدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجىمنىڭ كەلدى- كەتتىسى كۆپ، بۇ ئۆيدە تۇخۇم ئۇزۇن تۇرۇپ قالمايدۇ-دە.

ــ بارىكاللا،ــ ھاجىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ميانىدا ئۆرە تۇرغان ئەمەت ئاخۇندىن سورىدى:

ــ شۇنداقمۇ ئەمەت ئاخۇن؟

ــ بالىنىڭ دېگىنى توغرا،ــ دېدى ئەمەت ئاخۇنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق بالام،ــ دېدى ھاجىم،ــ تۇخۇمنى دورىلىق دەپ قارا توخۇ باققان ئىدىم، دەل تاپتىڭ. ئاجايىب زېرەك ئىكەنسەن، كىمنىڭ ئوغلى سەن، سېنى بۇرۇن كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

ھاجىم تۆمۈر ھاجىم بىلەن بولغان مۇنازىرىسىنى ئۇنتۇپ توختى بىلەن بولۇپ كەتتى. تۆمۈر ھاجىممۇ يېنىك تىن ئېلىپ توختىغا تىكىلدى.

ــ ئېتى توختى، قارا سۇدىكى ھېلىم ئاكامنىڭ بالىسى،ــ دېدىم مەن ھېلىقى ئىشنى ئېيتىشنىڭ پۇرستى كەلگەنلىكىنى بىلىپ،ــ ھېيتلاپ كىرىپتىكەن، ئۆزلىرىگە دەيدىغان بىر ئىشى بار ئىكەن، شۇڭا بىللە كىرىشىم.

ــ ھە، بىر نەۋرە ئىنىڭىز ئىكەندە، نېمشقا يامانكىن دېسەم، مۇھەممىدۇن موللامنىڭ

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەۋرىسىكەن ئەمەسمۇ، ھېلىم ئۇستام ساقمۇ بالام؟ــ دېدى ھاجىم . ھاجىمغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم، دوستىت- يارەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي ئۇ يىراق يەردىكى بىر ئاددىي ئادەمنى، ئۇنىڭ موزدۇز ئىكەنلىكىنى يادىدا تۇتقان ئىدى.

ــ دادام تۇگەپ كەتكىلى 4 يىل بولدى.ــ دېدى توختى مەيۈس ھالدا.

ــ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن.- دېدى ھاجىم.- سۆزلەۋەر. بايا مەمتىمىنخان بىر ئىشى بار ئىكەن دېگەندەك قىلىۋىدى.

ــ ماقۇل، ھەر قايسىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتسامۇ سەل باشتىن دەي.ــ دېدى توختى.ــ 4يىل بۇرۇن دادام رەھمەتلىك تۇگەپ كېتىش ئالدىدا قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ : «مەندىن قالساق ئاناڭنىڭ تويىنى قىلىپ بەر » دېگەن ئىدى. ئائىلىمىز كەمبەغەل بولغاچقا دادامنى مىلىك تەستە يەرلىكتە قويدۇق، نەزىرلىرىنى بولسا ئۆتنە- يىپرىم قىلىپ ئاران بەردىم. ئۆي ئىشلىرىنى ئانام بىلەن ئىنىمغا تاشلاپ قويۇپ، قەررزنى ئۈزۈش ئۈچۈن بايلارنىڭ قويىنى باقتىم. قوي بېقىپ يۈرۈپ «موجى» دىن قاراسۇغا كېلىپ قالغان مۇسا ئاكام بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ كىشى 50 ياشقىچە ئۆيلەنمىگەن، تەنھا، يۇۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا قوي بېقىشنىڭ ئەلمى- تەلىمىنى ئۆگەتتى. يازنىڭ ئۈپلىرىدىن، قىشنىڭ سوغۇقلىرىدىن مېنى ئاسراپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۇنى پات- پات ئۆيگە باشلاپ كىردىم، بارا- بارا ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ بىر ئادىمىگە ئايلىنىپ،ھەممىمىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. بايقىسام ئانام ئۇنىڭغا باشقىچە كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداي دەپ ئۇلارغا ئۆزۈم ئەلچى بولدۇم. ئۇلار قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. تويىنى موشۇ قۇربان ھېيتنىڭ 5- كۈنى قىلايلى دېيىشتۇق.

توختى گېپىدىن توختاپ بىر پىيالە چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئىسمىسلادىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلغاچ ھېيتلاپ چىقاي، دەپ تاڭنۇگۇن كىرگەن ئىدىم. ئەتىگەندە قىشلاقتىكى مۇبارەك ئاكامنى ھېيتلاپ باراي، دەپ مەمتىمىن ئاكام بىلەن كېتىۋېتىپ ئەشرەب باينىڭ بېغىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. باغدا بىر توپ قوي ئوتلاپ يۈرگەن ئىكەن، سىنچىلاپ قارىسام بىزنىڭ بوز قوي تۇرىدۇ، ئارقىسىدىن بىر جۈپ قوزا ئەگەشتۈرۈپتۇ. باغقا كىرىپ قوينى ئېلىپ ماڭاي، دەپ ئويلىدىم- يۇ، ئەشرەب باينىڭ قامچىسىدىن قورۇقتۇم. شۇڭا سىلىنى كەمبەغەللەرگە ئامراق، دەۋانى ئادىل سورايدۇ، دەپ ئاڭلاپ يانلىرىغا كىرىشتىم، بېشىمنى سىلاپ ئەشرەب بايدىن قويۇمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا.- توختى سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى.

ــ ھەي، ھەي، توختا، يىغلىماي گەپ قىلغىنا، سىنىڭ قويۇڭ قانداق قىلىپ ئەشرەب بايىنىڭ بېغىغا كىرىپ قالدۇ؟ــ دېدى ھاجىم.

ــباياتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپتىمەن،ــ توختى يىغى بىلەن يېشىنى سۈرتىۋېتىپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى،ــ ئەشرەب باي كۆزدە قارا سۇغا چىقىپ بىر ئائىلىگە بىردىن قوي ئالۋاڭ قويدى. مال بېقىپ يۇرۇپ تاپقان بىر قويۇم بار ئىدى، مەندىن شۇنى ئالدى. ھەممە ئائىلىدىن ئالدىمىكىن دېسەم ئەشرەب بايىنىڭ ئىسمىسلاغا ھەيدەپ ماڭغىنى 20 قوي. مەن ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ :« ئەشرەب ئاكا، بىز كەمبەغەل بولغاندىكىن ئېتىبار قىلىپ قويۇمنى بېرىۋېتىڭ» دېسەم، ئۇ «كەمبەغەلمۇ ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراسى، قوينى ئالسا ھۆكۈمەت ئالدۇ، سېنى مەن كەمبەغەل قىلىپ قويمىدىم» دېدى. مەن:« مەن ھېچبولمىسا تۇغقانىدارچىلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىڭ» دېسەم، ئۇ : «كىم سېنىڭ تۇغقىنىڭكەن» دەپ قامچا ئويىنىتىپ دېۋەيلەپ كەلدى. مەن قېچىپ كەتتىم. ئەتىگەن قارىسام بىزنىڭ قوينى ھۆكۈمەت ئەمەس، ئەشرەب باي ئاپتۇ، بىرسى ئۆچ بوپتۇ .

توختىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان ھاجىم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزىنى توختىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ تووۋلىدى:

ــ ئەمەت ئاخۇن!

ــ لەببەي،ــ ئەمەت ئاخۇن ھاجىمغا يېقىن كەلدى.

ــ ئادەم بۇيرۇڭ، ئەشرەب باي ھازىر كەلسۇن!ــ ئەمەت ئاخۇن چىقىپ كەتتى.

ــ ئەشرەب باي بىلەن سەن قانداق تۇغقان؟- دەپ سورىدى ھاجىم توختىدىن.

ــتاغا ئاچام (11) زەيناپخاننىڭ ئېرى.

ــ ھىم!ــ ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ راۋاقتىن چىقتى- دە، نەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا خىيال سۈرگىنىچە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ھاجىمنىڭ كۆزلىرى قىسلغان، لەۋلىرى ھىمىرلىگەن، كەينىگە قىلىۋالغان قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى.

تۆمۈر ھاجىم سەيد ئەھمەد ئاخۇنۇمدىن سورىدى:

ــ ئەشرەب باي دېگەن نېمە ئادەم ئۇ؟

ــ «ئۇلباغ» بىلەن «جاي» نىڭ يۇز بېشى.

ــ «ۋەئىننەھۇلىھۇبىبىل خەيرى لەشەدىد» (12) ــدېدى تۆمۈر ھاجىم. تۆمۈر ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، ھاجىم :

ــ ئامراقلىقى قۇرۇسۇن ، « ئەۋلالەكە فەئەۋلا » (13) ــدەپ قويدى بىزگە قارىماي تۇرۇپ .

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــئەشرەپ باينىڭ ئۆيى «ئۈلباغ» دا، ھاجىمنىڭ ئۆيى جايلاشقان «ئايباغ» قا يېقىن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يول تەرەپتىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئالدىدا ئەمەت ئاخۇن، كەينىدە تەمبەل، شاخ بۇرۇت ئەشرەپ باي باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇ يوغان گەۋدىسى بىلەن ئالچاڭلاپ كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ دېگىنىچە ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈشكە مېڭىۋىدى، ھاجىم قولىنىمۇ ئۇزاتماي ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ ھە ئەشرەپ باي، نېمىش قىلدۇق؟

ــ ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندايمەن، دەپ شاپاشلاپ يۈرۈپتىمەن ھەزرىتىم،ــ ئەشرەپ باي بىر ئىشنى سەزگەندەك قول باغلاپ تۇردى.

ــ مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى قانداق ئورۇندىدىڭلار ھە!؟- ھاجىمنىڭ غەزەبلىك ئاۋازى ھەممىمىزنى چۆچۈتىۋەتتى.- مەن كەمبىغەلنى بولا، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنى تالا دېگەنما؟!

ــ بۇ ... بۇ... ــ ئەشرەپ باي ھودۇقىنىچە تېخىمۇ ئېگىلدى.- ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس ھەزرىتىم، مەن ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

ــ ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمىش ، ئاۋۇ بالىنى تونۇمسىلە؟ــ ھاجىم قولى بىلەن توختىنى چىنىدى.

ئەشرەپ باي بۇرۇلۇپ توختىغا قارىدى- يۇ تاتىرىپ كەتتى. دەقىقە ئىچىدە توختىغا ھومىيىپمۇ ئۆلگۈردى.

ــتونۇيمەن، جەملەخاننىڭ ئوغلى.

ــ سىلىنىڭ زەيناپخاننىڭ ئاكىسى ھېلىم موزدۇزنىڭمۇ ئوغلى، كۆزدە ئۇنىڭ بىر قويىنى ئالۋاڭغا ئالغان، شۇنداقمۇ؟

ــئەشرەپ باي ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى. ؟ئۇ ئالاڭلاپ بىزگە بىر قاراپ قويۇپ جىم بولۇۋالدى.

ــ ئۆزۈڭلار دەمسىلە ياكى مەن دېگۈزىمەنما؟

ــشۇنداق، ئالغان،- دېدى قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئەشرەپ باي.

ــقارا سۇغا نەچچە قوي ئالۋاڭ كەلگەن؟

ــيىگىرمە.

ــ تۈزۈك گەپ قىلىڭلا.

ــ ئون بەش.

ــ نەچچىنى يىغدىڭلا.

www.kitaphumar.com

ئەشرەپ باي جىم تۇرۇۋالدى يەنە جىم تۇرۇۋالدى.
ــ يىگىرمىنى ئالدىڭلا، توغرىمۇ؟
ئەشرەپ باي بېشىنى لىڭشىتتى.
ــ ناھىيگە نەچچىنى يولغا سالدىڭلا؟
ــ ئون بەشنى.
ــ بەش قوينى نىمە قىلدىڭلا؟
ــئەشرەپ باي يىغلامسىراپ سۆزلەپ كەتتى:
ــ ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ھەزرىتىم، بۇ دورغىلارنىڭ قارنى بەك يامان، قويلارنى يىغىپ بولغۇچە ئۈچ دورغا ئۆيۈمدە يېتىۋېلىپ بەش قويۇمنى يەپ بولدى. ئۇلارغا يا بىر نىمە دېگىلى بولمىغان، يا پۇلنى سورىغىلى بولمىغان. شۇڭا قوينى قارا سۇدىن ئېلىپ ئورنىغا سېلىپ قويدۇم. قانداق قىلىمىز ھاجىم، باي ئاتالغىنىم بىلەن ھالىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، باللىرىم كۆپ...
ــبوپتۇ، بۇ قىلغىنىڭنى توغرا دەپ تۇرايلى،ــ دېدى ھاجىم سەل يۇمشاپ،ــ توختىدىن ئالغان قوي نىمشقا ناھىيگە كەتمەي ئېغىلىڭدا يۈرۈيدۇ؟
ــ قارىسام قوي خېلى خىلكەن، ھەم بوغازدەك تۇرىدۇ، كۆزۈم قيىماي ئورنىغا ئېغىلدىن بىر توقلا چىقىرىپ بەرگەن.
ــ يا كەمبەغەلنى، يا تۇغقاننى تونۇمايدىغان، بوغاز قوينى ئاسان تونۇيدىغان ئەجەپ كۆزكەن ئۇ،ــ ھاجىم يەنە قايناپ كەتتى.- دەڭلا قېنى، قاراسۇلۇقلار سىلىنىڭ ئون بېشىلىق ھەققىڭلىگە قانچىلىك بىر نىمە بېرەتتى؟
ــ 50 چارەك قوناق.
ــ ئالدىڭلىمۇ؟
ــ بۇلتۇرقىنى ئالدىم، بۇ يىلقىنى كۈزدە بىرەر.
ــ يۈز بېشىلىق ھەققىڭلىنى دېمەي، سىلىگە يىلدا تۆپە تاشتىن 50 چارەك قوناق كىرىم بولسا، يېرىڭلار بىر پاتمان تۇرسا، بۇمۇ يەتمەي يەنە ئوسال ئىش قىلىساڭلا، يۇقىرىدا ھۆكۈمەتنى ئالداپ، تۆۋەندە پۇقرانى بوزەك قىلىساڭلا، قامچا ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇشتىن باشقىسىنى ئۇقمىساڭلا، يۈز بېشى تۇرۇپ ئالۋاڭ يىغىشنى بىلمىسەڭلا، بۇنى نىمە دېگۈلۈك- ھە! ئالۋاڭ دېگەن خەقنىڭ يېرىگە، چارۋىسىغا قاراپ بىر قاتاردىن يىغىدىغان، ھۆكۈمەت قانچىلىك دېسە شۇنچىلىك ئالىدىغان نىمە ئۇ.- ھاجىم بىرگە قاراپ تۆمۈر ھاجىمنىڭ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەسكويىغا چۈشتى،ــ گەپ قىلسام ئادەم بار يەردە ئىزا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارتسىلە، ھېيتتا خەقنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈممۇ يوق. قالغان گەپنى كېيىن قىلشايلى، ئۆزۈڭلا دەڭلا. توختىنىڭ ئىشنى قانداق قىلىمىز؟

ــ ئۆزلىرى دېگەن يۇرت ئاتىسى، نېمە دېسىلە شۇ.

ــقوينى قوزىلىرى بىلەن قوشۇپ توختىغا قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئاۋاك ئېلىشنى بىلمىگەندىكىن ناھىيىگە كەتكەن قوينىڭ زىيىنى ئۆزەڭلىگە.

ــ ئوبدان.

ــ ئەمەت ئاخۇن قېنى سىز؟ــ دېدى ھاجىم.

ــ مانا مەن.

ــ سىز ئۆزىڭىز بېرىپ قوينى قوزىلىرى بەن ئېلىپ توختىغا ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرسىز. يەنە بىر گەپ، توختىغا ئېغىلدىن يارام قويدىن بىرنى باغلاپ بېرىڭ، تۇل خوتۇن بىلەن مۇساپىرنىڭ تويىغا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن.

ئاندىن ھاجىم توختىنى شەرەت قىلدى. توختى ئىتتىك بېرىپ ھاجىمنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇردى. ھاجىم توختىنىڭ پىشانىسىگە سۆيدى:

ــ رەھمەت ئوغلۇم، باياتىنقى تاپقۇرلىقىڭغا ئاپىرىن، كىچىك تۇرۇپ داداڭنىڭ ۋەسىيتىنى ئورۇنداپ، قولۇڭ قىسقا بولسىمۇ ئىككى بىچارىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويماقچى بولغىنىڭغا تەشەككۇر. ئاللا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، رىسقىڭنى كەڭرى قىلسۇن!

ــھاجىم يەنە ئەمەت ئاخۇنغا بۇيرۇدى:

ــ قويىي يوق ئادەم قۇربانلىق قىلالمىغاندۇ تايىنلىق. ئاۋۇ تاۋاقتىكى گۆشنى بىر نەرسىگە ئوراپ توختىغا بېرىڭ،ــ ھاجىم توختىغا قارىدى،ــ قاراسۇغا ئاچىقىپ ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن يېگىن ھە!

باياتىن بېرى ئاران تۇرغان توختى ھاجىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ «پاڭىدە» يىغلىۋەتتى.

× × ×

ئاپتور ئىلاۋىسى: بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ھازىر 65 يىل بولدى. قوشتاغ دىيارىدا ئۆتكەن ئۈچ مۆتىۋەر شائىردىن ئىسمائىل ھاجى بىلەن ئەھمەدى1950ـ يىلى ئارقىمۇ ئارقا ۋاپات بولدى. تۆمۈر ھاجىم بولسا 1962ـ يىلى خوتەنگە يىغنىغا كىرىپ قايتىشىدا گومىنىڭ «ساغان» دېگەن يېرىدە سىرلىق ھالدا يوقاپ كەتتى. ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ

شاھىدلىرىدىن بىرى بولغان بىۋاسىتە مەمتىمىن ئاخۇن تاكى 1984- يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ كۈندىكى ھەر بىر پاراڭ، ھەتتا مىسرالارغىچە ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. توختى ھېلىم بىلەن ھېلىقى بالا ــ تۆمۈر ھاجىمنىڭ شاگىرتى مۇھەممەدخان ھاجىم ھازىرمۇ ھايات. ئۇچەيلەن ئىسمائىل ھاجىمدىن مەمنۇن بولغان ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈن ــ 1934- يىلنىڭ باھارىنى بىر ئۆمۈر ياد ئېتىشتى.

---

ئىزاھلار:

(1)سەيدى ئەھمەد ئىبنى تالىپ(1908- 1950)، تەخەللۇسى ئەھمەدى، «مەشۇقستان» ناملىق لىرىك غەزەللەر دىۋانىنىڭ مۇئەللىپى.

(2) گۇما ناھىيىسى ۋە قاغىلىقنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئەرلەرنىمۇ خان دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار.

(3)تۆمۈر ھاجىم (تەخمىنەن 1892- 1962) ئاتاغلىق دىنىي مۆتىۋەر، مۇدەررىس بولۇپ، شاگىرتلىرى بۇ كىشىنى شائىر ئىدى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئىسمائىل ھاجى بىلەن گۇمىدا ئۆتكەن شائىر غېرىبى (1864- 1936) نىڭ شېئىرلىرىدا بۇ كىشىنىڭ نامى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

(4)دىنىي ئىلىم.

(5)لوگىكا.

(6)گۇما شىۋىسىدە تۇغۇش، دېگەن مەنىدە.

(7) سىرتقى كۆرۈنۈش.

(8) ئىچكى كۆرۈنۈش.

(9) ئاللا غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

(10)ئاللا غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ.

(11)ھاما ئاچام، گۇما شىۋىسى.

(12)ئىنسان پۇل- مالغا ئىنتايىن ئامراق.

(13)ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا، ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى



# قوش مەسچىت

ھېكايە

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

بوۋا مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننامە ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخېنىم» دەپ بولغۇچە تۈرلۈك تۇمەن نازۇ ــ نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنى چاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار. . . . . ، بوۋام بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەن ئىدىڭ.

ئىشقى سەۋدايىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بوپتۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ. قاراقچىلارغا ئۇچراپ ئەسلى ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ، ئاخىرى بىگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەتراپىدا ئوتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقۇدەك. ئاپپاق ئاپپاق ئىپالتىلىق بەتھەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان «مەن ئورۇق ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق ئۇ سېمىز». ـ دەپ بىر ـ بىرنى ئىتتىرۋاتقۇدەك، كۆڭلەرنىڭ ئۆتنىشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ تۆكەپ كېتىۋاتقۇدەك. . .

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار تورى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈش كۆرۈپتىمەن، ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىندانىدا تۇرغۇدەكمەن. ئاپپالتا كۆتۈرگەن بەتھەيۋەت جاللاتلار كىرىپ «سېمىزلىرىڭ بۇياققا ئۆتۈش»، ـ دەپ ۋاقىرغۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»، ـ دەپ بىر ـ بىرنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك. ئىتتىرگەنلەرمۇ تىرەجىگەنلەرمۇ بارا ــ بارا تۆگەپ نۆۋەت ماڭا كەلگەنىدە «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ ــ دەپ

سۆرەۋاتقانمىش، ئۇلار: ـ بىر قانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۇر»، ـ تىرەجەپ تۇرىۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمگۇدەك. ئاخىر ئۇلار، « ـ بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جىنىنى ئالايلى!» ـ دەپ ئايپالتىنى ئىگىز كۆتۈرگىدەك. . . . .

ـ بوۋا !. . . . . بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتۇمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

ـ بالام، نىمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورۇقما! ـدىدىڭ، ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بىسىپ.

ئىغىز ـ بۇرۇنلىرىمنى قورققاق بىسىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەرگىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش ئىسسمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، «مەن ئورۇق، ئۇ سىمىز»، ـ دەپ بىر ـ بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زاماندىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ هازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟ . . . .

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

كوچىمىز ـئورغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. هازىر «قوش مەسچىت» دىمىسە ھىچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئايكوچا»ئىكەن. ـ شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئون توققۇز جۈپ دەرۋازا بىر ـبىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلمى، قۇرلۇش نۇسخىسى، مۇنار ـگۈمبەزلىرىنىڭ ئىگىزلىكىدىن تارتىپ. ئىچكى ـتاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشىشىدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر ـبىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە سالام بىرىشمەيدۇ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھىيت ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائەتلىرى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭكىگە ھىيىتلىمايدۇ. قۇدا ـباجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مىيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى قىلىۋىرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆز ئارا دوست ـئاداش بولىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان هامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش چالمىلىرىدا ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان هامان قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ ـ يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن ـ ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز ـمىكيانلارنىڭ ھەر قانداقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كىلەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سىلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر ـ بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت ــشىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۇيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋلىرىگە تۆكىلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى تولۇپ كېتىدۇكى، جېدەل ماجىرا قوزغىمايدۇ. توختىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەر ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد ـ مۇشەققەت، ئازاب ــكۈلپەتلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىدىن قىلىشمايدىكەن. «تۆڭگان يىغلىقى»ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ يۇتۇشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قورالليق چېرىكلەر توسالغۇسىز كىرىۋېرىپتۇ، بۇلايدىغىنىنى بۇلاپ بۇلغايدىغىنىنى بولۇۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلىشماپتۇ. شىڭشىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر ــبىرنى چېقىشتۇرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشتۇرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتلە قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بوپتۇ. مانا ھازىر «ئۇچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكمەكتە، پاش قىلىشماقتا.

ـ ئۇ ـ ئوغرى!

ـ ئو ـ ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى !

ـ ئۇ ـ يىرتقۇچ يولۋاس !

ـ ئۇ ـ ئەشەددىي يولۋاس !

گويا ئۇلار بىر ـ بىرنى ئىتتىرىشمەكتە:

ـ مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز !

ـ ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق. . . .

سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

ـ بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا ـ مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەشقولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ سەن تېخى كىچىك، تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ چوپچوڭلا بىر يىگىت بوپ قالدىمغۇ مانا، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنە!

ـ ماقۇل، بالام، ـ دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، ـ ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس،

www.kitaphumar.com

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي:

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىدى. ئايدەك يورۇق، يىللىق كوچا ئىدى. قان - قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش - كېسەك، تام - تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى، زورىدىن ھاكىم بەگدەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق پىر — ئۇستازلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن داموللا ھاجىم ھەززەرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن(ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئىلاھە ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئاي كوچا» دېگەن تەۋەررۇك نام «قوش مەسچىت»كە ئۆزگەردى. ئاغرىق - ئاداۋەت، بالايى - قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللاجىم ھەززەتلىرى ئاتاق — ئابرۇيلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى، پۇل — مال، ئالتۇن — كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى — ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىرجۇپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى. بوي — ئىسكەت، رەڭ — چىراي، خۇلق — مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت — خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەنقارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان، دۇئاگۆي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق — پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە — يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق، شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنخېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۈسەيىنقارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللا خېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەنقارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ئېيتىشقا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجاماللاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرۇيى، شان ـ شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان ـ قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك ـ ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئايكوچا»مىز نائىناقلىق ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالى، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازاخۇنۇم، مۇدەررىسئاخۇنۇم ئۇنىۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر ـ چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن. بىز مۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۆسەيىنقارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇنخېنىم: «مەن ئاچا، سىنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆيىنىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز ـ ئەھلى جامائەت، ئاكا ـ ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

ـ ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق ـ ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان ـ قېرىنداشلىق رىشتىسىنى يىگى باشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا ـ ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەر قاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

ـ مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، ـ دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم، ـ يۇقىرى ئورۇن ـ مەرتىۋە مېنىڭ !

ـ مەن ئاچا، ـ دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇن خېنىم، ـ ئورنۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا ـ ئۇكا ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق

www.kitaphumar.com

رەپىقلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋىرىپتۇ. مەسچىتنىڭ ىقىنىدىكى ئۆيدە تۇي بولغان كۈنى بۇ ئاچا ـ سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۇرلۇك نازۇ ـ نېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر ـ بىرىنى بېسىشىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ، تىل ـ ئاھانەت، يىغا ـ زارە، قىيا ـ چىيا كۈچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمامئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ، قارىسا باش كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىمداشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن بەس ـ بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

ـ تۇر ئورنۇڭدىن ! ـ دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمامئاخۇنۇم، ـ ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! ـ شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ.

ـ ھا ـ ھا ـ ھا!. . . ، ـ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم ـ تۆر تالاشقىنىڭغا تۇيە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا ـ كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ ـ دە:

ـ ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق ـدېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز ـ كوزىرلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن ـ تۈنلەر ئاغرىق ـ ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. نائىپناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا ـئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ـياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

ـ خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن! ـ دەپ شەرت قويدى ئاكىسى، ـ شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن. ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

ـ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، ـ دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسىمۇ، ـ مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان، بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە ـ پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۆنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا ھەقەمسايىلەرمۇ چەك ـ چېكى كۆرۈنمەس تالاش ـ تارتىش چۆلىدە قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆزى ھىمايە قىلىدىغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە ـ كۈندۈز گەپ توشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھۆسەيىنقارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ :«سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەنقارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە ـكۈندۈز تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قىلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن.» ـدەپ ئوت قويرۇقلۇق قىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: «ئەرلىرى ھۆسەيىنقارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى ـ گۆر ئازابى تارتسا، سىلى ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتتىلا. ھەسەنقارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە ـ ئۈچەي، كاللا پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخاننى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا ـتاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى ھۆسەيىنقارىممۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى، ھەرقانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسىدىن ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىلى ئۇكىسى...»

بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار ھۆسەيىنقارىمنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەنقارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەرتەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئىيەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى، دوتەي ـ ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى، ئۆز

قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلپىي ۋە ئالتۇن خىنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۇسەيىنقارىم ئاخىر ئۇرۇمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنقارىمۇ دەرھال ئاتلىنىپ ھۇسەيىنقارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ـ نىقابلىق يالماۋۇز ياڭ جاڭجۇننىڭ قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈرخەلپىنى قەتل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي ديار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملىقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۇڭ قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: «... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر، بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى ـ زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۆگەشكىنىم شۇ، تەختى ـ بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ! ...»

- ئوغلۇم ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ، ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھلەۋاتقانىكەن: «دىل بىرلىكى ـ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئويغىنىش، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر، بۇ «بىرلىك» تىن ئارتۇق خەۋپ ـ خەتەر يوق ماڭا! ...»

ھۇسەيىنقارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جاڭجۇننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، جاڭجۇن ھۇسەيىنقارىم ئىنئام قىلغان 100 دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق سېپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ، شۇئەسنادا ھەسەنقارىمۇ كىرىپ كەپتۇ ـ دە 100دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

- ئويلىشىپ باقاي، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۇن.

ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە تۈيدۈرماستىن ئۇقۇشۇپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى 120تىللا ئىنئام قىلغان بولسا ئۇكىسى 150، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەنقارىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ. ئىنئام يوللاشتا ھۇسەيىنقارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۇن :

- سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! ـ دەپ بۇيرۇپتۇ ھۇسەيىنقارىمغا ـ سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان ـ ساراي، يەر ـ زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل! ھەسەنقارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

- ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر. سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان ـ ساراي، يەر ـ زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

www.uyghurkitap.com



دەۋادا ئۇتقان، غەلبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھەۋەسكارلىرىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ؛ شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن، كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!. . . .

ھەۋەسكارلىرىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

- جاۋجۇن ئاللىبۇرۇن، قۇرۇلۇشى مەسچىتىنىڭ كۆلىمى، شەكلى - نۇسخىسى. . .

- كونا مەسچىت بىلەن ئوپ - ئوخشاش، - دەپ جاكارلاپتۇ جاۋجۇن، - بىر قەدەم كەڭ - تار، بىر غېرىچ ئېگىز - پەس، بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، گۈل نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر بوياقلىرىغىچە ئوپ - ئوخشاش بولۇش كېرەك!. . . . .

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىت»نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك يېقىملىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسىلدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

جىنىم بوۋا ! ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش - ئىنتىزارلىق ئوتلىرى لاۋۇلداۋاتاتتى، تەشۋىش - ئەندىشىلىرىم كۈچىيەتتى: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخى سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت - نادامەتلىك كوچام! تىنىچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ يېقىملىغانسەنمۇ ياكى ئۆزھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى - سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» نى بەجا كەلتۈرۈپ بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»دەپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يىگى ئىمامىمىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمە دۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتكۈل جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر»دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت –ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان :«بىلىم –مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»① دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سىنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم

www.kitaphumar.com

قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم :
- بوۋا، جىنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ مۇرادىڭ گۈل - چېچەك ئاچتى!

1986- يىلى، يانۋار. قەشقەر.

---

**ئاپتۇر ئىزاھاتى:**

① سۇئال - جاۋاپلار «ئاقائىد زۆرۈرىيە»دىن ئېلىندى.
مەمەتئىبلى زۇنۇننىڭ «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» نەشر قىلغان «قوش مەسچىت» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

تۇيغۇر كىتاب تورېكتى
تۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.com

# تۇمارىس

ئابدۇللا ساۋۇت

مىلادىدىن بۇرۇنقى 531- يىلى

تەڭرىتېغىنىڭ غەربى ـ جەنۇپ ئېتىگىدىكى بۈك باراقسان ئۆسكەن، بېشى ـ ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان قوچۇرا (قارىغاينىڭ بىر خىلى ) ئورمانلىقلىرى بارا ـ بارا ئارقىدا قالدى. ئاتلار كاللار قوشۇلغان، ئۇزۇن ئوقلۇق چاقلىرى ئىگىز ھارۋىلار سىپىي چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىككە كىرىپ كەلدى . دۇمباق ناغرا نەي ئاۋازلىرى ھاۋانى تىترىتەتتى . ھارۋا سەپلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا ، ئارقىسىدا قۇراللانغان چەۋەندازلار ، ئەر ئايال ئاتلىقلار كەلمەكتە ئىدى ، قويۇق ئۆسكەن ئوت چۆپلەر ، گۈل گىيالار قۇياش نۇرىدا جۇلالاپ ئالتۇن رەڭگە كىرىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. سول تەرەپتىكى يانباغىرلاردا يىلقىلار توپى چېپىشىپ، كىشنىشىپ يۈرۈشەتتى، بىر بىرىنى تېپىشەتتى ، قوغلىشاتتى . تۇسۇن ئاتلار سەكرىشىپ، ئەركىلەپ ئوينىشاتتى . ئوڭ تەرەپتە ـ يىراقلارغا سوزۇلغان چۆل دەشتىلەردە لوكىلىرى تىك كۆتۈرۈلگەن تۆگىلەر بوي تارتىپ قالغان بوتىلاقلىرىنىڭ سۆڭگىچىنى بۇراپ ، بوۋق ! ـ بوۋق ! قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇيان ـ بۇيانغا يانتاق ئىزدەپ ماڭاتتى .

يىراقتا مال ئىتتىنى ئەگەشتۈرگەن ، چەۋەندازلارچە ياسىنىۋالغان ئاتلىق چوپان ناخشا ئېيتماقتا ئىدى :

ئالىپ ئەر توڭا ئۆلدىمۇ ،
ئىسسىز ئاۋۇن قالدىمۇ ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر

(يەشمىسى )

باتۇر ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ ،

www.kitaphumar.com

پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ ،
ئەمدى يۈرەك پارە بولۇر .

ئەفرا سىياپنىڭ ئۆلۈمگە بېغىشلانغان، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قايغۇلۇق ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس داستان ئاھاڭلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى . تۇمارىسنىڭ گۈزەل چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى ، ئۇزۇن قاپقارا كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى يالتىرىدى . قۇم بارخانلىرى تەرەپتىن قولىغا قارچۇغا قوندۇرىۋالغان ئوۋچى توختاپ جاۋابەن ناخشا ئېيتتى :

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن ،
تويدىن ئانى كۆچۈرگەن ،
ئىشلار ئۈزۈپ كەچۈرگەن ،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ .

يەشمىسى:

دۈشمەن ئوتىنى ئۆچۈرگەن ،
ئۆز يېرىگە قوغلىغان ،
بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن ،
بىراق ئەجەل ئوقى تەگدى .

ئالىپ ئەرتۇڭا دەپ ئاتالغان تۇران پادىشاھى ئەفرا سىياپ ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى بىر ئۆمۈر جەڭ قىلغان قەھرىمان ئىدى . بىر قېتىملىق جەڭدە پادىشاھ قوبىينى 1 نۆدەرنىڭ دادىسى مۇنى چەھرە ئەفرا سىياپنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئەفرا سىياپ ، دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان قۇبىينى 1 نۆدەر بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ ئۇنى يەڭدى . بۇنداق ئۇرۇشلار كېيىنكى چاغلاردىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەردى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 632- يىلى بىر قېتىملىق جەڭدە ئەفرا سىياپ مۆكۈپ ياتقان دۈشمەننىڭ ئاتقان ئوقىدا ھالاك بولدى . تۇران زېمىنىدا ياشاۋاتقان ساك ، ئاۋار ـ ئارىيان ، ھۇنگار ، تورا ، تۈرك . . . قەبىلىلىرى

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ پادىشاھ ئەفرا سىياپنىڭ ئۆلۈمگە يىغلاپ قوشاق قېتىشتى . تۇمارىس زامانىسىغا كەلگەندە بۇ قوشاقلار كۈيۈيۈپ ، بېيىپ نەچچە يۈز كوپلىتلىق مەشھۇر داستانغا ئايلاندى. پادىشاھ ـ خانلار ، ئاقساقال ـ سەركەردىلەر ، باقشىلار (ئالىم، ئالدىن بىشارەت بەرگۈچى) ئۆلسە ئاشۇ داستان ئاھاڭغا سېلىنىپ ئۇقۇلاتتى . توي تۆكۈن ، بەزمە ـ سۇرجەك (مەشرەپ) لەردىمۇ ئاۋال ئەفرا سىياپ كۈيلەنگەن ئەشۇ قوشاقلار ئۇقۇلۇپ ئاندىن باشقا ناخشىلارغا ئۆتەتتى. چوپانلار ، ئوۋچىلار ، چەۋاندازـ جەڭچىلەر نىڭ كۆپىنچىسى بۇ قوشاق ـ داستاننى يادقا بىلەتتى ۋە بالىلىرىغا ئۆگىتەتتى .

ھارۋىلار سېپىنىڭ ئالدىدا كەڭ سايىۋەنلىك چاقلىرى بىرونىزدا چەمبەرلەنگەن ، شۇتىسىغا تۆت ئاق ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا كەلمەكتە ئىدى . ھارۋىدا تۇمارىس ئولتۇراتتى . ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇچلۇق تىرە قالپاق ، تېرە پەشمەت كىيگەن ، سىدىرىم ( تاسما ، كەمەر) لىرىغا ئەگىنەك ( قىلىچ ) ئاسقان ئاتلىق چەۋانداز ۋە تۇمارىسنىڭ قىرناق ( چورە ، دىدەك) تۆتى ئاتلىق ئاتلىق ھالدا كېلەتتى . تۇمارىس ئوغلى سپارگاپىرىسنىڭ توي مەرىكىسنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ ، شۇ تاپتا ئۇ كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . كېلىن ـ ئىلى ۋادىسىدىكى قۇز ئوردا ( ئىلىدىكى قاش دەرياسى بويىغا بىنا قىلىنغان شەھەر ) ئاقساقلىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ، ساھىپجامال قىزى ـ زارىنا ئىدى . قۇز ئوردو ـ ئەفرا سىياپنىڭ قىزى قەزۋىن ئۆز نامىغا بىنا قىلدۇرغان شەھەر ئىدى . ئۇ قوينى كەڭ ، ساپ ھاۋالىق ، باغۇ بوستانىق گۈزەل دىيار ئىلىدا ئۆسكەچكىمۇ ،ياكى ئالى نەسەپلىك ئائىلىدە تۇغۇلغاچقىمۇ ، ئىشقىلىپ بالقاش كۆلى ( قازاقىستاندىكى بىر كۆل ) ، دەشتاتا (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ) ، ئىلى ۋادىسى ، پەرغانە ( ئۆزبېكىستاننىڭ رايونى ) ، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى ، ئوردۇ كەنت ( ھازىرقى قەشقەر ) ۋە ھىندىقۇش ( جۇڭگو ، ھىندىستان ، پاكىستان ، ئافغانىستان چېگرىلىرىدىكى تاغلار ) تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان قەبىلە ـ قەۋملەر ئارىسىدا گۈزەللىكتە داڭقى بار ئىدى ، تېرىدىن نەپىس ئىشلىنىپ تىكىلگەن تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭ زىبا بەستىگە بەكلا ياراشقانىدى . قالپىقى ، بوينى ، قۇلاقلىرىغا ئېسىلغان جىنجۇ ( ئۈنچە مەرۋايىت ، گۆھەر ) لار ئۇنىڭ ھوسنىگە ھۆسىن قوشۇپ تۇراتتى .

توي كۆچۈرگۈچىلەر قۇز ئوردۇدىن ئۇزاپ چىققاندىن بۇيان قارلىق چوققىلىرى پەلەككە تاقاشقان تاغلار ئارىسىدىن ، تىك خەتەرلىك داۋانلار ئارىسىدىن ئۆتتى . سوقماق ئىگىز ـ پەس يانباغىرلاردا ئايلىنىپ ماڭدى . قېيىن- قۇچۇرا ئورمانلىقلىرى ئارىسىدىن يول تاپتى . كۆز ياتقۇسىز ـ كەڭ يايلاقلارنى ئارقىدا قالدۇردى . قۇملۇقلار ، دەشتىلەر ،

www.kitaphumar.com

يايلاقلاردا سەپەر توختىماي داۋام قىلدى . كىچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇردى . شام تاڭغا ئۇلاندى ، ئادەملەر چارچىدى ، تالجىقتى . ئات كاللار ھالسىرىدى ، بىراق سىپار گاپىرىس سەپەر ئازاۋىنى قىلچە سەزمىدى . ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىغا مۇناسىپ ــ ماسساگىتلارچە چىدام ۋە باتۇرلۇق بىلەن ھەركەت قىلاتتى . ماسساگىتلار ــ مەشھۇر ساك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر ، جەڭگىۋار بىر ئۇرۇق بولۇپ ، ئۇلۇق باتۇر ساكلار دىگەن مەننى بىلدۈرەتتى . ئۇلار تۇمارىسنى سۆيۈملۈك ، مىھرىبان دانىشمەن ئانا سۈپىتىدە ياخشى كۆرەتتى ، ھورمەتلەيتى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىپەرمان ، تۇغراغ ( بۇيرۇق ) لىرىنى جان پىدالىق بىلەن بىجا كەلتۈرەتتى ، ماسساگىتلار ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش قەبىلە ــ ئۇرۇقلارغا ئوخشاشلا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى ، سۇ يايلاق قوغلۇشۇپ چارۋا باقاتتى . سىپارگاپىرىس تۇمارىسنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز ئىدى . تۇمارىسمۇ توي قىلىش ، كىلىن يوتكەش دەبدەبىسى بىلەن مەستخۇش بولۇپ ، قانچىلىك يول باسقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى . ھارۋىلار سىپى ياكسارتىس ( سىر دەرياسى ، ئوزبىكىستاندا) دەريا ۋادىسىغا يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى . ئۇلارغا نۇرغۇن ساك كۆچمەنلىرى ئەگىشىۋالغان ئىدى . يايلاقلار ، ئىدىرلار ، سازلىق ــ جاڭگاللار ، قۇملۇقلار بىر بىرىگە ئۇلۇشۇپ ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ باراتتى . تۇمارىسىنىڭ ئالدىدا ــ چوقايىنىڭ يېنىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان قېرى ھارۋىكەش تىلما قامچىسىنى پات پات ھاۋادا سىلكىپ ــ تارسىلدىتىپ ئاتلارغا ھەيۋە قىلاتتى . ئاتلار گاھ چاپاتتى ، گاھ يورغىلايتى ، گاھ توختايتى . قىز كۇچۇرگۇچىلەر دەررۇ گۈلخان يېقىشاتتى . كاۋاپ ھىدى ئەتراپقا تارقايتتى . يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى ، تاڭ ئاتاتتى . تىلما قامچىنىڭ تارسىلدىغان ئاۋازى ھاۋادا ئەكس سادا پەيدە قىلاتتى . ئاتلار يەنە مىڭىشقا ، مەجبۇر بولاتتى . ئاتلار ھارۋىنى شامالدەك تېز سورەپ ماڭغاندا قېرى ھارۋىكەش :

ــ ئوغۇر! ئوغۇر! ( ئوڭۇشلۇق بولسۇن ، خەيرلىك بولسۇن ) ــ دەپ ۋاقىراپ قويۇاتتى.

كۆز شامىلىدا دەل دەرەخلەر ، گۈل گىيالار نىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ لەرزان تۆكۈلمەكتە ئىدى . ھارۋا سەپلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار بىردىن ــ ئىككىدىن قېقىلىپ ، يەنە باشقىلىرى قوشۇلۇپ كېلەتتى . يول تۈگىمگەنسىرى تۇمارىسنىڭ مەستخۇشلىقى يوقۇلۇپ ئۆزىچە خىيالچان بولۇپ قالدى . ئەجداد ــ بوۋىلىرىنىڭ ، ئاتا ئانىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى كۆز ئالدىدىن بىر بىرلەپ ئۆتەتتى.

بىر كۈنى ، سەل سوغ لېكىن ئۇچۇق ھاۋادا بىر توپ كەپتەر ھارۋا سەپلىرىنىڭ ــ زارىنا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇلتۇرغان ھارۋا ئۇستىدىكى بوشلۇقتا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى . بىر توپ موللاقچى كەپتەر نوۋەتلىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ موللاق ئاتتى ـ دە يەنە ئۆز توپىغا يېتىشىۋالدى . كەپتەرلەرنىڭ قىزىقارلىق ھەركىتى داۋام قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر لاچىن كۆك قەرىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ چۈشتى دە كەپتەرلەر توپىغا ئۆزىنى ئۇردى ، بىر كەپتەر تۈكلىرىنى تۇزۇتقان پېتى پەسكە موللاقلاپ چۈشۈشكە باشلىدى . باشقا كەپتەرلەر تەرەپ تەرەپكە قاچقىشتى .ھارۋىلاردىكى ئاقساقاللار ، سەركەردىلەر ، ئاياللار ، قىزلار ، باخشى پالچىلار ۋە چەۋەندازلار ئارىسىدىن قىيا چىيا چۇقان سورەن كۆتۈرۈلدى . تۇمارىس خىيالدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى . بېشىنى ئېگىپ سايىۋەن گىرۋىكىدىن كۆككە قارىدى . لاچىن ھاۋادا بىر پىقىراپ ـ ئايلانغاندىن كېيىن قارا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ پەسكە شۇڭغۇدى ۋە يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە ئاز قالغان ئۆلجىسىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئارىسىغا قىسىپ يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ـ دە دەريا تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى . ئەشۇ ھادىسىنى دەسلەپ قىزىقىپ كۆرگەن زارىنا كىيىنكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشتىن سەسكىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ، ۋۇجۇدىنى سوغ تىترەك باستى . << كەپتەرلەر نىمە ئۇچۇن دەل مېنىڭ باش ئۇستۈمدە ئۇچىدۇ ؟ لاچىن نىمە ئۇچۇن باش ئۇستۈمدە بىر كەپتەرنى سوقۇپ ئۆلتۈرىدۇ ؟ بۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتىمۇ قانداق ؟ بۇ ھادىسە ھاياتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ يوق ؟ يۇرتقا بارغان ھامان قىرى باخشىنى تېپىپ پال ئاچقۇزىمەن >> تۇمارىسنىڭ يۈرىكىمۇ ۋىژىلداپ ئېچىشتى . ئۇ ، لاچىن كەتكەن تەرەپكە مۆڭلۈنۈپ قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى ، چوڭقۇر ، كۆكۈش كۆزلىرى ياشقا تولدى ، قاڭشارلىق بۇرنى ئۇستىدە تەر تەپچىرىدى . ئېرى تەرىتۋارۇ ھايات بولغان بولسا ، ئوغلى سپارگا پىرىسنىڭ بالاغەتكە يېتىپ ، ئات مىنىش ، قىلىچۋازلىق ـ نەيزىۋازلىقتا كامالەتكە يېتىپ ئاجايىپ باتۇر ، مەرد چەۋانداز بولۇپ يېتىشكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قانچىلىك سۆيۈنۈپ كېتەر ئىدى ـ ھە ؟ تېخى يەنە ئوغلىنىڭ تويىدا ئۆزى باش بولاتتى . ئۆز جەمەت تۇققانلىرى بىلەن قۇدىلاشقىنىغا ، گۈزەل زارىنانىڭ ئۆزىگە كېلىن بولغىنىغا قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەر ئىدى ـ ھە ؟ نەۋرە كۆرگەندە بولسا خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالارمىدىكىن ؟ ئەپسۇس ، ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆرەلمىدى ، دۇنيادىكى تىنىچسىزلىقلار ، ئايىقى ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان يېغى جەڭلەر ئۇنىڭ ھاياتىغا ، گۈزەل ئارزۇ ئارمانلىرىغا بەرھەم بەردى .

سپارگاپىرىس تۇغۇلۇپ قىرىقى توشقان كۈنى قوز ئوردۇدىن كەلگەن بىر باخشى سپارگاپىرىسنى يۇيۇندۇردى ، ئاندىن تەرىتۋارۇ بىلەن تۇمارىسنىڭ ھوزۇرىدا غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ :

www.kitaphumar.com

<< پال تاشلىرىم شۇنداق بىشارەت بېرىدۇكى ، بۇ ئەلگە يېغى كېلىدۇ ، كەيخۇسراۋ ئاتلىق ياۋۇز بىر پادىشاھ باسقۇن قىلىپ كېلىدۇ ، ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار! دېدى .

شۇندىن كېيىن تەرىتۋارۇمۇ ، تۇمارىسمۇ ھەر دائىم سەگەك ھوشيار بولۇپ يۈردى . ئەمما چىگرا تەرەپ تىنچ م خاتىرجەم ئىدى ، ئەشۇ كۈنلەر ئەھمانىلار سۇلالىسىدە تىنچ ئۆتمەيدى . كەيخۇسراۋنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇن بىر كۈنى : << چۈشۈمدە قۇرسىقىمدىن بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى ، ئۈزۈم دەرىخى ناھايىتى تېز شاخلاپ ، بۈك باراقسان ھالغا كېلىپ ئۆكۈز ( ئامۇ دەرياسى ) دەرياسى بىلەن ياكسارتىس دەرياسىنىڭ ئۈستىنى چۈمكىۋالدى >> دېدى . كەيخۇسراۋ ئانىسىنىڭ چۈشىنى ئورددىكى ۋەزىر ـ ئاقساقاللارغا ، باقشى قۇرەنداز (پال سالغۇچى ) لارغا سۆزلەپ بەردى . ئۇلار ياش پادىشاھنى قۇترىتىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ ، بۇ چۈشكە << سەن دۇنيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھۆكۈمرانى بولۇپ ، شانۇ شەۋكەت ، سەلتەنەت ئىچىدە دەۋران سۈرىسەن!  ـدەپ تەبىر ئېيتىشتى ۋە ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن كەيخۇسراۋ بىر نەچچە ۋاقىت جىددى ھەركەتكە كېلىپ ھەربى تەييارلىق ئېلىپ باردى.

ـ ماسساگېتلارنىڭ باقشىلىرمۇ ناھايىتى يىراق ئەلدىكى كاتتا بىر ئايالنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى ، ئەمما تۇران زىمىنىنىڭ چىگرىلىرىدىن ھىچقانداق شەپە كەلمەيتى . مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسىمۇ ماسساگېتلار قىلچە قورقۇپ ، تەمتىرەپ قالمايتتى ، تەرىتۋارۇ جەڭگە ماھىر ، زەبەرداس ئەر ، داڭلىق سەركەردە ـ قۇماندان ئىدى ، تۇمارىسمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ،يەنى سىپارگاپىرىس بەش ياشقا كىرگەن يىلى ـ مىلادىدىن بۇرۇنقى 546ـ يىلى ئىران ئەھمانىلار پادىشاسى كەيخۇسراۋ تۇرانغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە ئۆكۈز دەرياسى ۋادىسىغىچە بېسىپ كىردى . ئەفرا سىياپ ۋە ئوغلى ئارجاسايىپ ، ئەفرا سىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز قاتارلىق ئۇلۇغ باتۇر ئەجداتلىرىنىڭ روھىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەندۇرگەن سەركەردە تەرىتۋارۇ بىرۇنزا دۇبۇلغا بىرۇنزا ساۋۇت ، بىرۇنزا ئۇتۇك كىيىپ ، قۇرال ياراقلىرىنى ئېسىپ ، ماسساگېت ـ ساك ۋە باشقا بارلىق تۇرانى قەبىلىلەرنىڭ چەۋاندازلىرىنى باشلاپ كەسكىن جەڭگە ئاتلاندى . ئىرانلىقلار بىلەن تۇرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ـ شىددەتلىك جەڭلەر باشلاندى ، باشلار كېسىلدى ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى ، بۇرسلان ( قاپلان ) ، سىرتلان (بۆرە ) ، جەغرى (قارچۇغا ) ، بۈركۈت ، توغرۇل (بىر خىل يىرتقۇچ قۇش ) لار ،قەرنىجەق (چۈمۈلە ) لەر سان ساناقسىز جەسەتلەر ئۈستىدە بەزمە قىلىشقا باشلىدى . ھەر ئىككى تەرەپ جىق تالاپەتكە ئۇچرىدى ، ئاخىرى كەيخۇسراۋ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى ، بىراق ، چىگرىدا يەنە بىر قېتىم

قاتتىق جەڭ بولدى . تەرتتۋارۇ ئۆزلىرىگە تەۋە بىر گەز ، بىر غېرىچ زىمىن ئۈچۈنمۇ جان تىكىپ ئېلىشتى . دۈشمەن ئۆز ماكانىغا قاراپ بەدەر قاچتى . لېكىن شۇ ئارىدا ھىلىگەر دۈشمەن ئاتقان يا ئۇقى تەرتتۋارۇنى ئېغىر يارىدار قىلدى . تۇران لەشكەرلىرى ھەم نۇسرەت تۇغىنى ھەم يارىدار تەرتتۋارۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى . تەرتتۋارۇنىڭ يارىسى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ ئاخىرى ئۆز قارارگاھىدا جان ئۈزدى .

ئەردى ئاشىن تاتۇرغان ،
ياۋلاق ياغىغ قاچۇرغان ،
ئوغراق سۇسىن قايتارغان،
باستى ئۆلۈم ئاختارۇ.

يەشمىسى:

كىشىلەرگە ئاش تېتىتقان ،
دۈشمەنلەرنى قاچۇرغان،
ئاپەتلەرنى ياندۇرغان ،
بىراق ئۇنى ئۆلۈم يىقىتتى .

ماسساگېت ــ ساكلار ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيە داستانلىرىنى ئۇقۇش ئارقىلىق تەرتتۋارۇغا ئۆز قايغۇسىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئەسلەشتى .

خىيال ۋە ئەسلىمىلەر تەسىرىدە تۇمارىسنىڭ كۆز جىيەكلىرى يەنە ياش بىلەن نەمدەلدى . دادىسىدىن كىچىكلا قالغان سىپاراگاپىرىس سۆيۈملۈك ، ئەقىللىق ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى . ئەنە ئۇ بىر توپ يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ گاھ ھارۋىلار سىپىنىڭ ئوك تەرىپىدە ، گاھ سول تەرىپىدە ، گاھ يىراقلاردا ئات چاپتۇرۇپ ، ئويناپ ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرمەكتە . كەچلىرى ئەلياتقۇ مەھەلدە ھېچكىمگە تۈيدۈرماستىن زارىنانىڭ ھارۋىسىغا چىقىدۇ . غەمسىز شوخ يىگىت ياشلىق مۇھەببەتنىڭ گۈزەل چىمەنزارلىقىدا خۇشال جەۋلان قىلىپ ۋىسال پەيزىنى سۈرىدۇ .

ــ ئاھ ! ــ دەپ تولغىدى باقشى ئەتراپتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ، ــ تەس ــ تەكىرما

www.kitaphumar.com

( يۇپيۇملاق ) ، سىۋالىيۇ (قوياش ) تەڭرىم ، ساڭا تىۋىنىمىز ، بىزگە مەدەت قىلغايسەن ، ساڭا تىۋىنىمىز !

پۇتكۈل سەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇياشقا تىۋىنىدى ، يەنە يوللىرىنى داۋام قىلدى . تۇمارىس ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىراققا نەزەر سالدى . كەپتەرنىڭ بەختىسىز تەقدىرى خىيالدىن زادىلا چىقىپ كەتمىدى . قىرى هارۋىكەش هەدەپ تىلما قامچىسىنى سىلكىپتى ، ئاتلار شامالدەك تېز چاپماقتا ئىدى . چاقلار سارغايغان كوكاتلارنى ، يايلاق گۈللىرىنى چەيلەپ ــ مىجىپ ئۆتەتتى . گۈگۈم پەردىسى يېپىلماقتا ئىدى . سوغ شامال يۈزلەرنى چاقاتتى . تۇمارىس قىشلىق قارار گاهىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن يوللارنى بېسىش كېرەك ئىدى .

قىز كۈچۈرگۈچىلەر ياكسارتىس دەرياسىدىن ئۆتۈپ بىر قۇنالغۇغا يېقىنلاشقاندا ، تۇمارىس يىراقتىن ئۈزىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ هەيران قالدى .ئاز ئۆتمەي ئىككى ئاتلىق خان هارۋىسىنىڭ روبىروسىغا كېلىپ توختىدى .

ــ هە ساۋچىلار ( خەۋەرچى ، ئالاقچى ) نىمە گەپ ؟ ــ سورىدى تۇمارىس .

ــ پاكپۇر ( ساكلار ئۆز پادىشاهىنى شۇنداق ئاتايدۇ ) ئابا ( ئانا ، ئاپا) ــ پاكپۇر تۇمارىس ، بىزنىڭ ئەلگە ئەلچى كېلىۋىتىپتۇ .

ــ قايسى ئەلدىن ؟ ــ سورىدى تۇمارىس تېخىچە هەيرانلىقى بېسىلماي سەل قىمىرلاپ قۇيۇپ .

ــ ئەهمانىلاردىن ، ــ جاۋاپ بەردى ساۋچىلارنىڭ يەنە بىرى ، ــ ئايغاقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، توققۇز نەپەر ئەلچى 90 هارۋىدا ئارمىغان (سوۋغا سالام ، هەدىيە ) ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ .

تۇمارىس خانلىق تاجى قادالغان تېرە قالپىغىنى بېشىدىن ئالدى ، قۇيۇق ، قۇڭۇر چاچلىرىدىن پۇرقىراپ هور كۆتۈرۈلدى . چاچلار ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يېپىپ يەلكىلىرىدە دولقۇنلاندى، بۇغداي ئۆڭ ، زاڭاقلىرى سەل كۆتۈرۈلگەن ، سىلىق يۈزى ئىككى ياندىن قورشاپ تۇرغان چاچلار ئارىسىدا ئاجايىپ گۈزەل ، لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى . ئالمىدەك يۇمۇلاق ئىگىكى ۋە چىرايلىق ئۇزۇن بوينى ، ئاياللارغا خاس خۇشپىچىم ، قۇۋۋەتلىك گەۋدىسى ئۇنىڭغا بىر خىل غورۇر ، ئۇلۇغۋارلىق بەخش ئەتكەنىدى . كەڭ ، چىرايلىق پېشانىسىدە نۇر شولىسى چاقنايتتى ، ئۇ ، تەرلىرىنى ئاستا سۈرتتى . تەرتىۋارۇ نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇ كەيخۇسراۋ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلغانىدى . هاياتىنىڭ بارلىق جاپا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



مۇشكۇللىرى ، پاجىئەلىر بىلەن نۇسرەت ، بەخىت گىرەلىشىپ كەتكەن قىسمەتلەر تۇپەيلى ھەمىشە ئۆتمۈشتىكى چاقناپ تۇرىدىغان سۈرلۈك ، كۆكۈش كۆزلىرىگە ئەمدىلىكتە تەگسىز خىياللار سايە تاشلىغانىدى . ئۇ ، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى :

ــ ئۇلار ئارمىغانىنى جىق ئېلىپ كەلگەن ، لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەن . مەيلى ، ئۇلار ئۇبدان كۈتىۋېلىنسۇن ، مەن دەررۇ يېتىپ بارىمەن !

ساۋچىلار قانداق تېز كەلگەن بولسا ، يەنە شۇنداق تېز لىكتە يېنىپ بىر ئىدىرلىقتىن ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىپ بولدى . كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا باقشىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەممەيلەن كۈن پېتىشقا قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تېۋىنىش مۇراسىمىنى ئادا قىلدى . گۇگۇم مەزگىلىدە تۇمارىس ئۆز ھارۋىسىغا ئاقساقال سەركەردىلىرىنى يىغدى . باشقىلار كەچلىك غىزا ئۈچۈن ئوت يېقىشماقتا ئىدى . يىقىن ئەتراپتىكى كۆچمەنلەر ئۆز پادىشاھىنىڭ بۇ يەرگە چۈشكۈن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ ، قوي كالا ۋە ئوۋ غەنىمەتلىرىنى ھەدىيە قىلدى ، سىپارگاپىرىس زارىنانىڭ ھارۋىسىدا غىزالىنىشقا تۇتۇندى ، ئاقساقاللار ، سەركەردىلەر ، ئەھمانىلار ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى بىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن دېرەك بىرەمدۇ يوق ، دىگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈشتى ، تۇمارىس ئىشنىڭ نەق ئۆزىگە كەلگەندە بىر قارارغا كېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى .

* * * * * * * * *

مىلادىدىن بۇرۇنقى 530 ــ يىلى.

سۇبھى يورۇپ ، شەرق ئاسمىنى سۈزۈلگەن چاغدا تۇمارىس بىلەن سىپارگاپىرىس تاڭشۇرۇلۇپ ــ توقۇلۇپ تەييار قىلىنغان ئاتلىرىغا مىنىشتى ــ دە ، خەزەر دېڭىزى ( ئارال كۆلى ) تەرەپكە كېتىشتى . تۇمارىس ئاددى ماسساگىتلارچە تېرە بەرتۇ (كەمزۇل ، پەشمەت ) ، تېرە باشماق ( ئاياغ كىيىم) كىيگەنىدى . بۇژغۇپ تۇرغان بۇلۇق چاچلىرى ئۈچلۇق تېرە قالپىقى ئاستىدىن بېلىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن بولۇپ ئىزغىرىن ، مۇزدەك سوغۇق تاڭ شامىلىدا توختىماي يەلپۈنەتتى . سىپارگاپىرىس ئانىسىنىڭ نەگە باشلاپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتى . << نەۋرۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلىۋاتسا ، ــ دەپ ئويلايتتى گاراڭ ھالدا ، ــ ئانام مېنى زارىنا بىلەن ئوينىغىلى قويماي نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ ؟ زارىنا كۆزلىرىگە ياش ئالغان پېتى قالدى . ئاھ زارىنا ، سۆيۈملۈكۈم .>> ئاتلار شامالدەك تېز چاپماقتا ئىدى تاڭنىڭ خىرە شىرە يورۇقىدا قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . سىپارگاپىرىس ئويغا چومدى .

www.kitaphumar.com

زارىنا كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بۇيان سىپارگاپىرىسنىڭ ھاياتى ئۆزگىچە تۈس ئالدى . زارىنا ئەقىللىق ، جەسۇر قىز ئىدى ، تۇمارىسقا ئوخشاشلا چاقماقتەك تېز ، ئۆچۈق ، كەسكىن سۆزلەيتتى ، ھەر بىر ئىشنى ئىدىتلىق ، قائىدە يوسۇنغا توغرىلاپ ، ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلاتتى ، كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىدىن قىلچە ۋايىسمايتتى ، ئۇنىڭ گۈلدەك گۈزەل ھوسنى ، بەرنا قامىتى مەغرۇرانە تىكىلىشلىرىدىن ئاجايىپ بىر جەزبە ـ مەپتۇنكارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ ، مۇھەببەت گۈلشىنىدە يايرايتتى ، ۋىسال شارابىدىن مەس بولاتتى . ئەفرا سىياپنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ تۇمارىستىن قالسىلا ماسساگېت قىز ئاياللىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى

ھېلقى چاغدا ، ھارۋىلار ئۈستىدە ئايلىنىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ بىرىنى لاچىن سوقۇۋاتقان كۆرۈنۈش پات پات ئېسىگە كېلىۋالاتتى . باقشى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىش تۈپەيلى پەيدا بولغان ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن : << ئۇ ئىشنىڭ تەقدىرىڭ بىلەن مۇناسىبىتى يوق دەپ قويىدى ، لېكىن ئۆزى شۇان زارىنانىڭ يېنىدىن چىقىپ خىلۋەت بىر جايغا باردى دە پال تاشلىرنى قايتىدىن شاراقلاتتى ، بىشارەت ئوخشاش ئىدى . باقشى بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن بۇتىلاقتەك بوزلاپ يىغلاپ كەتتى ، قۇياشقا تىۋىنىدى بىلگەنلىرىنى سىر تۇتۇشقا قەسەم قىلدى . زارىنا ھامان خۇشھال بەختلىك ئىدى . سىپارگاپىرىسمۇ ئۆز بەختىدىن مەمنۇن ئىدى ، ئۇۋغا چىققاندىمۇ ، چەۋەندازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلغاندىمۇ زارىنانى پەقەت ئېسىدىن چىقارمايتتى .تۇران زېمىنىدا ئەنە شۇنداق قىش ئۆتۈپ كەتتى ، بىراق تۇمارىسنىڭ ئەسلىدىكى قىزغىن ئۆچۈق كەيپىياتىدىن ئەسەر يوق جىمغۇرلىشىپ كەتتى

ـ سىپارگاپىرىس ئانىسىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى ، ئەمما ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى . تۇمارىس ئەھمانىلار ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېينلا داۋاملىق چىرايى تۈتۇلىدىغان ، كەمسۆز بولۇپ قالدى . تۇمارىسنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاقساقاللار ، دانىشمەن ـ سەركەردىلەر ، باقشىلار ئۇنىڭ ئىچكى خاپىلىقىنى چۈشىنەتتى ، ئەمما ھېچكىم بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمايتتى . چۈنكى ، ئۇلارمۇ پۈتكۈل ماسساگېت ـ ساكلارمۇ تۇمارىسنىڭ ئەقلىگە ، جاسارىتىگە ئىشىنەتتى ، تۇمارىس مەرد ، ئالىي پەزىلەتلىك ، قەھرىمان ، دانا ئايال ئىدى ، ھەر قانداق قىيىن ـ مۇشكۈل مەسىلىلەرگە چوقۇم ئاقىلانە تەدبىر بەلگىلەيدىغان پاراسەت ساھىبى ئىدى .

ئىسكىكى ئات ئۆچقاندەك چاپاتتى . قۇياش كۆتۈرۈلگەن ھامان ئانا بالا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ شەرققە قەرەپ تىزلاندى ـدە تىۋىنىشتى ، ئاندىن يولنى داۋان قىلدى . قۇياش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاغامچا بۇيى ئۆرلىگەندە ئۇلار بىر ئىدىرلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىز دۆڭ يېنىغا كېلىپ توختاشتى . خەزەر دىڭىزى يىراقتىن تۇمانغا پۈركەنگەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇمارىسنىڭ كۆزلىرىدە غايىبانە بىر نۇرلۇق شولا چاقناپ ئۇتتى .

ئوغلۇم ، ــ دېدى تۇمارىس بىر تۈپ شۈمشە ( ئادەملەر يەيدىغان بىر خىل گىياھ ) گە قاراپ بىر ئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ، ــ ئەشۇ گىياھنى ئۆستۈرگەن تۇپراقنىڭ ئاسىغا ئاتاڭ تەرتىۋارۇ كۆمۈلگەن ، ئۇنىڭ يېنىغا لىقمۇ لىق شاراپ تولدۇرۇلغان ، كومزەك بىلەن بىللە كۆمۈلگەن (ساكلار ئۆلگەنلەرنىڭ يېنىغا بىر كومزەك شاراپ قويۇپ بىللە كۆمەتتى ) ، دىمەك ئاتاڭنىڭ جەسىدى ئەبەدى چىرىمەيدۇ ، روھى ئەبەدى ئۆلمەيدۇ ، ئۇنىڭ روھى ئالىلقاچان سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا تىرىلگەن ، بۇ گېپىم ھەر قاچان ئېسىڭدە بولسۇن!

سپارگاپىرىس تارام تارام ياش تۆككەن ھالدا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ، تۇپراققا قاراپ تەزىم قىلدى . تۇمارىس سۆزىنى داۋام قىلدى :

ــ ئىرانلىقلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى قۇراللىق ئىسيان قىلىپ مىدىيە پادىشالىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇۋالغانىكەن ، شۇندىن بېرى ئەھمان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىزنىڭ زېمىنىمىزغا دائىم تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانىكەن ، بىزنىڭ بوۋا ئاتىلىرىمىزمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانىكەن . مەسىلەن ئەڭ ئۇلۇق بوۋىمىز پادىشاھ جەمشىت ئىكەن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ، ئۇنىڭ ئوغلى تۇر ئىكەن ، تۇر ئۇزۇن يىل پادىشاھلىق قىلغانلىقتىن بۇ زېمىنى تۇران دەپ ئاتالغانىكەن ، تۇر ئەھماننىڭ ئوغلى ئىسفىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ ، تۇرنىڭ ئوغلى يەسۇ بەخ (تارىخى مەنبەلەردە ھۇشەڭ دەپ ئاتالغان) ئىسفىسنىڭ ئوغلى ئارىيامۇننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ . يەسۇ بەخنىڭ ئوغلى ئەفراسىياپ يەنى ئالىپ ئەر تۇڭا دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ بوۋىمىز ئارىيامۇننىڭ ئوغلى قوبىينى 1 نۆدەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىپتۇ ، ئۇرۇش ئۇزۇن يىل داۋام قىپتۇ . ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى ئارجاسىپ ــ يەنى مېنىڭ چوڭ دادام ۋە ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەزمۇ قوبىينى 1 نۆدەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان . ئەمدىچۇ ئوغلۇم ، ئېسىڭدە بولسۇنكى تەرتىۋارۇ بىلەن مەن قوبىينى 1 نۆدەرنىڭ نەۋرىسى ، مۇنى چەھرەنىڭ ئوغلى ، ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىپ ، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن مەشھۇر پادىشاھ ، ئاچكۆز كەيخۇسراۋنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇق . ئاتاڭغۇ شۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئېغىر يارىلىنىپ كېيىن قازا قىلدى . ئۇندىن كېيىنمۇ مەن كەيخۇسراۋ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلدىم . بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق ئۇرۇشلار يەن يۈز بېرىشى مۇمكىن . ئەل يۇرتنى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش بىزنىڭ

www.kitaphumar.com

بۇرچىمىز ، ئىسىڭدە چىڭ تۇت.

ـ سىپارگاپىرىس ناھايىتى ئۇزۇن ، قىزىقارلىق بىر قىسسە ـ دەرىس ئاڭلىغاندەك بولدى . ئۇ ئىتتىغا غەزەپ بىلەن بىر قامچا ئۇردى . قاغجىراپ كەتكەن دالا باغرىدا ئوت چۆپلەر ئەمدىلەتىن بىخ سۇرۇشكە باشلىغانىدى . سىپاراگاپىرىس ئاتىسىنى ئويلايتتى، ئاتىسىنىڭ مەردانە ـ جەسۇر قىياپىتىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەتۈرەتتى . يۈرىكى غەزەپ، قىساس يالقۇنلىرىدا لاۋۇلداپ ياناتتى ، تۇمارىسمۇ ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق ھىسياتقا كىلىشىنى سۆزلەپ ئۆتمۈش توغرىسىدا سۆزلىگەنىدى . ئۇ ، ئات ئۈستىدە ئاستا كىتىۋىتىپ خىيالغا چۆمدى . ئەلچىلەر بىلەن دىيىشكەن گەپلەر ئۇنىڭ خىياللىرىنى چۇلغاپ تۇراتتى . ئەشۇنداق روھى ھالەتلەر ئىچىدە ئۇ غورۇرنىڭ قاتتىق خورلۇقتا ئۇچرىغانلىقىنى ، ۋىجدانىنىڭ ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈڭقۇر ھىس قىلاتتى . ئەشۇ خورلۇق ۋە ئازاپ ئۇنىڭ غالىپ جەڭچىلەرگە خاس يۈكسەك ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭ تاۋلايتتى .

كۈزدە تۇمارىس قىز كۈچۈرگۈچىلەرنى سالامەت ئىلىپ بىرىش ۋەزىپىسىنى ئاقساقاللارغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى بىر بۆلەك چەۋاندار ـ پاسىبانلىرى بىلەن ئالدىن يولغا چىققانىدى ، ئۇ ، كىچە ـ كۈندۈز توختىماي ئات چاپتۇرۇپ قارار ـ گاھىغا كەلگەنىدە بىر ئاقساقال :

<< ئەي ھورمەتلىك كاڭ ( پادىشاھ ، ساكلار تىلى ) ، ئەلچىلەر كەلگىلى ئىككى كۈن بولدى ، ئۇبدان مىھمان قىلدۇق ، ھازىر ئۇلار سىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ >> دىدى .

تۇمارىس ئالدىراپ كەتمىدى . ئۇ شۇ كىچىنى قانغىچە ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كىيىن ، يۇيۇنۇپ تارىنىپ ئاندىن سەھەردە ئاستىغا بۇرسلان ، ئىيىق ، تۈلكە ، بۇغا مارال تىرىلىرى سېلىنىپ ئۈستى سايىۋەن قىلىنغان ۋاقىتلىق قوبۇل مەيدانىدا ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى . ئىككى تەرەپ روبىرو ئولتۇرۇشتى ، تىرە دەستۇرخانلار ـ ماسساگىتلارنىڭ يىمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بويىچە تۇرلۇك ، مول تاماق ـ غىزالار بىلەن تولدۇرۇلدى، مەي شاراپلارنىڭ ئەڭ ئىسىللىرى قويۇلدى . دەستۇرخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كىيىن ئەلچىلەرنىڭ چوڭى كەيخۇسراۋ ئەۋەتكەن 90 ھارۋىلىق سوغا سالامنى بىر بىرلەپ ئىسمىنى ئاتاپ تۇمارىسقا ھەدىيە قىلدى . ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار ، گۆھەر جاۋاھىرلار ، ئارپا بۇغداي ، خورما ، خورمىدىن ئىشلەنگەن شاراپلار شۇنچە جىق ئىدى . تۇمارىس ئادەت قائىدىگە مۇۋاپىق كەيخۇسراۋنىڭ ھىممىتىگە ۋە ئەلچىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەخمەت ئىيىتتى ۋە شۇ جايدىلا يىنىدىكى ئاقساقاللاردىن بىرسىگە ، قوبۇل قىلىنغان سوۋغاتلاردىن ئىككى ھەسسە كۆپ سوۋغا تەييارلاشنى ، ئەلچىلەر كىتىدىغان چاغدا كەيخۇسراۋغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئىيىتتى .

www.uyghurkitap.com



ئاندىن ئىككى تەرەپ رەسمى سوھبەتكە ئۆتتى . تۇمارىس ئىنتايىن مەغرۇر ، ئەدەپلىك قىزغىن بىر قىياپەتتە ئىدى ، كەيخۇسراۋنىڭ قانداق ھىيلىلەرنى ئويلاپ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەپلىرىنى كۆڭلىدە مۆلاھىزە قىلاتتى .

ئەلچىلەرنىڭ چوڭى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەۋۋەل ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ھەممە پادىشاھ كەيخۇسراۋنىڭ سەلتەنىتى توغرىسىدا ئاجايىپ دەبدەبىلىك ، پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئىپتىقاندىن كېيىن مەقسەتكە كۆچتى : << ئۇلۇغ شاھىنشاھىمىز كەيخۇسراۋ ئالىلىرى ئۆزۈڭدىن بىرى سىلىنىڭ ھۆسن ئەقلىمدا يىگانە ، لەتاپەت ، پاراسەت بابىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ غايىبانە ئاشىق بىقارا بولۇپ يۈرگەنىكەن ، بۇ قېتىم سىلىنى نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسى بىلەن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى >> . تۇمارىس ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ، قەلبىدە پەيدا بولغان غەزەپ چىرايىغا تەپتى . <<كەيخۇسراۋ پادىشاھىڭ بويتاقمىدى >> دەپ سورىدى ئۇ << ياق ، ــ دىدى ئەلچىلەرنىڭ چوڭى ، ــ كەيخۇسراۋ ئالىلىرى سىلىنى نىكاھىغا ئېلىپ ئەمرىدىكى ھەممە خانىشلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىرىنجى خانىش قىلماقچى ، شۇ ئارقىلىق سىلىگە بولغان ھورمەت ، مۇھەببىتنى پۈتكۈل ئالەمگە نامايەن قىلماقچى ، شۇنداقلا ئىران بىلەن تۇراننى سىلى بىلەن بىرلىكتە سورىماقچى . شاھىنشاھىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇق مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشسا تەڭرىمۇ ، پۈتكۈل ئالەممۇ خۇشال بولىدۇ ، ئەلۋەتتە >>. تۇمارىس غەزىپىنى باسالماي تىترەپ تۇرۇپ :

<< مەككار ! . . . مەن سېنى بىلمەمدىمەن ؟! >> ، بۇ گەپ ئەلچىلەرگە قارىتىلدىمۇ ، كەيخۇسراۋغا قارىتىلدىمۇ ، سوھبەت ئەھلى داماللىققا ئاڭقىرالماي بىر بىرىگە تەمەججۇپ ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى . تۇمارىسنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى چەكچىيىپ چىرايى قورقۇنۇچلۇق تۈس ئالدى . ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى ئەمدىلەتىن چۈشەنگەن ئاقساقال ، سەركەردىلەر قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ بىردىنلا ئەلچىلەرگە يۈپۈرۈلدى . تۇمارىس : << ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ! >> دەپ توۋلىدى دە شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ قوبۇل مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

ئەلچىلەر نائىلاج قايتىشقا جابدۇنغاندا ، تۇمارىس كەيخۇسراۋغا ئەۋەتمەكچى بولغان سوۋغىلارنى ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى ئەلچىلەرگە ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىشكە پەرمان بەردى . شۇ كۈندىن باشلاپ تۇمارىسنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى ، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى ، ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئاچچىق غەزەپ ئوتى يېلىنجىدى ، گۈزەل چىرايىنى تەگسىز خىياللار بىلەن بۇلۇتى توسۇۋالدى . تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ تۇران زىمىنىنى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلىشىنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئوز

مەقسەتتىگە نىكاھ ئەھدىسى ئارقىلىق يەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەندى . كەيخۇسراۋ ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان ھىلىگەر ، رەزىل ئالدامچى ئىدى ــ . ئاتلار يورغىسىنى ئاستىلىتىپ ئالدىرماي بىر خىل رىتىمدا ماڭاتتى . تۇمارىس شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئوغلىغا دېيىشكە تېگىشلىك قىسمىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى . بۇنىڭسىزمۇ سىپار گاپىرىسنىڭ قەلبىدىكى قىساس يالقۇنى غايەت زور گۈلخانغا ئايلانماقتا ئىدى .

نەۋرۇز بايرىمى داۋام قىلىۋاتاتتى . ھەممە يەردە ئادەملەر دېڭىزى ئوركەشلەيتتى . داقا دۇمباق ، نەي ــ تۆمرۈك ( داپ) سادالىرى ئەۋجىگە چىققان ئىدى . ماسساگىتلار قۇياشقا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى ، سەكرىشەتتى ، ئىلتىجا قىلىشاتتى . سىپارگاپىرىس ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىدىن ئىنتايىن ئېغىرلاشقان ھالدا قايتىپ كەلدى . ئۇ ، ئانىسى بىلەن خەيرلىشىپلا زارىنانى ئىزدەپ تاپتى . زارىنا بىر چەتتە بايرام ئەھلىگە قاراپ مۈڭلۈنۈپ ئولتۇراتتى ، ئۇ چاچلىرىغا جالا ، قۇلاقلىرىغا تۇلغاچ ( ھالقا ، سىرغا ) سالغان بولسىمۇ ، سىپارگاپىرىسنىڭ يوقلىغىدىن كوڭلى يېرىم ئىدى . سىپارگاپىرىس ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە خېلى ماڭغاندىن كېيىن ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى ــ دە باغرىغا باستى ، قەتئىي بىر ئاھاڭدا قۇلىقىغا :

ــ مەن بۈگۈن باشقىچە بىر ئادەم بولدۇم ، يەنى ھەقىقى بىر ئادەم بولدۇم ، ــ دىدى پىچىرلاپ . زارىنا كۈلۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە سىپارگاپىرىس ھەقىقى ئەركەك ، كىلىشكەن ، سۇباتلىق باتۇر چەۋەنداز ئىدى . سىپارگاپىرىس زارىنانىڭ يۈزىگە ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ ، ئانىسى بىلەن نەگە بارغانلىقىنى ، نىملەرنى كۆرگىنىنى ، ئانىسىدىن نىملەرنى ئاڭلىغىنىنى ، ۋە ئەمدى ئۆزىنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تەپسىلى دەپ بەردى :

ــ ئوغۇلنالىنى جەڭگە ياراتقان ، ــ دىدى زارىنا ھاياجانلىق بىر ئاۋازدا تىز تىز سۆزلەپ ، ــ سەن ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشىڭ كېرەك ، بولمىسا سەن بىر ئەرسۇ ( پەس ، قەدىرسىز نەرسە ) بولۇپ قالىسسەن . ــ ئەيلۇق ! ئەيلۇق !( شۇنداق ، ھەە) ــ سىپارگاپىرىس سەل قىزارغان ھالدا دېدى ،ـ ئابام نېمىدىگەن سۈيۈملۈك ھەم مەردانە ئايال ھە ، ئۇ كەيخۇسراۋدەك قۇدرەتلىك بىر پادىشاھتىن قىلچە قورقمايدىكەن . ــ سەنمۇ ئاتاڭدەك ، ئاباڭدەك قورقماس باتۇر بول ! ئىككىسى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى . نەۋرۇز بايرىمى بېدە كۆكى غىزاسىنى يېيىش بىلەن ئاخىرلاشتى . شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە تەبەت ئۆز قوينىدا تۇرلۇك تۈمەن ناباتاتلارنى ئۆستۈردى ، يايلاقتا ھايۋاناتلارمال چارۋىلار ، ئۇچار قاناتلار كۆپەيدى . چوپانلار چالغان نەيلەرنىڭ ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



كۆنى سىپارگاپىرىس ئۈشتۈمتۈت يۇقاپ كەتتى . ساۋچىلار تۇمارىسقا :
ــ ئوغلۇڭ ياكسارتىس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا توپ توپ چەۋەندازلارنى ھەربى (مەشىق تاكتىكا ) قىلدۇرۇۋاتىدۇ ، دېدى .
تۇمارىسنىڭ ئەندىشىلىرى ئېنىقلىقتىن ئايلاندى . بىراق ، ئاز ئۆتمەي تۇمارىس تەپ كىسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالدى . ياز مەۋسۇمى كەلدى ، تۇمارىسنىڭ بەزى قىياسلىرى توغرا چىقتى . ئۆكۈز دەرياسىنىڭ غەربىدىن ۋە قاراقۇم ( تۈركمەنىستاندىكى چۆل قۇملۇق ) چۆللىرىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ساۋچىلار كەيخۇسراۋنىڭ لەكمىلەك لەشكەرنى باشلاپ ، نۇرغۇن قەبىلە ــ ئەللەرنى بېسىۋېلىپ ، مۇشۇ تەرەپكە ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر بىرىدىن جىددى ، قورقۇنۇچلۇق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئاقساقاللار كېڭىشىدە تۇمارىس ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى . كېڭەش ئەھلى جەڭگە پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، دۈشمەنگە ئۇمۇمىيۈزلۈك ئاتلىنىش پىكرىنى ئوتتۇرغا قويدى ، ھەتتا تۇمارىس كىمنى قوماندانلىققا تەيىنلىسە ، شۇ دەرھال ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .
ــ بولمايدۇ ، ــ دېدى ئاقساقاللار كېڭىشىگە تۇنجى قاتنىشىش سالاھىيتىگە ئېرىشكەن سىپارگاپىرىس ، ــ بۇنداق قىلساق قان تۆكۈلۈش كۆپ بولىدۇ . مەن تازا خىللانغان ئۈچ توتمىك چەۋەنداز بىلەن ئاتلىنىپ دۈشمەننى كەلگەن جايىغا قوغلىۋېتىمەن . ئابا ، بۇ قېتىم جەڭگە مېنى ئەۋەت ! ــ جەڭ قارقۇم چۆللىرىدىن باشلاندى ، كەيخۇسراۋنىڭ لەشكەرلىرى بىر قانچە يولغا بۆلۈنۈپ ، ئايرىم ئايرىم سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييارلاندى . سىپارگاپىرىس چەۋەندازلىرىنى بولمەي پۈتۈن توپى بىلەن دۈشمەننىڭ غەربى شىمال تەرەپتىكى سېپىگە قارشى ئاتلاندۇردى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقا سەپلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى . ئىككى تەرەپ دەسلەپ ئادەت بويىچە پالۋانلىرىنى ئوتتۇرغا چىقىرىپ يەكمۇ يەك ئېلىشتى . سىپارگاپىرىس بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشكەنىدى ، ئۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى ، ئەپچىللىك بىلەن نەيزە ئۇراتتى ، رەقىبىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئېتىدىن قاماللاپ ئېلىپ بېشى ئۈستىدە كۆتۈرگىنىچە چەۋەندازلىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلايتتى ، بەزىدە چىكىنگەن بولۇپ تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ قوغلاۋاتقان رەقىبىنى شارت قىلىپ چېپىپ تاشلايتتى . ئاخىردا ناغرا دۇمباق چېلىنىدى ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە تاشلاندى . بوراندەك تىز قوغلاش ئەسىر ئېلىش ئوڭ ياكى سول ياندىن ئۈشتۈمتۈت زەربە بېرىش ، جەڭ غەنىمەتلىرىنى يىغىش بىلەن ياز ئايلىرمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندا ھەر ئىككى تەرەپ قايتىدىن جانلىنىپ قالدى ، كەيخۇسراۋنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى سېپىمۇ ئاخىرى جەسەتلەر دۆۋىسىگە ئايلاندى . قالدۇق

www.kitaphumar.com

لەشكەرلەر يارىدارلىرىنى تاشلاپ قېچىشتى . سىپارگاپىرىس دۈشمەننىڭ 3 ـ سىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ، كەيخۇسراۋ چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى ، ئۇ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ كېيىن ھۇجۇم باشلاش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى ، سىپارگاپىرىس دۈشمەننى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتتى ، ئۇنىڭ ئېتىغا ئۆزى ئۆلتۈرگەن دۈشمەن سانىغۇنىنىڭ بېشى سېلىنغان تۇلۇم غانجۇغلانغانىدى . سىپارگاپىرىس ئۆز چەۋەندازلىرى بىلەن ئۆكۈز دەرياسى بويىدا دەم ئالغاچ غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتاتتى . دۈشمەن سانىغۇنىنىڭ بېشى سۆيۈلۈپ ، مېڭىسى چىقىرىۋېلىنىپ جام ياسالدى . سىپارگاپىرىس ئەشۇ جامدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچىلەرگە شاراپ تۇتماقتا ئىدى . ھەممەيلەن غەلىبە شادلىقى ۋە شاراپ تەسىرىدىن غەرق مەس بولغاندا كەيخۇسراۋ كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە ئۇنىڭ ماسساگېتلارچە ياسانغان بىر توپ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ سىپارگاپىرىس ۋە ئۇنىڭ ئون نەچچە سەركەردىسىنى ئەسىر ئېلىپ باغلاپ ئېلىپ كەتتى .

* * * * * * * * *

مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 ـ يىل.

مۇزلار ئېرىپ سۇلار ئۇلغىيىپ ياكسارتىس دەرياسى بىلەن ئۆكۈز دەرياسى دەھشەتلىك نەرە تارتىشقا باشلىدى . غەرب تەرەپتىن ئاچكۆز ، ياۋۇز مەككار ھەممە كۈچلۈك بىر ئەجدىھا تۇران تەرەپكە كەلمەكتەيدى . سىپارگاپىرىسنىڭ نۇسرەت تۇغىنى جەۋلان قىلىپ تۇيۇقسىزلا غايىب بولۇشى پۈتكۈل ماسساگېت ساكلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى ، تۇمارىس بىلەن زارىنانىڭ غەم ئەندىشىسى ھەممىدىن بەك ئېغىر ئىدى ئاغمىخانىدەك چاققان ، بۇرىدەك چەبدەس ساۋچىلار ، چاپارمەنلەر ئايغاقچىلار تەرەپ تەرەپتىن ئىزدەپ ھەتتا نىقابلىنىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگىچە باردى . ئىشەنچلىك خەۋەر ئاخىرى قىش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاندىن تۇمارىسقا يەتكۈزۈلدى .

ئاقساقاللار كېڭىشىدە تۇمارىس بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، ئۇ كېڭەش ئەھلىلىرىنىڭ سىپارگاپىرىس نى قۇتقۇزۇش ئۇسۇللىرى توغرۇلۇق ئاقىلانە بىر گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى ، ئۇلار بولسا ئاۋال تۇمارىسنىڭ بىر نىمە دېيىشىنى خالايتتى .

سۈكۈت يۈرەكنى ئېزىدىغان سۈكۈت داۋام قىلماقتا ئىدى . تۇمارىس كېڭەشنىڭ مۇنداق ئوڭايسىز ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىغا تاقەت قىلالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى . دەل شۇ چاغدا چاك كۆتۈرلۈپ بىر ساۋچى ئات چاپتۇرۇپ تىزلىكتە يېتىپ كەلدى .

ــ پاكىبۇر ئابا ، پاكىبۇر ئابا

ــ كىلاجۇ (سوزلە دۆگەن مەنىدە ) تۇمارىسنىڭ كۆزلىرى ساۋچىغا مىختەك تىكىلدى .

ــ يېغى كىلىۋاتىدۇ ! تۇران قانغا پاتتى! ھېلىقى ئەجدىرھا يەنە ھوكىرەپ كېلىۋاتىدۇ!

كەيخۇسراۋ قىشتىن بېرى جىددى تەييارلىنىپ ، تۇران زىمىنىغا غەرپ ، شىمال جەنۇپ تەرەپتىن تەڭلا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى، ئۇلار كۆندۈزلىرى ، كېچىلىرى چاقماق تىزلىكىدە ئىلگىرلەپ ئاۋارلار، سوغدىلار ۋە ساكلار ياشاۋاتقان زىمىنلارنى قانغا پاتتۇرۇپ ، ئۆكۈز دەريا ۋادىلىرىغىچە يېتىپ كەلدى .كەيخۇسراۋ دەريا بۇيىدىكى سىپارگاپىرىس شاراپ ئىچكەن ، ئەسىرگە چۈشكەن جايغا ئۆز نامىغا ئاتاپ بىر شەھەر بىنا قىلىشقا تۇتۇندى . تۇمارىسنىڭ قوشۇملىرى تۇرۇلدى ، ئەمدىلىكتە ئاقساقاللارنىڭ ، سەركەردىلەرنىڭ دانىشمەن باقشىلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگىمۇ ھاجەت قالمىغانىدى . نامەر دۈشمەن بىلەن پەقەت جەڭ قىلىش ۋەانا تۇپراقنى قوغداپ قېلىشلا بىر دىنبىر چارە ئىدى .

تۇمارىس ھەش پەش دىگىچە خانلىق تاجى قادالغان بىرۇنزا دۇبۇلغىسىنى ، بىرۇنزا ساۋۇتنى بۇرۇنزا زەنجىرلىك شىم پايپىقنى ، بۇرۇنزا ئۇتۇكنى كىيگەن بۇلۇپ گۇرگەن ( ھازىرقى ئۇرگەنچ شەھىرى ) نىڭ مەشھۇر ئۇستىلىرى ھەدىيە قىلغان ئۆتكۈر قىلىچىنى بىرۇنزا كەمىرىگە ئاسقان ، ئۇزىنىڭ مەخسۇس تۇلپارىغا مىنگەن بۇلۇپ توپ ئالدىغا پەيدا بولدى . ئۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە :

ــ ماسساگىتلار ــ ساكلار ، پۈتكۈل تۇرانى قەبىللەر جەڭگە !

ــ دەپ ۋاقىردى . ــ - تۇران ئۈچۈن جېنىمىز پىدا

ــ قانغا قان ! ــ جانغا جان ! دىيىشىپ ، چۇقان سېلىشىپ ھەممەيلەن قېلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغىرىپ ھاۋادا پۇلاڭلاتتى ، شۇ ھامان ساۋچىلار ، چاپارمەنلەر ، ئاقساقاللار ، سەركەردىلەر بەلگىلەپ بەرگەن مەنزىللەرگە ئات سېلىشتى . تۇمارىسنىڭ پەرمانى پەرغانە ئويمانلىقىدا ، پامىر تاغلىرى ئېتەراپىدا ياشايدىغان ساك ھاماۋەرگە مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ يۇپۇرماقلىرىغا چۇقۇنىدىغان ساكلارغا يېتىپ باردى . ئالاي (قىرغىزىستاننىڭ بىر رايۇنى ) ۋە بالقاش كۆلى ، ئىسسىقكۆل ( قىرغىزىستاندىكى كۆل ) ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ياشايدىغان ساك تىگراخىۇدا ــ قۇرلۇق جەز قالپاقلىق ساكلارغا ، ھەم ئۆكۈز دەرياسى ۋادىسىدا ، خەزەر دېڭىزى ، كاسپى دېڭىزى بويلىرىدا ياشايدىغان ساك قايتارا ــ دىيارا دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلارغا يېتىپ باردى ، ھەم شۇ زىمىندا ساكلار بىلەن قېرىنداش بۇلۇپ ياشاۋاتقان ئاۋار ــ ئارىيان ، ھۇنگار ، تۇرا ، تۇرك ، توخرى . . . لارغىمۇ

www.kitaphumar.com

يېتىپ باردى . بۇ زېمىندا ياشايدىغان قەبىلە ئەجداتلىرىدىن تارتىپ ھەم كۆچمەن ھەم چوپان ، ھەم ئوۋچى ھەم چەۋەنداز جەڭچى ئىدى . كىچىكىدىن تارتىپ ئات مىنىش نى ، قىلىچ نەيزە ئىشلىتىشنى ، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىپ ماھىر چەۋەنداز بولۇپ يېتىشەتتى ، جەڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى پەرمان كەلگەن ھامان ئۆزلۈكىدىن قوزغۇلۇپ ، سەپ تىزەتتى ، جەڭ ئاتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ جابدۇقلىرىنى ، جەڭ قۇراللىرىنى ، يېمەك ئىچمەكنى ئۆزلىرى غەملەيتتى . چەۋانداز بولمىغان ، جەڭ كۆرمىگەن يىگىتلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسى ئارىسىدا قىلچە يۈز ئابرويى بولمايتتى ، قىزلارمۇ ئۇنداقلارنى پەس كۆرۈپ ياراتمايتتى ، تەگمەيتتى . تۇرانلىقلار تۇمارىسنىڭ قارگاھىغا شامالدەك تېز يېتىپ كېلىشتى . ئەرەنچە ياسىنۋالغان جۇۋان قىز چەۋەندازلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى . زارىنا ئۇلارغا باش بولۇپ سەپ تىزىۋاتاتتى .ئارسلان تىرىسىدە ياسالغان ئۈچ بۇرجەكلىك جەڭ تۇغى ھەر بىر سەپنىڭ ئالدىدىكى تۇغچىنىڭ قولىدا لەپىلدەيتتى .

ــ تۇمارىس ئۆكۈز دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىپ بارگاھ تىكتى . ياپيېشىلللىقتا چۆمگەن تۇران تۈزلەڭلىكى باھار قۇچىقىدا ئەللەيلىنەتتى . تۇمارىسنىڭ ئالدىغا ساۋچىلار ، چاپارمەنلەر ، ئايغاقچىلار كېلىپ كېتىپ تۇراتتى . بۇلار : ئەي پەكبۇر ئابا ، كەيخۇسراۋ سەن كېلىشتىن بۇرۇن دەريانىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىگە كېلىپ بولغان ، ئەمما ئۇ بارگاھ تىكمىدى .

ــ ئەي ئۇلۇغ ئابا ، كەيخۇسراۋ بىر ياخشى جايغا قورغان بىنا قىلىۋاتىدۇ ، دېيىشەتتى . بارگاھ تىكمىگەنلىك كەيخۇسراۋنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ ، داۋاملىق ئىچكىرلەپ ئۇرۇش قىلىپ تۇران زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىستىلا قىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى ، بىنا قىلىۋاتقان قورغىنى بولسا ، ئۇنىڭ قالدۇرماقچى بولغان نام نىشانى ئىدى . بىر ساۋچى قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلدى . ــ كەيخۇسراۋ دەريا لىۋىگە چۈلۈك ( چىنارنىڭ بىر خىلى ) ياغىچىدىن 70 گەز ئېگىزلىكتە بىر مۇنار ياساتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىپارگاپىرىسنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئايرىم ئايرىم ئىككى ئۇنۇقتا ( ئارغامچا ) باغلاپتۇ ، ئۇنۇقلارنىڭ ئۇچلىرىنى پەستە ئىككى لەشكەر چىڭ تارتىپ تۇرۇپتۇ . تۇمارىسنىڭ تاپىنىدىن بىر پاتمان ئوت كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى ، چىرايى بىر قارىداپ يەنە ئەسلىگە كەلدى .تاڭ ئاتقاندا كەيخۇسراۋنىڭ ئەلچىلىرى دەريادىن ئۆتتى . تۇمارىس كەيخۇسراۋ بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقنى ئېيتىپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى ، ئاندىن بارگاھتىن چىقىپ دەريا بويىغا ئاتلىق يېتىپ كەلدى . دەريا سۈيى لايقىلىپ ، قىنىغا پاتماي ، تاشقىنلاپ ــ ئۆركەشلەپ ئاقاتتى . تۇمارىس مۇنار ئۈستىدە ئوغلىنى كۆردى . كەيخۇسراۋ

www.uyghurkitap.com



مۇنارنىڭ يېنىدا قۇرۇغلۇق ۋاقتىلىق تەختىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇمۇ ئاتقا مىنگەن بىر ئايالنى كوردىدە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھىجايغاندەك قىلدى . تۇمارىس ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن پەقەت ئوغلىغىلا قارايتتى . سىپارگاپىرىس بېشىنى تىك تۇتۇپ بۇ تەرەپكە نەزەر سېلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى . كەيخۇسراۋ بىر نىمىلەرنى دىگەندەك قىلدى . دەريا سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ، گۈركىرەپ تۇرغاچقا تۇمارىس رەقىبى بىلەن سۆزلەشسىمۇ ھەر ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ شۇان بارگاھقا قايتىپ كەلدى ۋە كەيخۇسراۋغا ماڭدۇردىغان ئەلچىلەرگە مۇنداق دىدى :

ـ تۇمارىس دەيدۇ : ئەي ئەشەق ( تۆۋەن ، پەس ) ، ئۆترۈك ( ھىلىگەر ، ئالدامچى يالغانچى) قانخور زالىم پادىشاھ كەيخۇسراۋ ! . . . . قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانمايلا قوي ، سەن ئوغلۇمنى يۈزمۇ يۈز جەڭ قىلىپ يەڭگىنىڭ يوق ، ئۇ سىنى يېڭىپ غەلبىنى تەبرىكلەپ بەزمە قىلىۋاتقاندا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلدىڭ . ئەمدى مىنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر ، ئوز ماكانىڭغا زىيان ـ زەخمەتسىز كېتەي دىسەڭ ئوغلۇمنى ئۆزەمگە قايتۇرۇپ بەر ! چۈنكى مەن قان تۆكۈشنى خالىمايمەن ! ئەگەر ئۇنىمىساڭ ، ماسساگىت ـ ساكلارنىڭ تەڭرىسى سىۋالىيۇ بىلەن قەسەمكى ، مەن سەندەك ئاچكۆز يۈھانى قان بىلەن سۇغۇرىمەن !!!. . . ـ ئەلچىلەر قايتىپ كېلىشىگە كەيخۇسراۋنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى ، ئۇلارمۇ كەيخۇسراۋنىڭ سوزلىرىنى تۇمارىسقا يەتكۈزدى:

ـ مەن ماسساگىتلارنىڭ خانى ، گۈزەل ـ چىرايلىق تۇمارىسقا ئاشىق بىقارا . ئۇ مىنىڭ نىكاھىمغا ئۆتۈپ ، خانىشىم بولۇپ ، ئىران بىلەن تۇرانغا بىرلىكتە ھوكۇمران بولۇشقا قوشۇلسىلا ئوغلىنى ئازات قىلىمەن ، ھەم ئۇ بىزنىڭ تەخىت ۋارىسىمىز بولىدۇ . تۇمارىس بۇنىڭغا قوشۇلمىسا ئوغلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆكۈز دەرياسىدىن ئۆتۈمەن ، تۇران زىمىنى زەبىت قىلىپ ، پۈتكۈل ئادەملىرىنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن ! ئەلچىلەر كەتتى ، ئەمدى سەبىر قىلىشقا بولمايتتى ، تۇمارىس ئوغلىنىڭ ھاياتىنى ، بەختىنى دەپ كەيخۇسراۋدەك ئەشەددى دۈشمىنىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىلىنى خار زەبۇنلۇقتا قويغاندىن كۆرە ئۇزىگە ئۆلۈمنى ئەلا كۆرەتتى . ئۇ ، ئاقساقال سەركەردىلىرىنى ، چەۋەنداز ـ جەڭچىلىرىنى باشلاپ دەريا بويىغا كەلدى . سىپارگاپىرىس ھېلىھەم مۇنار ئۈستىدە تۇراتتى ، تۇمارىسنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى . ئەتراپتىكىلەر ئالا چۇقان كۆتۈردى ، زارىنا بىرلا چىقراپ ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى ، ئۇ ھۇشىدىن كەتكەنىدى . تۇمارىس ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىلچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاۋادا ئىككى ياققا ئۈچ قېتىم شىلتىدى ، بۇ دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەلەشمەيدىغان بەلگە ئىدى . سىپارگاپىرىس پەقەت

www.kitaphumar.com

شۇ دەقىقىدىلا ، شاراپ ئىچىپ دۇچار بولغان ئاقىۋىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى ، يىگىتلىك ۋىجدانى ، ئار نۇمۇسى ھەممىدىن غالىپ كەلدى ۋە ئۆزىنى مۇناردىن كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئاتتى . ماسساگېتلار شۇئان ئالا ـ چۇقان ، داد پەريات كۆتۈرۈشۈپ دۈشمەن تەرەپكە يالىڭدىن ئوق ئۈزۈشتى ، قارشى تەرەپتىنمۇ ئوقلار ئۇچۇپ كەلدى . سىپارگاپىرىس ئارغامچىلارنىڭ ئۇچلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تارتىۋاتقان ئىككى لەشكەرنى سۇ تەرەپكە تارتتى كەيخۇسراۋنىڭ پەرمانى بىلەن يەنە تۆتتىن سەككىز لەشكەر ئارغامچىلارنىڭ ئۇچلىرىغا ئېسىلدى . كەيخۇسراۋ سىپارگاپىرىسنىڭ سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈشىنى خالىمايتتى ، ئۇ، ئۇنى ئانىسىغا كۆرسىتىپ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئويلايتتى . سىپارگاپىرىس بىرلا ئۇخچۇپ موللاق ئېتىپ سۇ يۈزىگە چىقتى ، ئارغامچىلارنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئون نەپەر دۈشمەننى دەرياغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى . دۈشمەنلەر سۇغا غەرق قىلىنىۋېتىلدى ، سىپارگاپىرىس ئۆزىمۇ قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن ھالسىراپ بولالماي قالدى . شىددەتلىك دولقۇن زەربىسىدە تەتۈر قايناملارغا چۈشۈپ قېلىپ چۆرگىلەپ پىقىراپ سۇ تەكتىگە كىرىپ كېتىپ غايىپ بولدى. قاراپ تۇرغان كەيخۇسراۋ :

ـ بەكلا ياش ئىكەنسەنغۇ ، لېكىن ئىپاجايىپ باتۇر ، ئىبار نۇمۇسلۇق ئىكەنسەن ، شۇڭا مېنىڭ قولۇمدا ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى شەرەپ بىلدىڭ ، مۇبادا شۇنداق قىلمىغان بولساڭ مەنمۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم ، ھەي ھايات قالدۇرغان بولسام ، كەلگۈسىدە مەشھۇر سەركەردە ، غالىپ قوماندان بولاتتىڭ ، ئېسىت ! ـ دېدى . ئىككى تەرەپنىڭ مەرگەنلىرى بىر بىرىگە بىر ـ بىرىگە جان جەھلى بىلەن ئوق ئېتىشاتتى ، ئوقلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا ئۈستىدىكى بوشلۇقتا بىر بىرىگە سوقۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كېتەتتى . ئېتىشىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا كەيخۇسراۋنىڭ مەرگەنلىرى ئېتىشتىن توختىدى ، كەيخۇسراۋ چېكىنىشكە پەرمان بەرگەن ئىدى . تۇن كېچە تومارىسنىڭ بارگاھى ئەتراپىدا يىغا بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىلغان ئالىپ ئەرتۇڭا داستانى تاڭ ئاتقىچە توختىمىدى . ئۆلىشىپ ئېرەن بورلەيۇ، يىرتىپ ياقا ئورلايۇ . سىقرىپ ئۈنى يۇرلايۇ، سىلتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر مەنىسى ھەممەيلەن بورىدەك ئۇۋلاشتى، ياقىلىرنى يىرتىپ ۋارقىراشتى . ئۈشتەك ئاۋازىدەك ئىڭراشتى ، يىغلاپ كۆزى ئورتەندى . ناخشا ئاۋازى دەريا دولقۇنلىرىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازىغا ئوخشايتتى . ماسساگېت جەڭچىلىرى ئەشۇ مەرسىيىلىك ناخشا ئارقىلىق ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان قەھرىمانى سىپارگاپىرىسنىڭ ئۆلۈمگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەيتتى ، زارىنا ياقا يىرتىپ پەرياد ئۇراتتى ، تومارىس ماتەم سۈكۈتىگە چۆمگەنىدى .

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com

بۇ هال پۇتكۇل تۇران چەۋاندازلىرىنىڭ قىننى قايناتتى . ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ كەتتى . ساۋچىلار كەيخۇسراۋ لەشكەرلىرىنىڭ گاھ دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ، گاھ بۇ تۇۋەن ئېقىنىدا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەرقىلدى . ماسساگىت ـ ساكلار گويا پەرۋانىغا ئوخشاش قەيەردە ئوت كۆرسە شۇئان ئۆزىنى ئۇرىدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى . تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ ھىيلە مىكىر ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ھوشيارلىق بىلەن سېزىۋالدى ۋە ئەلچىلەرنى تەيىنلەپ مۇنداق دېدى :

ـ تۇمارىس دەيدۇ : ئەي تەكەببۇر ، مەككار پادىشاھ ! بىز بىلىمىزكى ، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن ، شۇ سەۋەپتىن ئۇستىمىزگە ئات سېلىپ كەلدىڭ . ھازىر بىزنى پەقەت دەريا لا ئايرىپ تۇرىدۇ ، ئۇرۇشماقچى بولساڭ ، گاھ پەيدا بولۇپ ، گاھ غايىپ بولۇپ بىزنى ئاۋارە قىلما ، ھىيلە مىكىر ئىشلەتمە ، مەرتلەرچە مەيدانغا چىق ! دەرياغا كۆۋرۈك سالىمەن دەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمە . بىزگە ئېيتساڭ بىز ساڭا دەخلى يەتكۈزمەي ئۈچ كۈنلۈك يەرگە يوتكىلىپ كېتىمىز ، بىمالال دەريادىن ئۆتسەڭ ، ئۇندىن كېيىن يۈزمۇ يۈز ئۇرۇش قىلىمىز ، ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ سەن تۇرغان تەرىپىدە ئۇرۇشماقچى بولساڭ ئۇنىمۇ بىزگە ئېيت ، بۇنىڭغىمۇ بىز رازى بولىمىز ، لېكىن نامەرتلىك قىلما !

كەسكىن ۋە قەتئى تەلەپ كەيخۇسراۋنى ئىزتىراپقا سېلىپ قويدى ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتىدىن ھەرگىز يانمايتتى ، بىراق بىرلا بۇيرۇق بىلەن لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى . تەرىتتۇارۇ بىلەن تۇمارىس بىلەن ، ئاخىرىدا سىپارگاپىرىس بىلەن ئۇرۇشقاندىكى قانلىق ساۋاقلار ھېلىھەم ئېسىدە ئىدى ، ئادىتى بويىچە ئۇ كېڭەش چاقىرىپ سەركەردىلىرىدىن بىرەر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ماسساگىتلارنى يېڭىشنىڭ چارىلىرىنى تېپىشنى تەلەپ قىلدى ، بۇ ئارقىلىق ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ قارشى تەرەپنى بىخۇتلاشتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئىدى .

ـ تۇمارىس يەنە خېلى ۋاقىت كۈتكەندىن كېيىن دۈشمەننىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالدى ـ دە كېچىدە دەريانىڭ تۇۋەن ئېقىنىدىن ئۆتتى ۋە دۈشمەننىڭ يان تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ سەپ تۈزدى ، بۇ كەيخۇسراۋنى يۈزمۇ يۈز جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى . كەيخۇسراۋمۇ نائىلاج دەرھال سەپ تۈزدى . تۇمارىس بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى . كەيخۇسراۋ ئېتىنى دىۋىتىپ سەل ئالدىغا چىقتى :

ـ مەن پادىشاھ كەيخۇسراۋ ، مەن بىلەن ئېلىشىشقا پادىشاھىڭ چىقسۇن ! ـ دەپ ۋاقىرىدى :

ـ مەن شۇ ! ـ تۇمارىس بەرجەم قادالغان دۇبۇلغىسىنى بېشىدىن ئالدى ، بۇلۇتتەك

www.kitaphumar.com

تۈزغۈپ تۇرغان قويۇق ، قوڭۇر چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يەلكىسى بىلەن دۈمبىسىنى ياپتى، ــ سەن ئاشىق بولغان تۇمارىس ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ ، سەنمۇ ئاڭلىغان ، بۈگۈن شۇ قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!

ــ ئاھ ، تەڭرىم ــ كەيخۇسراۋ تۇمارىسنىڭ گۈزەل ھوسنى ، بەرنا قامىتىنى كۆرۈپ تىۋىلىشۋەتتى ۋە مەڭدەپ قالدى .

تۇمارىس چاچلىرىنى بېشىغا تۈرتەكلەپ دۇبۇلغىسىنى كىيدى . ئىككى پادىشاھ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىر بىرىگە قاراپ ئات سېلىشتى . ئاتلار چاپچىدى ، قىلىچلار جاراڭلىدى ، ئوت چۆپلەر چەيلەندى ، تۇپا تۇزان كۆتۈرۈلدى ، ھەر ئىككىسى ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى ، كەيخۇسراۋ ھاياتىدا بۇنداق باتۇر ئايال چەۋەندازنى كۆرمىگەنىدى ، بۇرۇنقى جەڭلەردە ئۇمۇ ، تۇمارىسمۇ بىۋاستە تۇتۇشمىغانىدى ، كەيخۇسراۋنىڭ قىلىچ تۇتقان قولى بىلىنە بىلىنمەس تىترەيتتى . تۇمارىس ئۇنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىلغان ھۇجۇملىرىنى ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن تۇسايتتى ۋە ئۇزىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى ، كەيخۇسراۋنىڭ قىلىچ ئۇرۇشىغا زادىلا ئىمكان بەرمەيتتى . تەكرار تەكرار ئېلىششلاردىن كېيىن تۇمارىس بىرلا ئېتىلدى دە كەيخۇسراۋنىڭ بېشىنى نىشانلاپ قىلىچ ئۇردى ، قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا تەگدى . ئۇ ، ۋاي دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى ، شۇان ئىككى تەرەپ خۇددى مۇشۇك چاشقانغا ئېتىلغاندەك بىر ــ بىرىگە ئېتىلىشتى ، چاڭ تۇزانلار قۇياشنى توستى ، قىر چاپ سادالىرى داد پەرياتلار پەلەككە يەتتى . جەڭ بىر كېچە كۈندۈز داۋاملاشتى ئىران لەشكەرلىرى سەركىسىدىن ئايرىلغان قوي پادىلىرىدەك چېچىلىپ ــ قىرىلىپ بىتچىت بولدى ، جەڭ تۇمارىسنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشتى . رازىنامۇ خېلى كوپ دۈشمەننى ئۆلتۈردى . ئۇ دۆۋە دۆۋە جەسەتلەرنى ، ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن باشلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ ئېتىغا كەيخۇسراۋنىڭ ۋەزىرى كېزىرىنىڭ بېشى سېلىنغان تۇلۇم غانجۇغلاقلىق ئىدى ، زارىنا خېلى ئۇزاق ئاۋارە بولۇپ دەسلەپ جەڭ باشلانغان يەرگە كەلدى ۋە كەيخۇسراۋنىڭ جەستىنى مىڭ تەستە تاپتى .

جەسەتنىڭ گەۋدىسى بىلەن بېشىنى بوينىدىكى ئازغىنە تېرە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى ، زارىنا باشنى كېسىۋېلىپ تۇمارىسنىڭ بارگاھىغا كەلدى ، تۇمارىس كەيخۇسراۋنىڭ ۋەزىرى كېزىرنىڭ بېشىنى جام قەدەھ قىلىشقا قالدۇردى ۋە بىر تۇلۇمغا لىق قان تولدۇرۇشنى بۇيرىدى ، ئاندىن كەيخۇسراۋ نىڭ بېشىنى ئاشۇ تۇلۇمغا سېلىپ :

ــ ئەي نامەرت ! تاجاۋۇزچىلىقىڭغا قارشى ھالاللىق بىلەن جەڭ قىلىپ سىنى يېڭىپ كىلىۋاتقان مەندەك بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ پەرزەت داغىدا

www.kitaphumar.com

قويدۇڭ ! سەن ئومرۈڭ بويى قانغا تويمۇدۇڭ ! مەن ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىپ مانا سېنى قان بىلەن سۇغاردىم ، ئەمدى تويى ! باشقىلارنىڭ ئەل يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ ! ! ! دېدى قەھرىلىك ئاھاڭدا!

1999 ـ يىل نويابىر ـ دېكابىر

ئاقتۇ

تۈگىدى

www.kitaphumar.com

# شىراق

ئابدۇللا ساۋۇت

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 633-يىللار، ياز ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. كېچىلىرى ھىندىقۇش تاغلىرى تەرەپتىن غەربىي شىمالغا قاراپ ئاققان سوغۇق ئېقىم، تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ بىپايان قۇچىقىدىكى بارلىق ناباداتلارغاتەھدىت سالاتتى. بىراق، كۈندۈزلىرى قارا قۇم چۆللۈكلىرى ③ دە كۆتۈرۈلگەن ئىزغىرىن‌شامال، بۇ ۋادىغا ئىسسىق ھارارەت تارقىتاتتى. كۈن قىزىغانسېرى بۇ ھارارەت كۈچىيىپ، يەر - زېمىن تونۇر تەپتىدەك يالقۇنجاپ، ساي، ئېدىرلىقلاردا ۋە ئۇپۇققىچە تۇتاشقان تۈزلەڭلەردە توپ - توپ گىرىمسەن پەيدا قىلاتتى. پامىر چوققىلىرىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ، جىرا بويلاپ سىرغىپ – تارام ھاسىل قىلىپ ئېقىپ، كەڭ تاغ ئېتەكلىرىدە قوشۇلۇپ سىر ۋە ئامۇ دەريا لىرىدە كۆۋرەپ - تاشقىنلايتتى. بەرقۇتتەك يېشىللىققاپۈركەنگەن ئېكىنزارلار، كۈن نۇرىدا تاۋلانغان چىمەنلىك يايلاقلاردا تېخى چېچەك چىقارمىغان ئوت - چۆپلەرنى يەپ سەمرىۋاتقان مال - ۋارانلار تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ جىلۋىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

شۇنداق تىنچ، ئاسايىشلىق بىر پەيتتە، خەزەر دېڭىزى⑤ غەربى جەنۇب تەرىپىدىن تۇيۇقسىز دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلدى- دە، ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاپ، تۇڭگۇزدەك چىرقىراپ تۇران ۋادىسىغا قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىدى. قارا بوران تېخىمۇ قۇتراپ، ھەش - پەش دېگۈچە تۇران زېمىنىنىڭ زور بىر قىسمىنى يالماپ - يۇتۇپ كەتتى. باغلار، ئورمانلار، چېكى كۆرۈنمەس ئېكىنزارلار قارا بوراننىڭ رەھىمسىز زەربىسى – زوراۋانلارنىڭ ئىپلاس تاپىنى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاقىلىق تۇياقلىرى ئاستىدا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى. ھەممە يەر ئۆلگەنلەرنىڭ – ئەر، ئايال، مالچى، تېرىقچى، سودىگەر، گۆدەك بالىلار ... نىڭ سېسىغان جەسەتلىرى بىلەن تولدى. بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە شاھىت تۇران زېمىنى ئاچ قالغان ھېسابسىز قاغا - قوزغۇنلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن گۆشخور ھايۋانلارنى ئۆز باغرىغا چىللاپ، دۆۋە - دۆۋە جەسەتلەر بىلەن مېھمان قىلىشقا، كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارال دېڭىزى⑥ ئۆزتارىخىدا دەھشەتلىك قىرغىنىدىن بىرنەچچە قېتىم قايناپ تاشقان، ھازىرمۇ قىرغىن ئىچىدە قايناپ تاشماقتائىدى. ئاشۇ تاشقىن تۈپەيلى ۋەھىملىك سادا چىقىرىپ ھۆركىرىگەن دولقۇنلار قىرغاقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. ھەر بىر ئۇرۇلغاندا چاچرىغان

www.kitaphumar.com

بۇزغۇنلاردىن‌ئەتراپقا ئاجايىپ قاشسىق، بەتبۇي ھىد تارىلاتتى. بۇ ھىد – ھاياتلار ئۈچۈن ئۆلۈم پۇرىقى ئىدى. چۈنكى، ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلۇۋاتقىنى سۇ ئەمەس، بەلكى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىغا تولۇپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قىپقىزىل قان ئىدى.

ياردىلانغان، قېچىپ قۇتۇلۇپ، سەرگەردانلىقتا يۈرگەن، تۇتقۇن قىلىنغان تۇرانلىقلار- نىڭ داد- پەريادى گويا قارا قۇم چۆللۈكلىرىدە كۆتۈرۈلگەن بەھەيۋەت قۇيۇنلاردەك پىرقىراپ، ئۈچۈپ كۆككە ئۆرلىمەكتە ئىدى ...

بۇ پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبكارى – بېشىغا مىس دۇبۇلغا، ئۇستىگە پولات زەنجىرلىك ساۋۇت كىيگەن، ئىسپاھان① ، شىراز② قالقىنى بىلەن قورالانغان، خىل، يۈگۈرۈك پارس ئاتلىرىغا مىنگەن، ھەددى - ھېسابسىز ھەربىي قوشۇن ھەمدە بۇلارنى باشلاپ كېلىۋاتقان كىيانيان سۇلالىسىنىڭ توققۇزىنچى پادىشاھى، باسقۇنچى دارا I ئىدى. ئالدىدا تۇغچى لەشكەرلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي يۈرۈش تەرتىپى بويىچە ھۇجۇمچى قوشۇن، تەخت بىلەن ئوردا چېدىرىنى كۆتۈرگەن قوشۇن، ئوردا لەشكەرلىرى كېلەتتى. ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ‌ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە ئارغىماقتا پادىشاھ دارا مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە بولسا كۆز يەتمەس سەپ گويا قارا چۈمۈلىدەك قىملىدىشىپ كېلىشەتتى. ھەممىنىڭ ئاخىرىدا ئات، تۆگە، پىلارغا قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىشقان ئارقا سەپ تەمىنات قوشۇنى كېلەتتى. دارانىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى‌يەرلەردە قانلىق قىرغىن ئىزلىرى قالماقتا ئىدى. لەشكىرىي دارا I نىڭ قوشۇنى بارلىق‌قارشىلىقلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. دارا I نىڭ كۆزلىگەن مەنزىلى‌پامىر بىلەن تەڭرىتاغنىڭ غەرب، شەرق ئېتەكلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن سۇلۇق يايلاق، قارا چىلان تۇپراقلىق مۇنبەت تېرىلغۇلار، باغۇ بوستانلىق يېزىلار، يېڭىدىن‌گۈللىنىۋاتقان شەھەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. دارا I بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ، بۇ يەرلەرنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ ھەربىي يۈرۈشنى‌توختاتمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ شۆھرەت يالقۇنلىرىدا كاۋاپ بولغان ۋۇجۇدى ئاچ كۆزلىرىگە تاقەتسىزلىك ئۇچقۇنلىرىنى تۇتاشتۇرغانىدى. مانا، شۇ ئۇچقۇن تېخىمۇ يىراقلارغائوت يېقىش ئىستىكىدە چاقنىماقتا ئىدى. يەنە ئۇ، ئۇزاق، تېز ھەربىي يۈرۈشلەردە، شىددەتلىك، قانلىق باستۇرۇشلاردا، قىرغىن قىلىشلاردا ھارغان ئاتلىرىنى تارىم دەرياسى بىلەن لوپنۇر كۆلىدە سۇغىرىپ، «بۈيۈك» كىيانيان سۇلالىسىنىڭ كەيقۇباد③ داراپ ④ ، داراپتىن ئۆزگە مىراس قالغان قانلىق تۇغىنى ئاناماچىن تاغلىرى⑤ داشنى مەقسەت قىلاتتى ... تۇران جەسەتكە تولۇپتۇ! ئارال دېڭىزىدا قان! دارا كېلىۋاتىدۇ! يېغى كەلدى!

www.kitaphumar.com

مانا بۇ قورقۇنچلۇق قىقاس ـ چۇقان، ۋەھىمىلىك خەۋەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا چوگېر، مۇز تاغ، خانتەڭرى چوققىلىرىدىن ھالقىدى. قۇرۇم تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پايانى يوق چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئۇزاقتىن بېرى بىر خىلدا تىنچ ياتقان ئويمانلىقنى لەرزىگە سالدى. كروران شەھىرى② دىن چىققان شاتۇرلار چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ، دارا I ئېلىپ كېلىۋاتقان بالايىئاپەت توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى دۇنخۇاڭ③ دىن تاكى جاڭيې غىچە يەتكۈزدى. بۇغرا بۇزلۇق ⑤، ئاسكۇملۇق تەڭرى⑥ ۋە قۇت تاغ⑦ ـ تېشىدىكى سانسىزلىغان قەبىلىلەر شۇم خەۋەردىن ساراسىمىگە چۈشتى، جىددىيلەشتى. ئاقساقاللار كېڭىشىچاقىرىپ، يېغىنىڭ ئالدىنى توسۇش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. `

ئۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى، ئون دەريا ۋە توققۇز دەريا ۋادىلىرىدىكى ئىچكى ـ تاشقىئوغۇزلارنىڭ بارلىق ئەرلىرى لەشكەرلىككە تىزىملىنىپ قوراللاندى. ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى – پامىر ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان قەبىلە – ساكلار ھەممىدىنبۇرۇن كېڭەش ئۆتكۈزدى. ساكلار قاپاقلىرى سىلىنغان ھالدا بارگاھنىڭ ئەتراپىغاتوپلاندى، بارگاھ ئىچىدە ساك ئاقساقاللىرىدىن 20 ـ 30 كىشى بار ئىدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، ئوك تەرەپتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان قېرى ساك ئورنىدىنتۇرۇپ، جىملىقنى بۇزدى:
ھەي قېرىنداشلار! ـ دېدى ئۇ، بارگاھ ئىچىدىكىلەرگە تەكشى قارىۋالغاندىن كېيىن، – بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ، بالا ـ قازا بوسۇغىمىزغىلا كېلىپ قالدى. يېغىغا قارشى قوزغالمىساق، يېغى بىزدىن سوراپ ئولتۇرمايلا بېشىمىزدا قىلىچئوينىتىدۇ. بالا ـ چاقا، مال ـ ۋارانلىرىمىز ۋەيران بولىدۇ. بىزنى بېقىپكېلىۋاتقان مۇقەددەس ئانا تۇپراق قان بىلەن بويىلىدۇ. گەپ قىلىڭلار! ياكى شۇنداق بولۇشنى كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ؟!

بارگاھ ئىچىنى ئېغىر پۇشۇلداش، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلار قاپلىدى، قېرى ساكنىڭ سۆزى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

– ياق، – ساقال ـ بۇرۇتى قاپقارا، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان بىر ساك قولىنى كەسكىنشىلتىدى، – كۈتۈپ تۇرۇش – ئۆلۈم بىزگە! يېغىنى توسۇش كېرەك! خەۋەرلەردىن قارىغاندا، سېلىنگا دەرياسى-، خانگاي تاغلىرى بىلەن بايانقارا تاغلىرى غىچە بولغان كەڭ زېمىن قوزغالدى. ئۇلار دۇنخۇاڭغا توپلىنىپ، تارىمدىن ئۆتۈپ بۇياققا كېلىۋاتىدۇ. بىز ئالدىنقى سەپتە، شۇڭا دەرھال قوراللىنىپئاتلىنىشىمىز كېرەك. ,

– بۇ، دانا پىكىر!

– ئۇنداقتا، ھەممىمىز ئۆز قەبىلىلىرىمىزدىن لەشكەر توپلايلى.

www.kitaphumar.com

– بولدۇ، جان كەتسمۇ مەيلى!

شۇ پىكىرلەر بولۇۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت بارگاھ سىرتىدا ئىككى ئەركەكنىڭ تاكاللاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان بارگاھ قورۇقچىسى كىرىپ كەلدى. ئاقساقاللارغا ھۆرمەت ـ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ:«بىر ناتونۇش پادىچى ئاقساقاللار بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، كىرگىلى قويمىسام جېدەللەشكىلى تۇردى» دەپ مەلۇمات بەردى. كېڭەش قاتناشچىلىرى دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى. چۈنكى، ئادەت بويىچە كېڭەش بولۇۋاتقان جايغا ئاقساقاللاردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىناتتى.

– بىرەر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولمىسۇن يەنە، – دېدى قىرى ساك، – قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ كىرسە ...

ھېچكىم ئۈندىمىدى. بۇ ھېلىقى پادىچىنىڭ كىرىشىگە قوشۇلغانلىقىنىڭمۇ ـ قوشۇلمىغانلىقىنىڭمۇ ئىپادىسى ئەمەس ئىدى. قىرى ساكنىڭ تاقىتى تۈگىدى، «باشلاپ كىر!» دېدى ئۇ. باشقىلار قىرى ساكقا تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قىلىشتى. بارگاھ قورۇقچىسى ھايالشمايلا بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ناتونۇش كىشى ئاقساقاللارغاتەزىم بەجا كەلتۈردى، قورۇقچى چىقىپ كەتتى. ئاقساقاللار ناتونۇش پادىچىنىڭ ۋىجىكبويىغا، تىتىلىپ كەتكەن تىرە كىيىملىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشتى.

– ئاۋۋال ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل! نېمە ئادەمسەن؟ – دېدى قىرى ساك.

– مېنى شىراق دېيىشىدۇ، يۇرتۇم مۇز تاغنىڭ شەرقىي يايلاقلىرى، پادىچىمەن.

شىراقنىڭ تەمتىرىمەي، ئېنىق، دادىل سۆز قىلىشى ئاقساقاللارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوچۇق، جاراڭلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنى ئەركىن، تېتىك تۇتۇشى، قاراشلىرىدىكى قەتئىيلىك ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ھەممىسىنى تاڭ قالدۇرغانىدى.

– سۆزلە، نېمە مۇددىئا بىلەن كەلدىڭ؟!

شىراق جۈرئەتلىنىپ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇددىئاسىنى بايان قىلدى:

– ھۆرمەتلىك ئاقساقاللارنىڭ نېمە ئىش توغرىسىدا كېڭىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ياۋ بوسۇغىمىزغىلا كېلەي دەپ قالدى، بارلىق ئوغۇز ۋە ساكلىرىمىز ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا بىز ياۋنىقىرىمىز، ياۋ بىزنى قىرىدۇ، ياۋ قىرىلىسىغۇ مەيلى، بىراق ئۆزىمىز قىرىلساق ... ـ شىراق سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى، – دېمەكچى بولغىنىم، مەن ساكلارنىڭئىچىدىكى ئەڭ كەمبەغىلى، ئاچ ـ يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان خوتۇن ـ بالىلىرىم بار. ئەگەر سىلەر خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرسەڭلار، مەن ئۆز ھاياتىم بەدىلىگە باسقۇنچى دارا

www.kitaphumar.com

لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىپ، ساك، ئوغۇز ۋە باشقا بارلىق قەبىلە ـ قېرىنداشلىر ـىمنى، مۇقەددەس، ئۇلۇغ تۇپرىقىمنىبالايىئاپەتتىن خالاس قىلىمەن!

شىراقنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرى بارگاھ ئىچىنى تىمتاسلىققا چۆمگۈزدى. بىر قىسىم ئاقساقاللارنىڭ مەسخىرىلىك تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى سوغ نەزەر شىراقنىڭ شىجائەت، ئىرادە جۇشقۇنلاپ تۇرغان قەلبىنى شۇركەندۈردى، ئازابلىدى. لېكىن شىراق جەسۇر قىياپەتتە تۇرۇپ، كۆكۈچ كۆزلىرىدە پارلاۋاتقان ئىشەنچ نۇرى بىلەن ئۇلارغا قادالدى.

– دېگىنە، لەشكىربې دارانى قانداق يوقاتماقچىسەن؟

– سەن بىر، ياۋ تۈمەنمىڭ، بۇنى بىلەمسەن؟

– سېنىڭ كۈچۈڭ نېمىگە يېتىدۇ؟!

– سېھىرگەرمۇ يا سەن؟

– ياق، بۇ ساراڭ بولسا كېرەك.

تۆشمۇتۆشتىن ياغقان سوئاللار ئالدىدا شىراق قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرىۋەردى، چىرايىدىكى قەتئىيلىكمۇ قىلچە ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى بار ئىدى. لېكىن دېگۈسى كەلمەيتتى، ئۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەكچى ئىدى.

شىراق، ئاقساقاللارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەي تۇرغانلىقىنى سېزىپ، يەنە سۆز قىلدى:

– مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم، ياۋنىڭ كۆپلۈكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. لېكىن مەن ياۋ بىلەن ئېلىشمەن، قانداق ئېلىششىم كېرەكلىكىنى ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما، جەڭگە تەييارلانغان بارلىق ساكلار، قېرىنداش قەبىلىلەر خاتىرجەم ئۆز ئىشىنىقىلىشسۇن، ياۋنى بۇياقلارغا كەلتۈرمەيمەن. لېكىن سىلەر بايا دېگەن تەلپىمنىئورۇنداڭلار ...!

ئاقساقاللار بىر ـ بىرىگە قاراشتى، ھەممە كۆزلەردە شىراقنىڭ قەيسەرانە ئىرادىسىگە بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى جىلۋىلەندى.

– خوتۇن ـ بالىلىرىڭغا بىز ئىگە، – ئاقساقاللار شۇنداق دېيىشتى.

شىراق بىلەن ئاقساقاللار بارگاھتىن چىقىشتى، شىراق لام ـ جىم دېمەستىن بارگاھنى ئوراپ تۇرغان ساكلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، نېرىراقتىكى چۆپلۈكتە ئىككى ئوغلىنىباغرىغا تېڭىپ ئولتۇرغان ئورۇق، سولغۇن، ياش جۇۋاننىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ، بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى، پۇرىدى. خوتۇنىغا خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئېيتتى. شۇئارىدا ئاقساقاللار ساكلار توپىغا شىراقنىڭ بىر ئۆزى يالغۇز ياۋ ئۇستىگە بارىدىغانلىقى، قالغانلارنىڭ ھازىرچە لەشكەر بولمايدىغانلىقىنى كېڭەشنىڭ قارارى سۈپىتىدە ئېلان قىلدى. شىراق مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىپ، ئاقساقاللار بىلەن ساكلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا كىرىپ كەلدى. :

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

شىراق ئۈچىسىدىكى يىرتىق تېرە چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى، تېرە بۆكىنى ساكلار توپىئۇستىدىن قاڭقىتىپ نەلەرگىدۇ ئېتىۋەتتى.

– چورۇقۇڭنى ماڭا بېرىۋەتكىن! ـ دېدى شىراق يېنىدىكى ياش ساكقا، – بەدىلىگە مال ئەمەس، بەلكى ساڭا تىنچ كۈن، بەختلىك تۇرمۇش ھەدىيە قىلىشىم مۇمكىن.

ياش ساك ئىككىلىنىپ تۇرمايلا يىپيېڭى شىر چورۇقنى سېلىپ بەردى. شىراق چورۇقنى كىيىپ، بوغۇزى بىلەن قونچىدىن تېرە شوينا بىلەن مەھكەم باغلاپ ئورنىدىن تۇردى، بىرساك ئاقساقىلى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە قوينىڭ ئەيلەنگەن تېرىسىگە سىزىقشەكىللەر بىلەن پۈتۈلگەن ۋەسىقە خېتىنى تاپشۇردى:

– ئاشۇ تەسكەيدىكى چوڭ يايلاق ۋە يىلقا، كالا، قوي ... لىرى بىلەن سېنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىڭغا مەنسۇپ قىلىندى.

ـ يەنە كەم بولسا بىز بار، خاتىرجەم بول، – دېدى يەنە بىر ساك ئاقساقىلى شىراقنىڭمۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

شىراق كۆزىگە ياش ئالدى، ياش تامچىلىرى يۈزىنى بويلاپ قىسقا، يىرىك ئۆسكەن قارا ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

ـ رەھمەت ئاقساقاللار، قېرىنداشلار!ـ شىراقنىڭ بۇرۇتلىرى تىترىدى، لەۋلىرى ئۈمچەيدى، ئۇ يۇقىرىقى سۆزنى ئاران دېيەلىدى، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، دېيەلمىدى. بارگاھ قورۇقچىلىرىدىن ئىككىسى شىراقنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سايىۋەنلىك تۆگىگە ئولتۇرغۇزۇپ توپ ئارىسىدىن ئۆتتى. شىراق قولىدىكى تېرە پۈتۈكنى خوتۇنىغا بەردى، ئەر- خوتۇن بىر ـ بىرىگە قاراشتى، گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. كۆز ياشلىرى ئارقىلىق بىر- بىرى بىلەن خوشلاشتى. قورۇقچىلار تۆگىنى يېتىلەپ قىرى ساك كۆرسەتكەن يايلاققا قاراپ مېڭىشتى. شىراقنىڭ خوتۇنى ھەدەپ كەينىگە قاراپ يۇم ـ يۇم يىغلايتتى، بالىلىرى «دادا، دادا ...!» دېيىشىپ نالە قىلاتتى.

شىراق بۇغا مۈڭگۈزىدە ساپلانغان كەڭ ئىنلىق، ئۆتكۈر خەنجىرىنى ئالدى ـ دە، بۇرنىنى، ئىككى قۇلىقىنى كېسىپ تاشلىدى. ساكلار بۇ ھەرىكەتتىن چۆچۈپ ۋارقىراشتى. شىراق گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك خەنجىرىنى غىلاپقا سالدى، يەرگە ئۇزۇلۇپ چۈشكەن تەن پارچىلىرى دىك ـ دىك قىلىپ سەكرەپ توختاپ قالدى. شىراقنىڭ بويىنى، يۈزى، قورساق، دۈمبىلىرى قانغا بويالدى. ئۇنىڭ كىندىك قىنى تۆكۈلگەن بۇ زېمىنغا ئىككىنچىقېتىم ئۆز قىنىنى تۆكتى.

شىراق ئوزۇق ـ تۈلۈك سېلىنغان خالتا ئېسىلغان ئۇزۇن تاياقنى مۈرىسىگە سالغىنىچە

ساكلار توپنى ھەيران قالدۇرۇپ يولغا راۋان بولدى ...

*　*　*

شىراق ئۇستۇبىشىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتمەستىن يولنى داۋام ئەتتۈرەتتى، ئەلمىساقتىن ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن، تومۇز ئىسسىقىدا ئۇتتەك يېلىنجاپ تۇرغان چۆل، سايلاردىن، «مۇز تاغ ئاتا» غا تۇتىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرى ئاستىدىكى قورقۇنچلۇق ھاڭلار يېنىدىن، قىرلىق تاشلار ئۈستىدىن، تاقىر داللاردىن، ئېگىز تىك داۋانلاردىن، سۈرلۈك تىلسىماتلار ئىچىدىن يول تېپىپ باراتتى. ئۇنىڭغا ئاچلىقمۇ، ئۇسسۇزلۇقمۇ، يول ئازابىمۇ كار قىلمايتتى. قانچە كۈن، يول يۈردى، قانچىلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، بۇنىسى شىراق ئۈچۈن نامەلۇم ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا مەقسەت كۈچ بېغىشلايتتى. شۇ كۈچ ئۇنىڭغا ئوزۇق، سۇ، ئارام ئىدى. كۈن چىقتى، پاتتى. كېچە بولدى، تاڭ ئاتتى. ۋاقىت – شۇ تەقلىتتە دەۋر قىلىپ ئۆتتۈۋەردى، ئاخىر كۆزلىگەن نىشان ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولدى. شىراق، سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يېتىپ كەلگەنىدى. قاتمۇ قات تاغلار تىزمىسىدىكى چوڭقۇر جىرالار ئارىسى، تاشلىق ساي، يايلاقلار، چۆللەر، ئېقىن بويلىرى، ئىسسىق كۆل① دارا I نىڭ لەشكەرگاھىغا ئايلانغانىدى. چىمەنلىك يايلاق ئۈستىگە دارا I نىڭ چېدىرى تىكىلگەنىدى. دارا I نىڭ چېدىر ئەتراپى ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ چېدىرلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا، لەشكەر تۈرلىرى ئايرىم - ئايرىم چېدىرلارنى تىككەنىدى. شاھانە چېدىر يېنىدىكى ئېگىز موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ تۇغى ئېسىلغانىدى، بۇ تۇغ ئۆز ئەتراپىدىكى مىڭلىغان ھەربىي تۇغلارغا كوماندا بېرىۋاتقاندەك تىنماي لەپىلدەيتتى. لەشكەرلەر ياققان گۈلخانلارنىڭ قويۇق ئىس - تۈتەكلىرى ئات تېزەكلىرىنىڭ قاڭسىقھىدى شامال بىلەن قوشۇلۇپ ئاچچىق پۇراق تارقىتاتتى. بۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك ھەربىيتۇرالغۇنى كۆرگەن كىشى جەزمەن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئەمما، شىراق ئۆزىنىيوقىتىپ قويمىدى. تاغ قاپتىلىدىن پەسكە قاراپ چۈشتى، ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇچرىغان ھەربىي چېدىر ئالدىدىن ئۆتكەندىلا ئۆزىنى كاچاتلاپ: «شاھقا ئەرزىم بار! ئەي شاھ دارا، ئۇلۇغسەن! بۈيۈكسەن! شاھىنشاھىمسەن! پۇشتۇ پاناھىمسەن! بىچارە، ئاجىز، ناتىۋان قۇلۇڭ ساڭا ئەرز ئېيتىپ كەلدى!» دەپ تووۋلاپ، زار - زار يىغلاپ ياش تۆكۈپ ماڭدى. دەم ئېلىشۋاتقان، تاماق يەۋاتقان، قورالىرىنى تازىلاۋاتقان، ئاتلىرىغا يەم بېرىۋاتقان لەشكەرلەر قۇلاق - بۇرنى يوق، يالىڭاچ، بەتبەشىرە، قەلەندەر سۈپەت

www.kitaphumar.com

ناتونۇش ئادەمنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كۈلۈشتى، يىرگىنىپ نىرى كېتىشتى. قاراۋۇللارمۇئۇنىڭ غەلىتە قىياپىتىدىن ھەيران بولۇشۇپ كۈلۈپ، توسۇشنى، سوراق قىلىشنى يادىدىن چىقىرىشتى. شىراق چېدىرلارنى ئارىلاپ كېتىۋەردى. شۇ تەرىزدە ئۇ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتچەماڭدى. شاھ ئوردىسىغا 50 ـ 60 قەدەم قالغاندىلا ئۇ توسالغۇغا دۇچ كەلدى. ئوردا قاراۋۇللىرى ئۇنى بىرقەدەم ئالدىغا سىلجىشقا يول قويمىدى. شىراق شۇئان ئۆزىنىيەرگە ئېتىپ، يۇمىلىنىپ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، بايىقى گەپلىرىنى تەكرارلاپ يىغلاشقا باشلىدى. خېلىدىن كېيىن بۇ ۋەقە لەشكەرلەر، چاپارمەنلەر، ئوردا ياساۋۇلى ۋە ھۇدەيچى ئارقىلىق دارا I گە مەلۇم قىلىندى. ئۇ دەسلەپ پەرۋا قىلمىدى، كېيىن ئويلىنىپ قالدى. كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى، ئاخىر ئىجازەت بەردى. شىراق ئىككى نەپەر لەشكەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا شاھ چېدىرىغا يالاپ ئېلىپكىرىلدى ۋە تەختكە روبىرو قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئالتۇن تەختتە مەغرۇر گىدىيىپئولتۇرغان دارا I شىراقنىڭ مېيىپ ـ مەجرۇھ قىياپىتىنىكۆرۈپ، قاپاقلىرىنى تۈردى ۋە ئاۋازىغا ھەيۋەتلىك تۈس بېرىپ: «ئەرزىڭنى ئېيت!» دەپ خىتاب قىلدى.

شىراق ئالدىرىمىدى، ئۇ ئاۋۋال شاھ دارا I گە، ئاندىن تەختنىڭئىككى تەرىپىدە مەرتىۋە سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقان ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە ھەربىي قوماندانلارغا سالام بەجا كەلتۈردى.

ـئەي شاھلارنىڭ شاھى، ئالەمنىڭ نۇرلۇق ماھى، ئەلنىڭ پۇشتىپاناھى! سەن ئادىلسەن، قۇدرەتلىكسەن! غەزىپىڭدىن تاغلار تىترەيدۇ، دېڭىزلار تاشىدۇ. ھەق ۋە ئادالىتىڭدىن ئىنسان قۇت تاپىدۇ، مېھىر ـ شەپقىتىڭدىن كائىنات بەھرە ئېلىپ، كۆكىرىپ ـ ياشنايدۇ. مەن سېنىڭ ئالەمگە مەشھۇر نام ـ شەرىپىڭنى، تىللاردا داستان تەۋسىپلىرىڭنى، قۇدرىتىڭنىڭ چەكسىزلىكىنى، سەلتەنىتىڭنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى يىراق ئوغۇزلار ئېلىدىكى ساك قەبىلىسىدىنمەن، سەندىن پاناھ تىلەپ كەلدىم، ئەي شاھ، ئەرزىمگە قۇلاق سالغىن. مەن ساڭا ئىتائەت ئىزھار قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىمئۈچۈن، مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بولدۇم. قېرىنداشلىرىمغا: «ئۇلۇغ شاھ دارا ئالىيلىرىغائىتائەت قىلايلى، ئەل بولايلى» دېسەم، ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن بۇرۇن، قۇلاقلىرىمنى كېسىپ تاشلىدى. «خائىن» دەپ ھاقارەتلىدى، خورلىدى، لەنەت ياغدۇردى. ھەتتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. پەيت تېپىپ قاچتىم. مىڭ بىر جاپادا دەرگاھىڭغا داد ئېيتىپ كەلدىم. ئەي سەلتەنەتى ئۇلۇغ، شەۋكەتلىك شاھىم! مېنىڭ ھالىمغا يەت، ساكلاردىن قىساس ئېلىشىمغا ياردەم بەرگىن. مەن بىچارە قۇلۇڭدىن مەرھەمەتلىرىڭنى ئايىمىغىن، مېنىڭ ئەرز ـ دادىم

www.kitaphumar.com

شۇ!

دەردمەن بىلەن دادىخاھنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل تىكىلىشتى، شىراق دارا I نىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر ھېچنېمىدىن ھېيىقمايتتى. شاھنىڭ ئۇنىڭ دائىم قەھرلىك ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە قىزىقىش، ھاياجان ئەكس ئەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈشتە تېز ئىلگىرىلەش، شۆھرەت، غالىبىيەتنىڭ تۇغىنى يەتتە ئاسماننىڭ قەھرىگىچە كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەل شىراقتا ئوخشاش ئۆز ئېلىدىن يۈز ئۆرۈگەن، كىيانىيان دۆلىتىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشى كېرەك بولاتتى.

دارا I سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى. ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇمشاق پاياندار ئۈستىدىن مېڭىپ شىراقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ـ نىجاتلىق تىلەپ تۇرغان مەجرۇھ قاچقۇننىڭ تۇرقىغا ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

– سېنىڭ ئەرز ـ دادىڭسىزمۇ مەن بەرىبىر ئاشۇ زېمىننى زەبت قىلىمەن. ساكلارنى، ئوغۇزلارنى پاك ـ پاكىز قىرىپ تاشلايمەن. سەپىرىمنىڭ مەنزىلى سېنىڭ ئېلىڭ ۋە ئۇنىڭئۇ تەرىپىدىكى يىراق ئەللەر. قېنى ئېيتقىنا، ئوغۇز ئېلى ماڭا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلماسمۇ؟ مېنىڭ غالىب قوشۇنلىرىمنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقماسمۇ؟

دارا I سۆزىدىن توختاپ، ئۇزۇن، سېمىز، تولۇلۇق بارماقلىرىنى پۈكۈپ قاش چىقىرىپ، پاياندار ئۈستىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى. سارغۇچ، قويۇق چاچلىرى ئۈستىدە دىڭگىيىپ تۇرغان ئالتۇن تاج، زەر چاپىنىنى بېلىدىن قىسىپ تۇرغان كەڭ، قاپارتما نەقىشلىك ئالتۇن كەمەر ۋە كەمەرگە ئېسىلغان كۈمۈش قىنلىق، ئىسپاھان پولىتىدىن سوقۇلغان قىلىچ دارا I نى تېخىمۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى.

– قۇدرەتلىك ئۇلۇغ شاھىم، – شىراق، شاھنىڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە قاراپ جاۋاب كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزنى داۋام ئەتتى، – ساكلار نۇرغۇن خەق، ئۇلارغا ئون ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قوشقاندا، ئۇ خەقنىڭھېسابىغا سان يەتمەيدۇ. ئۇلار تۇرغان زېمىننىڭ ئۇچ ـ چېكى يوق. شاھ ئالىيلىرى، تىلىم كۆيسىمۇ ئالدىڭىزدا ھەق سۆزنى قىلاي، ئۇلاردىكى لەشكەرلەرمۇ كۆپ، قومنى ساناش مۇمكىن، بىراق لەشكەرلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىئۇستا چەۋەنداز، ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئالدىغا قاراپ قانچىلىك تېز ۋە زەرب بىلەن قىلىچ ئۇرسا، ئىككى يانغىمۇ، ئارقىسىغىمۇ شۇنچىلىك تېز ۋە چاققان قىلىچئۇرىدۇ. نەيزە ئۇرۇش، ئوقيا ئېتىشتىمۇ

www.uyghurkitap.com



خۇددى شۇنداق. ئۆلۈم دېگەننى پىسەنتكەئالمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى بابلاش، مەغلۇپ قىلىش تەس ئەمەس. مەن كىچىكىمدىن پادا بېقىپ، دالا كېزىپ ئۆسكەچكە، ئۆز ئېلىمنىڭ تاغ، دەريا، كۆل، يايلاق، يېزىلىرىنىڭيەر تۈزۈلۈشىنى بەش قولدەك بىلىمەن. سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنى بىختەر باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ بىخۇد ـ بىپەرۋا تۇرغان پەيتىنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايمەن. ئۇلار قانچىلىك بۇرۇن ئەل بولسا شۇنچە خۇش بولىمەن، ئاچ كۆز ئاقساقاللىرىنىڭ بېشىنى يەپ، ئۇلۇغ شاھ دارا I ئالىيلىرىنىڭ قولىدا ئەلنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن ...

دارا I ئالدىدىكى چاقماقتەك سۆزلەۋاتقان شورلۇق پادىچىنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ساداقەتمەنلىكىنى كۆرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ھەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پايىغا قەدەم قويىدى، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

– ئەي ئالەمپاناھ! ـ دېدى شىراق، – رەقىبلىرىمدىن قىساس ئېلىشتا سېنىڭ ئىلتىپاتىڭغا، ياردىمىڭگە موھتاجمەن. ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ، لەشكەرلىرىڭگە ئەمرقىل. ئۇلار تېز ئاتلىنىپ، ساكلارنىڭ ئاچ كۆز، رەھىمسىز ئاقساقاللىرىنىڭ قانلىرىنى ئاققۇزسۇن، ئۆي ـ ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلسۇن. ئۇلار ھازىر غەپلەتتە، ئۇلار چوقۇم تارمار بولىدۇ. لېكىن لەشكەرلىرىڭ يەتتە كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق، سۇغەملىۋېلىشى لازىم.

يارايسەن! ـ دېدى شاھ خۇشال بولۇپ، – مەن سېنىڭ قىساسىڭنى ئېلىپ بېرىمەن. لەشكەرلىرىمگە سەن يول باشلا، مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ، قوماندان رانۇس چاتتىن غەلىبە خەۋىرىنى كۈتىمەن!

ئالىي ھەربىي كىيىم كىيگەن، ئېگىز گەۋدىلىك، سۈرلۈك قوماندان رانۇس چات دارا I نىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپيۈكۈنۈپ تۇرۇپ، تەختنىڭ ئەڭ تۆۋەن پايىسىغا پېشانىسىنى تەگكۈزدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىگە ئۈچ قەدەم شوخشىدى، ئاندىن: «ئۇلۇغ شاھىمىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!» دەپ قەسەمياد قىلدى.

* * *

ئېلبورس تاغلىرى① ـ ھا ۋاسى ياخشى، ئوت ـ چۆپلىرى مول يايلاقلاردا توپ ـ توپ بولۇپ يۈرگەن توسۇن ئاتلار ئارىسىدىن تاللاپ تۇتۇپ كېلىنىپ ئۇستا ئاتچىلارنىڭ قولىدا كۆندۈرۈلگەن قۇلا ئارغىماق پات ـ پات پۇشقۇرۇپ، كىشنەپ، رانۇس چاتنىڭ ئاق ئېتى بىلەن بەسلىشىپ رەقىبىگە يول بەرمەي كېلەتتى. قۇلا ئارغىماقتا پادىچى شىراق ئولتۇراتتى.

www.kitaphumar.com

لەشكەرلەر يولغا ئاتلىنىش ئالدىدا، شاھ ئۇنىڭغا مۇشۇ ئاتنى سوۋغاقىلىپ بەرگەن. مىراخور بېشى- قۇلا ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى شىراققا تۇتقۇزغاندا، شىراق شاھ ئالدىدا دەسلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، شاھنىڭخاتىرجەم بولۇشىنى تىلىگەن. ئەنە ئۇ ۋەدە بويىچە ئىران لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلمەكتە.

ئىران لەشكەرلىرى مېڭەن ئاتلارنىڭ تۇيىقى تەگكەن تاش ـ شېغىللار غىچىلىپ ئۇۋۇلىدى-. ئۇپرايتتى. تۇياقلار ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق، سېرىق چاڭلار ئاسمان ـ پەلەكنىقاپلاپ، كۈن نۇرىنى توساتتى. بوراندەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ باش ـ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، لەكمىڭبېشىلىرىنىڭ يېنىدا بىردىن تۇغچى لەشكەر كېلەتتى. يىراقتىن قارىغاندا، تىك كۆتۈرۈلگەن تۇغلارنىڭكۆپلۈكىدىن پامىر تاغلىرىنىڭ بەل ـ يامزاللىرى، جىلغىلىرى، بەئەينى قويۇق ئورمانزارلىققا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. نەيزىدەك ئۇچلۇق، كۆككە تىرەلگەن ئاق قار ـ كۆك مۇزلۇق چوققىلار قاتمۇقات ھەرە چىشلىق تىزما تاغلار، يايلاقلار، ئاندا ـ ساندا گۈل ـ گىياھ ئۈنگەن تاشلىق سايلار، چۆللەر، ئورمانلار، بوستانلىقلار بارا ـ بارا ئارقىدا قالدى. ئاتلار تەرلىدى، ھاردى. تاقلىرى ئۇپراپ تۆگەپ، تۇياقلىرى نېپىزلەپ كەتتى. لەشكەرلەر تومۇز ئاپتىپىدا كۆيۈپ كۆسەيدەك قارىداپ كەتتى. قىزىق شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ نەپەسلەرنى قىساتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك ئازىيىۋاتاتتى، تەشنالىق يۈرەكلەرنى كاۋاپ قىلاتتى. شىراق ئىران لەشكەرلىرىنىسۇسىز، تاقىر يوللاردىن ئېلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئاپتاپ، سەپەر ئازابى لەشكەرلەرنىڭ ھاياتىغا كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈۋاتاتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ يېرىلىپ، ھالىبارغانسېرى بەتتەرلەشتى. يۈرۈش ئاستىلاشقا باشلىدى، نۇرغۇن لەشكەرلەر ۋە ئاتلارنىڭئۆلۈكلىرى ئارقىدا قالدى. لەشكەرلەر سېپى گاھ ـ گاھ بۇزۇلۇپ، چېچىلىپ، مىڭبېگى، يۈزبېشىلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا يەنە ئۆز سېپىنى تۈزەيتتى.

– ھەي ساك! – دېدى رانۇس چات بىر كۈنى شىراقنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چۈنكى ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن ئىدى. ئۇ قىلىچىنى شىراقنىڭ بوينىغا تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، – سېنىڭ ئېلىڭگە يەتتۇقمۇ؟ يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز؟! بىزنى خەتەرگەباشلىدىڭمۇ ـ نېمە؟!

شىراق جاۋاب بەردى:

– غەزىپىڭگە پايلىماي مېنى چېپىۋەتسەڭ مەيلى، قېرىنداشلىرىمغا – ساكلارغا ياخشىلىقىلاي دېسەم ئۇلار قۇلاقلىرىمنى، بۇرنۇمنى كېسىۋەتتى. ئەمدى شاھ دارا I

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ئالىيلىرىغا كۆرسەتكەن ساداقىتىم بەدىلىگە سەن قوپۇپ بوينۇمنى كېسىۋەتسەڭ مەيلى. مەن شۇنداق شور پېشانە، كىمگە ۋاپا قىلسام شۇنىڭدىن ماڭا جاپا كېلىۋاتىدۇ. ئەمدىكى يول بەكمۇ خەتەرلىك، مېنىڭ ياردىمىمسىز سەن ساك - ئوغۇز لەشكەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئورنىنى تېپىپبارالمايسەن. خەير، قىلىچىڭنى كۆتۈرگەن ئىكەنسەن، ئالدىراپ قىنىغا سالما، چاپ! چېپىۋەت!

شىراق رانۇس چاتىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، پۈتكۈل كىيانىيان لەشكەرلىرىنىڭ تەقدىرى گويا ئېشەككە چېتىپ قويۇلغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ تەقدىرىگەئوخشايتتى. ئۇلار شىراق نەگە باشلىسا شۇ تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. رانۇس چات شىراققا ئەگىشىپ تاغلار ئارىسىدىكى خەتەرلىك، قىيىن يوللارنى بېسىپكېلىۋاتقاندىلا، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ شىراقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنىسەزگەنىدى. ئۇ بۇ رېئاللىقنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ شىراقنىڭبوينىغا قىلىچ كۆتۈرۈشى پەقەت قۇرۇق پوپوزا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭائۇ، شىراقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلىچنى شارتتىلا تارتىۋېلىپ قىنىغاسالدى. بۇ ئۇنىڭ شىراققا يولنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن بېشارىتى ئىدى.

– لەشكەرلىرىڭ بوش، چىدامسىز ئىكەن، – دېدى شىراق، رانۇس چاتنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ، – بۇيرۇق قىل، بۇنداق سۆرىلىپ ماڭسا، مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىمىزتەس. ئۇلار سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقىتتىكى سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىسۇن. ئالدىمىزدىكىمۇشۇ قۇملۇقتىن ئۆتسەكلا ساكلارنىڭ بۇرنى ئاستىدىن چىقىمىز - دە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىمىز.

رانۇس چات بىردىنلا يۇمشاپ قالدى. بايىقى قەھر - غەزەپلىك ھالىتى پۈتۈنلەي غايىببولغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شىراق كۆرسەتكەن چەكسىز قۇملۇق نامايان بولدى. بۇ، دۇنياغا مەشھۇر تىلسىمات تەكلىماكان قۇملۇقى ئىدى. رانۇس چاتنىڭ چاپارمەنلىرى پۈتۈن سەپنى بويلاپ چېپىپ قوماندانىنىڭ تېز يۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنىيەتكۈزۈشتى. ھالسىزلىنىپ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان، كۈچ - قۇۋۋىتى تۈگىگەن لەشكەرلەر گويا بوينىدىن باغلاپ تارتقاندەك مەجبۇرىي يوسۇندا بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن ئالغا سىلجىشقا باشلىدى. سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆلۈكلەر قالاتتى، ئىگىسىزئاتلار ئېچىنىشلىق كىشنەيتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ئاچ - توق، يېلىڭ - يىپيۈڭ ئۆسكەن، قىشتا مۇزلاپ، يازدا كۆيۈپ چېنىققان، كۈرمىڭ مۇشەققەتلەرنى، ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنىباشتىن ئۆتكۈزگەن، ئىرادىسى قەيسەر، قورقماس باتۇر شىراق ھېلىمۇ چىشىنى چىشلەپ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن پايانسىز

www.kitaphumar.com

قۇملۇق، ئۇستىدە ئوت شارىدىن چىچىلغان يالقۇن، كۆكۈل ئىكرانىدا بولسا ئۆز ئىلىنىڭ پاجىئەلىك تارىخىدىن ئىچىلغان بەتلەر ۋاراقلانماقتائىدى. ئۇ، قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تامشىپ قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگەپىچىرلىماقتا: «ۋەتەنپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز، شىر يۈرەك خاقانلىرىمىز زامان ـ زامانلاردىن بىرى بىزلەرگە ئاتا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ تۇران زېمىنىنى يات يېغىلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ كەلگەن. تەڭداشسىز باتۇر خاقانىمىزئاپراسىياپ ① ۋۇزچى يېغىلارنى تۇران زېمىنىغا بىر قەدەممۇ يولاتماي، ئۇلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، بىزگە داۋاملىق كۈچ ـ غەيرەت ئاتا قىلىپ كەلمەكتە. بۈيۈك خاقانىمىز ئاپراسىياپ كېيىنكى ئۇرۇشلارنىڭبىرىدە، ھىيلىگەر كەيخىسراۋنىڭ مەرگەن يالاپ يوشۇرۇن ئاتقان زەھەرلىك ئوقىدا ھالاك قىلىندى. لېكىن تۇراننىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان جەڭلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئەجدادلىرىمىز قانلىق جەڭلەرنى قىلغان، جان ئالغان، جان بەرگەندى.

ـمانا بۈگۈنكى كۈندە دارا I يەنە تاجاۋۇز قىلىپكىرىپ، تۇراننى قانغا بويىۋەتتى. ئەمدى تارىم ۋادىسىنى دەسسەپ چەيلىمەكچى، بىزنىيوقاتماقچى. ياق، پاجىئەلىك ئۆتمۈشنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. ئاھ ۋەتىنىم! ئوغۇزلىرىم، ساكلىرىم! خاتىرجەم بولۇڭلار، ئەمدى سىلەرگە خەۋپ ـ خەتەر يېتىپ بارالمايدۇ ...

رانۇس چات باشلىغان لەشكەرلەر شىراققا ئەگىشىپ كەلمەكتە، ئۇستىدىن كۈن ھارارىتى، ئاستىدىن ئوتلۇق قۇمنىڭ ھارارىتى دارا I نىڭ لەشكەرلىرىنىقاتتىق قىينىدى، ئاتلىرىنى كاردىن چىقاردى. ئات يۈرسە تۇيىقى، قۇش ئۇچسا قانىتىكۆيىدىغان قىزىق قۇملۇق ئىچىدە لەشكەرلەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ، پىيادە ھالدا قۇم بارخانلىرىغاياماشاتتى، يۇقىرىغا چىقىشقا چامى يەتمەي دومىلاپ چۈشەتتى. يەنە بارخانلارنىئارىلاپ ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەيتتى.

قوشۇن ئالدىدا مەنزىل كۆرۈنمەيتتى، قۇمدىن، چەكسىز قۇملۇقتىن باشقا ھېچنېمەكۆرۈنمەيتتى. رانۇس چات پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي بىر مېيىپ پادىچىتەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلدى، رانۇس چات بۇ ئەلەمگە چىدىمىدى. كۆككە تاقاشقان غۇرۇر مۇنارىسى ئۆرۈلۈپ، كۈكۈم ـ تالقان بولدى، ۋۇجۇدى سىزىملىرىنى يوقىتىپ، قوماندانلارغا خاس ھەيۋەتلىك بەستى لايدەك بوشاپ كەتتى. رانۇس چاتنىڭ نېرۋا سىستېمىلىرىدا غەلىتە، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ، قەھر ـ غەزەپ يالقۇنىدا قىزارغان، قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، شىراققا ۋارقىرىدى:

– ئەي تېگى پەس، ئىپلاس! شاھىمىز ئالدىدا قىلغان ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ،

www.kitaphumar.com
www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بىزنىئالدىدىڭ! بىزنى ساكالارنىڭ قېشىغا ئەمەس، بەلكى بارسا كەلمەس يولغا باشلاپ كەپسەن. ئوزۇق، سۇمۇ تۈگىدى. يەم ـ خەشەكمۇ يوق. بۇ چەكسىز جەزىرىدە يا ئالدىغا، ياكەينىگە ماڭالمايمىز. ئېيتە، ساك لەشكەرلىرى نەدە؟ ئەي ئالدامچى!

– ها ... ها ... ها...!

باتۇر شىراقنىڭ ئۆز مەقسىتىنىڭ بۇنداق توسالغۇسىز، تېز پۈرسەتتە ئەمەلگە ئېشىشىغائەقلى يەتمىگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئالەمشۇمۇل زور غالىبىيەت نۇرىنىڭ ۋەتىنىنىڭ بەخت ـ ئىقبالىنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ كۆكسىگە پاتماي قالغان ئىپتىخارلىق ھېسلىرىنى جاراڭلىق كۈلكىلىرى بىلەن ئىپادىلىدى.

شىراق ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. قۇلا ئارغىماق ھالسىزلانغانلىقتىنمۇ ياكىئىگىسىنىڭ يېنىدىن كېتىشنى خالىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، شىراقنىڭ يېنىدا پۇشقۇرۇپ تۇرۇۋەردى. شىراق رانۇس چاتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەردانىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

– مەن يەڭدىم! يالغۇز بىر ئۆزۈم پۈتكۈل زور قوشۇننى يەڭدىم! جانىجان قەبىلىلىرىم، ئانىجان تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى پايانسىز قۇملۇققا دەپنە قىلدىم! ئەي رانۇس چات ئەنە كۆر، بۇ – ئۇلۇغ تەكلىماكان قۇملۇقى، سەن ھازىر دەل شۇقۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىسەن. تۆت تەرەپنىڭ قايسىسىغا ماڭساڭمۇ، بەرىبىرىيەتتە كۈنلۈكتىن يول. ئوزۇقۇڭ، سۈيۈڭ تۈگىدى. ئەمدى خالىغان تەرەپكە ماڭ، بەرىبىرھالاك بولىسەن. مېنى ۋەدىڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ، دەمسىنا! مەن ئۆز خەلقىم، ئانا ۋەتىنىم ئالدىدا قىلغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلدىم چەكسىز ئىزتىراپقا چۈشكەن رانۇس چات قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ مەغرۇر قىياپەتتەقاراپ تۇرغان شىراقنىڭ بويىنىنى نىشانلاپ قىلىچ چاپتى. شىراقنىڭ كالللىسى قۇم ئۇستىدە دىك ـ دىك سەكرىدى، تېنىمۇ غۇلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ قېنى ئۇچىنچى قېتىم ئۆز تۇپرىقىغا تۆكۈلدى ....

## ئىزاھاتلار:

① ئابدۇللا ساۋۇت 1950 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. يازغۇچى. ئۇنىڭ «دات باسماس قىلىچ»، «تاش بوران» (ھېكايە)، «چاقماق»، «ھاياتلىق زەنجىرى» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى

نەشر قىلغان «شىراق» ناملىق تالالانما ھېكايىلەر توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

② تۇران تۈزلەڭلىكى – ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈزلەڭلىك، تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە قەدىمكى زامانلاردا مۇستەقىل دۆلەت بولغان.

③ قارا قۇم چۆللىرى – تۈركمەنىستاندىكى چۆللۈكلەر.

④ سىر، ئامۇ دەريالىرى – ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەريالار.

⑤ خەزەر دېڭىزى – كاسپىي دېڭىزىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.

⑥ ئارال دېڭىزى – سىر، ئامۇ دەريالىرى قۇيۇلىدىغان كۆل.

※※※

① ئىسپاھان – ھازىرقى ئىران شەھىرى.

② شىراز – ھازىرقى ئىراننىڭ شىمالىدىكى شەھەر.

③ كەيقۇباد – كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى – «تارىخىي ھەمىدىيە» دىن.

④ داراپ – كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى – «تارىخىي ھەمىدىيە» دىن.

⑤ ئانىماچىن تاغلىرى – چىڭخەي، گەنسۇ چېگراسىدىكى تاغلار.

※※※

① چوگىر – قارا قۇرۇم، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىكى چوققا.

② كروران شەھىرى – لوپنۇر كۆلى بىلەن چەرچەن ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر، ھازىر خارابىغا ئايلانغان.

③دۇنخۇاڭ – گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بۇرۇن ساكلار ياشىغان.

④ جاڭيې – ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ بىر ۋىلايىتى، بۇرۇن ساكلار ياشىغان.

⑤ ⑥ ⑦⑧⑨ – بۇغرا بۇزلۇق، ئاسكۇملۇق تەڭرى، قۇت تاغ، ئون دەريا، توققۇز دەريا – ئۇيغۇر يۇرتىدا غايەت زور ئىككى تاغ بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى بۇغرا بۇزلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئاسكۇملۇق تەڭرى ئىدى. ئىككى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە يەنە بىر تاغ بولۇپ، قۇت تاغ دېيىلەتتى. بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا بولۇپ، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا ئاقاتتى ... قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى بۇ ئىككى دەريا ۋادىسى بىلەن تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى يايلاقلار ئىدى. ئون دەريا بويىغا ماكانلىشىپ ياشىغانلار «ئون ئۇيغۇر»، توققۇز دەريا بويىغا ماكانلىشىپ ياشىغان خەلقلەر «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان.

– «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دىن ـ5

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



⑩ سىلىنگا دەرياسى – موڭغۇلىيىدىكى بىر دەريا.
خانگاي – موڭغۇلىيىدىكى تاغ.
بايانقارا – چىڭخەيدىكى تاغ.

※※※

① ئاپراسىياپ – ئاپراسىياپ قەدىمكى تۇران پادىشاھى زال، فەرىدۇن بىلەن جەڭ قىلغان. ئاپراسىياپ قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز نەسەبلىرىنى ئاپراسىياپقا باغلايدۇ.
– «تارىخىي ھەمىدىيە» دىن.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دە: «قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بارلىق خاقانلىرى ئۇنى (ئاپراسىياپنى) ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دەپ ھېسابلايدۇ»، يەنە ئۇنىڭ ئىسمى «ئالىپ ئەرتۇڭا» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ مەلۇماتلار بار.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق: 1. بۇ ھېكايىدە تارىخىمىزدىكى مەشھۇر «شىراق رىۋايىتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان. سىز ھېكايىنى تەپسىلىي، پىششىق ئوقۇپ چىقىڭ ۋە ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىش ئاساسىدا ئەستە ساقلىۋېلىڭ.
2. 1) شىراق قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا نېمە ئۈچۈن باردى؟
2) شىراق سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن قانداق قىلدى؟
3) شىراق دارا1 نىڭ ئالدىغا كىرگەندە پادىشاھ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى؟
4) شىراق قانداق قىلىپ، يالغۇز ئۆزى شۇنداق زور قوشۇننى مەغلۇپ قىلالىدى؟
بېرىلگەن ھەربىر تەپسىلاتتا شىراقنىڭ قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن؟
ئومۇمىي باھا: يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا شىراق ئوبرازىغا باھا بېرىڭ.
3. سىز ئىلگىرى دەرسلىكتە قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بەزى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. بۇ قېتىم بۇ ھېكايىنى ئوقۇش ئارقىلىق شىراقتىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ ئوبرازى بىلەن تونۇشتىڭىز، ئۇنداقتا، سىز مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ.
1) سىز ئىلگىرى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىغا سېلىشتۇرغاندا،

شىراق ئوبرازىنىڭ ئوخشمايدىغان تەرىپى قايسى؟

2) سىز ئىلگىرى قەھرىمانلىقنى قانداق چۈشەنگەن؟ بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزدە قانداق تولۇقلىنىش بولدى؟

5. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلاردىن «شىراق رىۋايىتى» نى تېپىپ چىقىپ ئوقۇڭ ھەمدە ئەسلىي رىۋايەت بىلەن بۇ ھېكايىنى سېلىشتۇرۇپ، بولسا جەدۋەللەشتۈرۈپ ئاپتورنىڭ بېيىتقان جايلىرىنى بىلىۋېلىڭ.

(مەنبە: تولۇق ئوتتۇرا تىل-ئەدەبىيات زۆرۈر دەرسلىك 3- كىتاب 23- بەتتىن ئېلىندى. 2011-12-16)

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى

**(نۇر روزى)**

بەقەسەم تون كىيگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى . ئۇ ، مەكتەپ سەھنىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ، تىزگىنىنى يەڭگىل تارتتى . ئات توختاپ ، سوزۇپ – سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى- دە ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى ، دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ياشقىنا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى :

- تىنچ-ئامان كەپلا مۇدىر ؟ – دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ .

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى .

- خوش ، بۈگۈن نېمە بولدى ؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ ؟

- مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سېلىنىڭ «تۆگەدۆڭ» دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى .

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، چىرايى سەل ئېچىلدى . سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى . خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۈپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى . تاماكىنى ئۈگدەپ ، سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنى چوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى . ئۆزى بولسا ئاتنى سۇۋۇتۇشقا تۇتۇندى . مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى – دە ، خىزمەتچىنىڭ ئاتنى سۇۋۇتۇشىغا نەزەر سالغاچ ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ چېكىشكە باشلىدى . خىزمەتچى ئاتنى يېتلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، چىلىمنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى – دە ، تۇيۇقسىز سورىدى :

- تەرتىپ مۇدىرىچۇ ؟

- ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى .

- ئادەم ئۇقۇشقىلى ؟ نېمە ئىش قىلماقچىكەن ؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتى – دە ، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى .

www.kitaphumar.com

- بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن ، ــ دېدى ئۇ ئېڭىكى بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغىچنى كۆرسىتىپ ، ــ مومىغا چىقىپ تانىنى غالتەككە يۆگىيەلەيدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەن ئىدى .

- هە ؟!

مۇدىر بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى . ئۇ سېرىق تاماكىسىنىڭ تەسىرىدىن سىرقىراپ تۇرغان بەدىنىنى ئوڭلاپ ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى ، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرىقىغا كۆزى چۈشتى . هەر كۈنلۈكى 20 غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان 12 بۇرجەكلىك ، ئاق كۈن نۇرى چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالا ــ پاساق ئۇكلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . يۈرىكى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتى ــ دە ، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ ، سېمىز گۆشلىرى لىپ ــ لىپ تىترىدى ، بۇرۇتى لىكىلداپ ، بۇرنىنىڭ ئۇستىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى . ئۇ ، بايراقتىن كۆزىنى ئالمايلا ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىسىدىن سورىدى :

- نەچچە كۈن بولدى ؟

- تۈنۈگۈن شۇنداق بولغان ئىكەن .

مۇدىر خۇددى بىر كىشى چۆرگىلىتىۋەتكەندەك پىررىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ــ دە ، يوتىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى . خىزمەتچىمۇ ئاتنى ئاتخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى ، ئاندىن مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى . مۇدىر چىلىمنى قاتتىق ــ قاتتىق ئىككىنى شورىدى ــ دە ، ۋارقىرىدى :

- ئاتقا مىنىپ تېز ماڭ ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل !

- خوپ .

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى ، مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ــ بۇياق ماڭغىلى تۇردى . ئارىدىن بىر چاي قاينىغىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى ــ دە ، پۇتلىرىنى جۈپلەپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى .

- خوش ، نۇسرەت ئەپەندى . ــ مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى ، ــ مەن ئۇيۇشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟

- بىر ھەپتە .

- ئۇنداق بولسا ، بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

- كۆرسەتمىلىرى بويىچە ، بىرىنچىدىن ، بەگلىكىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پىرقە (پارتىيە) ئەزالىرىنى يىغىپ ، جاھاننىڭ دۆك ـ چوڭقۇرلىرىنى تىلىك تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم . ئۇلار ئاڭلىغان بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى . ئىككىنچىدىن . 50 ئائىلىگە بىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتچىگە قويساق ، يەنە 4 پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن ، بىز نىشانلىغان ئۈنبىشىلارغا ئانكىتنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ ئۇلار قول قويۇشنى ئارقىغا سوزۇۋاتىدۇ ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم ، يەنە 10 ئانكىتقا تېخى ئادەم يوق .

- خوش ، ئۇنداق بولسا ، ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم 4 ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇش كېرەك ! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى زۇڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى . ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك تېخى بايراقنىمۇ چىقىرالماپسىلەر ، ئادەم ئۇقۇشتۇڭمۇ ؟ قېنى ئۇ ئادەم ؟

- ئۇقۇشتۇم ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى .

- قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ ؟

- 13 ياشلىق بىر بالا .

- 13 ياشلىق بالا ؟ كىچىك بالا 20 غۇلاچلىق مومىغا قانداق چىقالايدۇ ؟

- چوڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ . موما ياغىچى ئىنچىكە ، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ .- تەرتىپ مۇدىرى دۇدۇقلىدى ، ـ نا... ناۋادا چىقالمىسا ، مومىنى ئۆ...ئۆرۈپ ، قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ .

- قاپاقۋاش ! ـ مۇدىر شىرەگە داققىدە مۇشتلىدى ـ دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىغا شىلتىدى ، ـ ئەتە زۇڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام ، سىززە يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسىز . نېمە دېگەن دۆتلۈك بۇ ؟ سۆپىنى چۇۋۇپ ، مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ ؟!تېخى كۆمۈلگەن بېشى سىبسىپ كەتكەن بولسىچۇ ؟! سىلەرنىڭ غەرىزىڭلار ماڭا مەلۇم ! مېنىڭ ئىشىمغا توپا سالماقچى ! ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى !

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى ؛ ئۇ ، پېشانىسىدىن چىققان تەر كۆزلىرىگە چىپىلداپ ئېقىپ كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ، سۇرۇتۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي ، كۆزىنى چىمىلدىتاتتى .

- كەچۈرسىلە مۇدىر ، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم .

- ھىم ! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش ! سىزنىڭ كاللىڭىزدا شۇنداق ئوي بار ! قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى ! مومىغا قانداقلا بولمىسۇن بىرسىنى چىقىرىش كېرەك ! زۆرۈر

www.kitaphumar.com

تېپىلغانىدا ئۇلۇغ پىرقىمىز بايرىقىنىڭ ھەمىشە كۆكتە لەپىلدەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ خۇنىدىن كەچسەكمۇ مەيلى !

- ئۇقتۇم .

- ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن ؟

- چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ . ئۇ دەرەخكە يامىشىشتا مەھەللە بويىچە داڭ چىقارغان بالا ئىكەن . ئۆزىمۇ «چىقالايمەن» دەپ ھۆددە قىلدى . لېكىن ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قويۇۋاتىدۇ ، يالغاندىن ماقۇل بولۇپ ئەكەلدىم .

- شەرت ؟! قانداق شەرتكەن ئۇ ؟

- دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى .

- دادىسى كىمكەن ؟ نېمە ئۈچۈن قامىلىپتىكەن ؟

- سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەش تۆگمەنلىك بىر كۆنچى . ئەسلىدە ئۇ ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ ، ھۆكۈمەتكە قارشى بىر نەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان قىزىل پاچاق ئىكەن . بىتىمدىن كېيىن قولغا چۈشۈپتۇ .

- ھە ، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمە دەپ ۋەدە بەردىڭىز ؟

- داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز دەپ .

- ئوبدان دەپسىز ، ئىشنى كىچىكتۈرمەي تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ ! قاراڭ ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۆجىسى ، سىز بولسىڭىز بىر ھەيئەت . ھەر ئىككىمىز «چاقىرسا ئېتى بار ، تۇتسا سىپى بار» ئادەملەر ، قېرىشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مومىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالازدەك ساڭگىلاپ تۇرسا . بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن ؟! بۇ بايراق ـ پىرقىمىزنىڭ جېنى . يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى ، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرۇۋەرسە ، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك . مەن پىرقىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلدىم . مانا بۇ مېنىڭ قەسىمىمنىڭ گۇۋاسى ، ـ ئۇ شايى كۆينىكىنىڭ تۆگمىسىنى يېشىپ ، يۇڭلۇق مەيدىسىنى كۆرسەتتى . تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق بىلەن «X» بەلگىسى سىزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھازىرمۇ قان چىقىپ تۇراتتى . مۇدىر ئالدىرىماي ، خۇددى قەدىمنى ساناۋاتقاندەك چوڭ قەدەم بىلەن ئۇيانىدىن بۇيانغا بىر نەچچە قېتىم ماڭدى ، ئاندىن تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

www.uyghurkitap.com

- مۇنداق ئادەمنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ ، بۇگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقىرىش يولىدا نەزىر قىلىشەتسەكمۇ بولىدۇ ... ئاي ـ ھاي ... ! بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن زور ساداقەت ... تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ .

- خوش ، سىز چىقىپ ، ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋېتىڭ . ئەھۋالنى داۋۇتبەككە مەلۇم قىلىپ قويۇڭ .

ماتادىن تىكىلگەن كۆكلەك تامباللىرى يىرتىلىپ ، ئالا ـ بېشىل ياماقلار چۈشكەن ، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ ، قىزغۇچ تويا رەڭگىدە بولۇپ قالغان ، كۆزلىرى چوڭقۇر ، ئورۇق ئېگىزگىنە بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى . مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى .

- ھە ، كەل ، كەل ئوغلۇم ، مەيەرگە كېلىپ ئولتۇر .

بالا ئولتۇرمىدى ، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇۋەردى . مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى . يۇزىگە يالغاندىن كۈلكە يۇگۇرتۇپ ، بالىغا بىر ئاق ناننى تۇتقۇزدى . " يە ئوغلۇم" دېدى ئۇ تومشۇقىدا ئىملاپ ناننى كۆرسىتىپ . بالا ناننى چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا ، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى . ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ ، خۇددى قوماچتەك ئېتىلىپ كەتكەن ئىدى . مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاپانلىرىغا قارىدى . تىكەن ، شوخا كىرىپ شور يېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۆكچە سالغان تۆشۈك ئىدى . قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا ، تارىشىدەك قاتتىق ئىدى . مۇدىر ئىچىدە "مومىغا چىقالايدۇ" دەپ ھۆكۈم قىلدى . ئۇ گويا ئۆزىنى بالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ :

- ئىسمىڭ نېمە ؟ ـ دەپ سورىدى .

- مۆمىن .

- داداڭنىڭچۇ ؟

- مۇسا .

- ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن ؟ خەت بىلەمسەن ؟

- سوپاخۇن باينىڭ ئۆي ـ كاللىرىنى باقىمەن ، خەت بىلمەيمەن .

- نەچچە كالا باقىسەن ؟

- يىگىرمە .

- يىگىرمە ؟ ھەي ئىسىت ، كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە جىق كالا ياقتۇرامدۇ !تۆزۈكرەك كىيىم ـ كېچەكمۇ بەرمەپتۇ . ھەي بىچارە ، پۇتلىرىڭ يېرىلىپ ئاقتامىلىقنىڭ

www.kitaphumar.com

چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ . ساڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ . بۇنىداق ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك !

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۈپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى :

- مە ، مۇنۇ كەش پۇتۇڭغا چوڭ كەلسىمۇ كىيىۋالغىن .

بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويىدى ــ دە ، سالماقلىق بىلەن سورىدى :

- بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم ، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلەر ؟

- قويۇپ بېرىمىز ، خوش بولامسەن ؟ ئاتا ــ بالا ئىككىڭلار يەنە بىللە بولىسىلەر .

- راستما ؟

- راست بولمايدۇ ، ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن ، ــ مۇدىرنىڭ كۆزلىرى بالىغا تىكىلدى .

- ئۇنداق بولسا تىلخەت بەرسىلە .

- مۇنداق دېگىن ، تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى . قاراپ تۇر .

مۇدىر قولىغا قەغەز ، قەلەم ئېلىپ شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى :

*" تىلخەت*

*مەنكى بەشتۇگەمەن كەنتىدىكى سوپاخۇن باينىڭ نىمكىرى مۇسا قويچىنىڭ ئوغلى مۆمىن شۇۋۇ تۇغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى ، مەكتەپنىڭكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جىبنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم . پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسام پىرقە ئۈچۈن شېھىت بولغايمەن . بۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشىغا ھەققى يوقتۇر .*

*تىلخەت بەرگۈچى : مۆمىن مۇسا .*

*شاھىتلار :*

*مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا .*

*تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت ئەخمىدى .*

*جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37 ــ يىلى 9 ــ ئاي .*

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزاتتى . بالا بېشىنى چايقىدى .

- خەت بىلمەيمەن ، ئۆزلىرى ئوقۇپ بەرسىلە .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



- خوپ ئوقۇپ بېرەي ،- مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق «ئوقۇش» قا باشلىدى :

*"تىلخەت*

*مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسەدۇللا شۇۋ تۇغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى ، سوپاخۇن باينىڭ يىللىقچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئىلىپ بېرىدىغان بولدى . بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى مۇسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق .*

*تىلخەت بەرگۈچى : ئوسمان ئەسەدۇللا .*

- قانداق بوپتۇمۇ ؟ ــ سورىدى مۇدىر .

سادىدا مۆمىننىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامرىدى .

- بوپتۇ ، ــ دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي .

- بولغان بولسا ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى .

مۇدىر سۇرۇقنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىدى ۋە ئۇنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۈستىگە باستۇردى . ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تامغىسىنى باستى . بالا خەتنى قولىغا ئالدى . ئۇ بۇنداق ئەگرى ــ بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ ، خەتكە سىنچىلاپ قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر ــ چىمىر بولۇپ ، بۇ «ئىلمەك ــ توقۇناق» سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى ــ دە ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى . ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، خۇشال ھالدا موما سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ موما سۇپىسىنىڭ قېشىدىكى پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ ــ سەكرەپ ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مۇدىرغا قاراپ دېدى :

- قېنى ئەمسە ، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە .

- ماقۇل ، بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن ، داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز ، ــ مۇدىر يېنىدا تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى ، ــ تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن ! دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن ! يەنە ئېيتىپ قوي : مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن !

خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتتى . بالا خاتىرجەم بولدى ــ دە ، مومىغا قارىدى . كۆك سىرلانغان 20 غۇلاچلىق بۇ موما ئىككى يەردىن ئۇلاغلىق بولۇپ ، ھەر بىر ئۇلىغى ئۈچتىن

www.kitaphumar.com

چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەن ئىدى . ئۇ ، مومىغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردى ــ دە ، شىپپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرىنى سۇپىنىڭ پىششىق خىشلىرىغا سۇركىدى . ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىردىن يەنە سورىدى :

ـ دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ ؟

ـ سەن چىقىۋەر ، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ .

موما مۆمىننىڭ قۇچىقىغا پاتمىدى . لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى . ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىرماق سىلىپ قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ ، مومىنى چۆرگىلەپ يۇرۇپ يالمانتاقتەك يامىششقا باشلىدى . ھايت ــ ھۇيت دېگۇچە ، يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرىگە چىقىۋالدى . مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

ـ يىگىت ! غەيرەت قىل ! ئاز قالدى !

مۆمىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى ــ دە ، يەنە يۇقىرىغا يامىششقا باشلىدى .

ئىككىنچى ئۇلاققا يەنە ئىككى غۇلاچلا قالغان ئىدى . تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇت ــ قوللىرى سىرقىراپ كەتتى . ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ تىنالماي قالدى . ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۇلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرىگە چىقىۋالدى ــ دە ، مومىغا مەھكەم چاپلاشتى . ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى . دادىسى كۆرۈنمەيتتى ، ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مۇدىرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى :

ـ مۇدىر ، دادام تېخىچە كەلمەيتتىغۇ ؟

ـ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى ، غەيرەت قىل ، يىگىت ! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ ؟ مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساڭلا ، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ ...

”مومىنىڭ ئۇچىغا چىقسام داداملا دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن “ دېگەن خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى .

ئۇ يەنە مومىغا يامىششقا باشلىدى . يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنچىكىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى . لېكىن ئىرغاڭلىشى كۈچىيىپ ، تېخىمۇ سىلىقلاشتى ، شۇنچە كۈچىسىمۇ چىرماقلىرى تۇتماي ، بىر نەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى . ئۇ ھاسىراپ دېمى تۇتۇلۇپ قالغاندا ، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، ئېگىكىنى مومىغا چىڭ تىرەپ ، بويىنى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ سەل توختايتتى ــ دە ، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى

www.uyghurkitap.com



. مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تىرەكلەرگە چىقىپ ، قاغا چاڭگىلىرىنى چۇۋۇشلىرى ، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپىلاقلاپ تۇرسىمۇ قورقماي كۆكنەك باللىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى ... غىل - پاللا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى . تىرەكلەرگە چىقىش بۇ مومىغا چىقىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ . بۇ موما ئېگىز ۋە بەك سىيلىق ئىدى ...

ئۇ تەر كىرىپ ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى . "مەيلى ، قانداقلا بولسۇن چىقىش كېرەك ، مومىغا چىقسامىلا دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ . " دادا!...دادا!..." ئۇ ھەر قېتىم "دادا" دېگەندە دادىسى ئۇنى يۆلەپ ، يۇقۇرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى - دە ، كۈچلىنىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى . ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران سوققان زىلۋا سۆۋادان تىرەكتەك ئىرغاڭلايتتى . تۆۋەندىن مۇدىرنىڭ "غەيرەت قىل ! تېز بول ! ئاز قالدى ! داداڭنى قۇتقۇز !" دەپ ۋارقىراشلىرىنى ، جامائەتنىڭ " ئۆزۈڭگە پەخەس بول ! سىلكىنمە ! يېنىپ چۈش !" دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى . مۆمىن يەنە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى . ئەنە ! يەنە 3 غۇلاچ ... 2 غۇلاچ ... بىر غۇلاچ ... موما ئىرغاڭلايتتى ... سۇنۇپ كەتسە مۆمىننىڭ ئىشى تۈگەيدۇ ...

مانا ، ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ چۈلۈكىگە تەگدى - دە ، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى . ئۇ ، ئوڭ قولتۇقىغا چۈلۈك بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ ، چۈلۈكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى . سول قولى بىلەن تاننى تارتىپ پۈتىغا ئۇزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى ئالدى . ئۇ ، غالتەككە قارىدى تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چىقىپ كېتىپ ، چۈلۈككە يۆگىشىپ قالغان ئىكەن . ئۇ ، بىر قولى بىلەن تاننى سىلكىپ تارتىپ ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى . موما ھەدەپ لەپپەڭشىپ ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ تۇرسىمۇ ، ئۇ تاننى غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىغا سالدى . شۇ ئاندىلا ئۇ ئەتراپقا قارىدى : ۋاي - ۋۇي ! نېمە دېگەن ئېگىز ، جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن . ئەنە ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ بەشتۇگمەنگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدۇ ، جاھان ئەجەب كەڭرى ئىكەن . شۇنچە كەڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار ! ھەي ! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى ! شۇنداق ئاقكۆڭۈل دادامنى "قوي ئوغرىسى" قىلىپ سولىتىپ قويىدى تېخى ! ياق ! بىردەممۇ ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك . دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك ! ئۇ تۆۋەنگە قاراپ توۋلىدى :

- مۇدىر ، بايراقنى چىقارسىلا !

مۇدىر تاننىڭ بىر قېتىنى تارتتى . بايراق كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى - دە ، تاننى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى . . بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى - دە ،

www.kitaphumar.com

بايراقنىڭ كالتىكى تاقىدە غالتەككە تاقاشتى . مۇدىر خۇشاللىقىدىن تووۇلۇەتتى :

ـ بىزنىڭ بايراق يەنە مومىننىڭ ئۇچىدا لەپىلدىدى ! ھەي بالا ، سەل تەخىر قىلغىن ! يەنە بىر سىناپ باقاي !

دەل شۇ چاغدا ، ئۈچ ئادەم پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ، يۈز ـ كۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن ، ئۇرۇق ۋىجىككىنە ، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى . بوۋاي تويلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئىگىشىپ سالام قىلدى ــ دە ، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى . مۇدىر بىر قەدەم داجىدى . كىشىلەر مومىننىڭ ئۇچىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى ، بوۋايمۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ مومىننىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردى ــ دە ، چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىدى :

ـ مۆمىنجان ! نېمىشقا مومىغا چىقىۋالدىڭ ؟

ـ مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدى ــ دە، خۇشاللىقىدىن تووۇلۇەتتى.

ـ دادا ! سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم .

بوۋاي ئەھۋالنى تېزلا چۈشەندى . ئۇ بالىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ــ دە ، قاتتىق ۋارقىرىدى :

ـ توختا ! چۈشمە دېيمەن !

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۈستۈنكى ئۇلاققا چۈشۈپ بولغان ئىدى . ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدى ــ دە ، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى . دادىسى يەنە ۋارقىرىدى :

ـ ئوغلۇم ! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە ، سەن ئۈستىدە بار ئىدىڭ ، ئۇنى نېمە دەپ ئۇرغان !؟

ـ قىزىل پاچاق ئىبرىڭنى تېپىپ بەر ، دەپ !

ـ قانداق ئۆلتۈرگەن ؟

ـ ئوت توغرايدىغان جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرگەن .

ـ ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى ؟

بالا بېشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسەتتى :

ـ ماۋۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى .

ـ بەشتۈگمەندە ئون توققۇز ئادەمنى مەيدىلىرىدىن تۆمۈر مىخ بىلەن ئۇجمىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى ؟

ـ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى



- بىتىمدىن كىيىن تاشقورغاندىن يېنىپ كەلگەن قىرىق ئادەمنى تىرىكلا خۇمدانغا سالغانلارنىڭچۇ ؟
- ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى .
- ئوغلۇم ! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى . بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن ، قۇربان بولغان شېھىتلەرنىڭ روھىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن ؟

بالا شۈككىدە بولۇپ قالدى . مۇدىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ ، ئۆڭۈپ كەتكەن كۆينىكىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى .

بالا بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى ــ دە ، ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى . مۇدىر ۋارقىرىدى :
- يېنىپ چۈش ! يېنىپ چۈش ! داداڭنى ئېلىپ كەت !

لېكىن بالا مومىدىن چۈشمىدى ... ئۇنىڭ پەسكە قاراپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى :
- دادا ! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول ! مەندىن رازى بول ...!- ئۇ مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تىرەپ تۇرۇپ ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتتىكى ، موما ئىرغاڭلاپ تۈۋى تەرىپى غاراسلاپ كەتتى . تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلار ئىچىدە ئاللا-چۇقان كۆتۈرۈلدى . مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چىقاردى ــ دە ، بالىغا قارىتىپ ئارقا ــ ئارقىدىن ئوق ئۈزدى . دەل شۇ چاغدا ، مۇسا بوۋاي ئۇنىڭغا قاتتىق كاللا قويۇپ ، تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى ــ دە ، ئۇنىڭ بوينىنى چىشلەپ سىلكىدى . مۇدىر جان ئاچچىقىدا "ۋايجان!" دەپ چوشقىدەك چىقىراپ كەتتى . يالاقچىلار مۇسانى سىلكىشلەپ ، مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى . مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ ، مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋىدى ، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇدىرنىڭ بىر چىشلەم گۆشى يەرگە شالاقىدە چۈشتى . مۇدىرنىڭ ئۈزۈلگەن بويۇن تومۇرلىرىدىن قاپقارا قان جىغاب ئېقىۋاتاتتى . ئۇ لىغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى ئالدى ــ دە ، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى ...دەل شۇ چاغدا ، قاراس ــ قۇرۇس قىلىپ موما سۇندى ــ دە ، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ بايراق بىلەن گۈرسۈلدەپ يەرگە چۈشتى . چۈشتى ــ يۇ ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى ... ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان

ئېقىۋاتاتتى . بىر-بىرىگە سىغداپ يىقىلغان ئاتا بالىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان ئۆز- ئارا قوشۇلدى . بۇ چاغدا غەربكە پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش نۇرى شۇ قاندىن رەڭ ئالغاندەك ئاسماننىڭ غەربى ئېتىكىنى قىپقىزىللىققا پۈركىگەن ئىدى ....

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

# سادا

غ . ئو . زۇلپىقار

1

كىچىككىنە پەنجىرىسىدىن كۆك ئاسمانىنىڭ ئالىقانچىلىك يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ سولاقخانىغا سالاھىيتى، ياش-قۇرامى ۋە ئىش-ئوقىتى ئوخشىمايدىغان ئالتە كىشى قامالغان بولۇپ، ئالتە ئادەم ئۈچۈن تارلىق قىلمايتتى. لېكىن «تۈرمە دېگەن بەربىر تۈرمە، مېھمانخانا ئەمەس» بولغاچقا، كىشى ھامان سىقىلىش ھېس قىلاتتى. ئەركىسىزلىك ۋە ناچار شارائىت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نارازى قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يېرىمى بۇ مۇھتقا تەدرىجىي كۆنۈپ، تاماق يەپ، ئۆلمەي مىدىرلاپ يۈرگىنىگە شۈكرى قىلىدىغان بولۇپمۇ قېلىشقانىدى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ تىت-تىت بولۇش سەۋەبلىرىمۇ ئوخشىمايتتى.

بۇلاردىن بىرى ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان، ئويچان، ئورا كۆزلۈك يىگىت بولۇپ، ئۇ كارۋانلارغا ئەگىشىپ چەت ئەللەرگە چىققان ۋە شۇ سەرگەردان تۇرمۇش جەريانىدا باشقا ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن تەسىر ئېلىپ، شۇ تەرەپلەردە ئازدۇر-كۆپتۇر ئوقۇغان ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى راسا بىخلىنىشقا باشلىغان 30-يىللارنىڭ بېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ، ئاقارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇئەللىم ئىدى.ئۇ جۇشقۇن روھ بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلەردە «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قارىلىپ،شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن مەكتىپىدىلا قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ جۇشقۇن ھاياتىدىن، سۆيۈملۈك مەكتىپىدىن، بىلىمگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تىت-تىت بولاتتى.

يەنە بىر مەھبۇس چەت ئەللىك پەرەڭ ئىدى. قىزغۇچ سېرىق چاچلىق، ئېگىز قاڭشارلىق، ئورا كۆز بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا «تۈركولوگ» ئىكەن. ئۇ قەشقەرگە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە كەلگەنىكەن. بىراق مۇشۇ قالايمىقان كۈنلەردە ئۇ «چەت ئەل جاسۇسى» دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇلغانىدى. دەسلەپ ئۆزى يالغۇز قامىلىپ، ئالاھىدە كۈتۈلگەن، بىراق كېيىن قولغا ئېلىنغانلار بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە، سولاقخانىلار يېتىشمەي ئۇنىڭغا بەش ھەمراھ قوشۇپ قويۇلغانىدى. شۇنداق

www.kitaphumar.com

بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئايرىم تاماق يەيتتى، بىر نەچچە قېتىم شامالداشقا چىقىرىلاتتى. ئۇنىڭ باھانىسىدا قالغان بەشەيلەنمۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ تۇراتتى. باشقا سولاقخانىدىكى مەھبۇسلار پەقەت بىر قېتىملا شامالداشقا چىقىرىلاتتى. پەرەڭنىڭ جاسۇس ئەمەس بولۇپ چىقىپ، دۆلىتى تەرىپىدىن نارازىلىققا ئۇچراشتىن ئەنسىرىگەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشنى ئۇنتۇشمىغان ئىدى.

پەرەڭ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پىلانىنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىگە، تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن قولغا كېلىدىغان پۇل ۋە شۆھرەتتىن مەھرۇم بولغىنىغا شۇنچىلىك بوغۇلاتتىكى، ھەمىشە ئۆزىنىڭ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنى تىللايتتى.

ئۈچىنچىسى بولسا شەھەر ئەتراپىدىكى بىر بەگلىكنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك موللىسى ئىدى. ئۇ يالغۇز مۇشۇ يېزىغىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن قەشقەرگە تونۇلغان داڭلىق شەخس ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەتكە سەممىي سادىق بولۇپ، شېڭ دۇبەننىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ھەدىسلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەچكە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تازا كۆتۈرگەن ئىدى. قىسقىسى، ئۇمۇ بارلىق دىن مۇخلىسلىرىغا ئوخشاشلا ھۆكۈمرانلارنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىپ، ئۆزخەلقىنى قۇربانلىق قويىدەك زامان قاسساپلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ كەلگەنىدى. ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرىۋېلىشقا بولاتتىكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندىلا ئەمەس، ئىسمىنى ئاڭلىغاندىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. كىشىلەر دادىسىدىن ئايىغان نەرسىسىنى بۇ موللىسىغا بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرىپى دەپ بىلىشەتتى. موللىنىڭ شۇ بەگلىك تەۋەسىدىكى بازاردا بىر دۇكىنى بار ئىدى. ئېلىپ-ساتارلار ۋە باشقا سەييارە تىجارەتچىلەر «موللام ئاللاغا يېقىن ئۇلۇغ ئادەم، ئۇنىڭ مېلىدا بەرىكەت بار، چوقۇم پايدا ئالالايمىز» دەپ، قىممەت بولسىمۇ شۇنىڭ دۇكىنىدىن مال سېتىۋالاتتى...

نېمە سەۋەبتىنكى ھۆكۈمەت ئاخىرى ئۇنىمۇ قولغا ئالدى. بۇ ھال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. «ھۆكۈمەت يېڭىلىشتى ياكى دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىم» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولسا، ئۇنى «بىزنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك موللىمىز بىزنىڭ يىغمىزنى يىغلاپ، كۆلكىمىزنى كۈلۈپ كېلىۋاتقاچقا، ھۆكۈمەت ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدى»دەپ ئويلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىرھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەن دەپ بىلىدىغان خەلق بىر ئادەمنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن يېقىن-يىراقلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلاتتى-دە! موللا بىلەن كېلىشەلمەيدىغان زىيالىيلار بولسا

www.kitaphumar.com

بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ساتقىن ۋە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى سېتىلغان ھەم خىزمەت قىلغان تەرەپنىڭ قولىدا ئۆلمىكى قانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش ئىدى. لېكىن ھۆكۈمەت ئۇنى پەقەت «نوپۇزىدىن ئەنسىرەش» سەۋەبى بىلەن قولغا ئالغانىدى. موللىنىڭ نوپۇزى بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت خاتىرجەمسىزلەنگەن، ئۆزىنىڭ بۇ سادىق ياللاقچىسىغا ئىشەنچىلىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ھېچ بولمىسا مۇشۇ ئەنسىز يىللار ئۆتۈپ كەتكۈچە خەلقتىن ئايرىپ قويۇشنى توغرا تاپقاندۇ، ياكى بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇر. بۇ ھال موللىنى تىت-تىت قىلاتتى. ئۇ ھەمىشە قېچىرغا مىنىپ، بىر توپ جامائەتنى ئارقىسىغا سېلىپ سۆلەت بىلەن مېڭىپ يۈرگەن، ھامان تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان چاغلىرىنى ئويلاپ ھەسرەتلىنەتتى. بىراق، يەنىلا ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنمايتتى. تۈرمىدە ئولتۇرۇپمۇ ھە دەپ ھۆكۈمەت ھەققىدە ياغلىماگەپلەرنى قىلىپ تۇراتتى. ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەردىن سىرتنىڭ ئەھۋالى، جامەنىڭ، يۇرتنىڭ، ئائىلىسىنىڭ، دۇكاننىڭ ئەھۋالىنى سوراش بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ھەققىدىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا بىرنېمىلەرنى سوراپ كېتەتتى (ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىلىۋاتقاندا، مۇئەللىم مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەيتتى).

قالغان ئۈچ مەھبۇس ئاددى پۇقرالاردىن بولۇپ، بىرى دېھقان، يەنە بىرى ھۈنەرۋەن، ئۈچىنچىسى شەھەر پۇقراسى ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن موللىنىڭ خىزمىتىنى جان دەپ تالىشىپ قىلىشاتتى. بۇنداق قىلىشنى بىرخىل مەجبۇرىيەت دەپ ئەمەس، ئۆزلىرىگە كەلگەن ئامەت دەپ قارىشاتتى. موللا بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن ياخشىياشايتتى. ھەركۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا شەھەر ۋە يېزىلاردىن يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سوۋغا-سالاملىرى تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ بولسا، بۇ نەرسىلەرنى بىر ئۆزى يالغۇز تۈگىتەلمەيدىغان بولغاچقا، گۇندىپايلارغا، تۈرمە باشلىقىغا ۋە باشقا مەھبۇسلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ھال ئۇنى پۈتۈن تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ئىچىدە تېخىمۇ تونۇتقان بولسا، گۇندىپايلارنى ئۇنىڭ رايىغا بوي سۇنىدىغان قىلىپ قويغانىدى. بۇنىدىن باشقا،سوۋغا-سالاملار ئىچىدىن پۇللۇقراق ھەم ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ ئېلىپ قېلىپ، دۇكىنىغا سېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئەۋەتەتتى.

- ئۆيدىن ئەنسىرىمەي ئۆزلىرى ئىشلىتىۋەرسىلە بولاتتى، ئۆيدىكىلەرگە ئوبدان قاراۋاتىمىز، خاتىرجەم بولسىلا، دۇكاننىڭ سودىسىغا خۇدا بەرىكەت بېرىۋاتىدۇ...- دەيتتى يوقلاپ كەلگەن ئىخلاسمەنلىرى.

-خۇدا «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن. بۇ يەردە ئىسراپ بولغىنىدىن

www.kitaphumar.com

ئۆيگە كەتكىنى ياخشى، ـ دەيتتى موللا. ئۇنىڭ ئۆچۈن ھەركۈنى چۈشۈپ تۇرىدىغان سوۋغىلارمۇ مىلىچمال دۇكىنى ئېچىشقا يەتكۈدەكلا ئىدى.

ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىلىشۋاتقان بەرىكەت ئەمەلىيەتتە ساددا ئىخلاسمەنلىرىنىڭ قارىغۇ ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئاشۇ قارىغۇ ئېتىقاد ۋە نادانلارچە ئىخلاسمەنلىك كىشىلەرنى مەرد ۋە نامىسىز ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئايلاندۇراتتى: بەزى كېچىلىرى موللىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇلاغ-ئۇلاغ ئوتۇنلار ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى چۈشۈرۈپ قويۇلاتتى. بۇ ھال كىشىلەرگە كۆزگە كۆرۈنمەس پەرىشتىلەر بىلەن بۇ موللىنىڭ سىرلىق ئالاقىسى باردەك تۇيغۇ بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرەتتى....

2

موللا ئۆز ئىسمىغا يارىشا ھەردائىم قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا ئوقۇپ تۇراتتى. سولاقخانىدىكى ئۈچ مەھبۇس ئۇنىڭ بىرخىلدا سىلىق تەۋرىنىپ، كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ تۇرۇپ، ئاھاڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇشىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلىپ قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسىدا «ئۇ دۇنيا» تەشۋىشى بولغاندىن تاشقىرى، نان قايغۇسىمۇ ناھايىتى مۇھىم

رول ئوينايتتى. چۈنكى ئۇلار موللىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۆيلىرىدىكىدىنمۇ توقراق يەۋەتتى. ۋەھالەنكى، تويغۇزغۇچىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماسلىق بىھۆرمەتلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە.

موللا شامالداشقا چىققاندىمۇ جىمى مەھبۇسلار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇپ، ھەدىسلەردىن مەنە يېشىپ ھەم بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ «شېڭ دۇبەن جانابلىرى» يۈرگۈزىۋاتقان پارلاق سىياسەتلەرنى دىني ئەقىدىلەر ئارقىلىق ئاساسلايتتى، شېڭ شىسەينىڭ مىڭلىغان ئادەمنى تۈرمىگە بەنت قىلغانلىقىنى «قۇرئان» دىكى «خۇدا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇلار گۇناھلىرى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدۇ» دېگەن ئايەت بىلەن ئاقلايتتى ھەم مەھبۇسلارغا «ئى ئاللا، بىز ئۆز-ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق...» دېيىشنىڭ ساۋاب بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. يەنە راستچىل بولۇشنىڭ خاسىيتى ۋە

يالغانچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، مەھبۇسلارنى ھۆكۈمەت سورىغان نەرسىلەرگە ئەينەن جاۋاب بېرىشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى.

موللىنىڭ ۋەزلىرىگە پەرەۋدىن باشقا مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى جىددىي ياكى ياسىما

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ

جــددىي پوزىتســيه بــلــەن قــۇلاق ســېلىپ تۇرۇشــاتتى. بۇنىڭــدىن مۇئەللىمــمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. گەرچە ئۇ بۇ ئىشلاردىن كۆلگۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نادان جامائەتنىــڭ ئومــۇمىي قارشــىلىقى ئىچــدە قالماســلىق ئۈچــۈن ياســىما پوزىتســيه بــلــەن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. پەرەڭ بولسا بۇلارنى مەسخىرە قىلغانــدەك مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

بىر كۈنى پەرەڭ مۇئەللىمنى نوقۇپ:

- ئەپەندىم، ھېچ نەرسە قىلماي كۈن ئۆتكۈزەمدۇق؟ - دېدى.

-قىلغــۇدەك نــېمە ئــىش بــار دەيســىز؟ ئامال يــوق... - دېــدى مــۇئەللىم ئۈمىدســىزلىككە تولغان ئاۋازدا يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم ئىنگلىزچە، - مۇشۇنداقلا چىرىپ كېتىمىز...

- مەن سىزگە مۇئەللىم بولاي، سىز ماڭا ياردەمچى بولــۇڭ، - دېــدى پەرەڭ چۈشىنىكسىز ھالدا.

- نېمە دېدىڭىز؟

-سىز ئىنگلىزچىنى بەك يامان سۆزلەيسىز، بەك ناچار! مەن سىزگە مۇئەللىم بولاي، سىز ئىنگلىزچىنى ياخشى

ئۆگىنىڭ، كېيىن ماڭا ياردەمچى بولىسىز، مەن كىتاب تەرجىمە قىلىمەن.

- كىتاب تەرجىمە قىلىمەن دەمسىز، مەن ياردەمچى بولىمەن؟

-ھە، بىكارچىلىق ئــادەمنى بىــمەنە خىياللارغا ئېلىــپ بارىــدۇ، بۇنىــڭ ئاخىرىــدا نىــرۋا بۇزۇلىدۇ، نېرۋا...

- بۇزۇلىدۇ؟ ھە...نېرۋا، نېرۋا... - دېدى مۇئەللىم چېكىسىگە نوقۇپ.

پەرەڭ ئورتــاق تــۈركچە ســۆزلەيتتى. ئــۇ ھەمــمە گەپنــى ئوبــدان چۈشــىنەتتى، لــېكىن سۆزلىگەندە تاقىقا-تۇققىراق سۆزلەپ قوياتتى.

پەرەڭنىڭ پەرۋاسىزلارچە ئېيتقان گەپلىرى مۇئەللىمنى بەك ھەيران قالدۇردى. ئــۇ شــۇ تاپتا ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، كەلگۈسى ئۆلۈمنى كۈتۈپلا ياتقاچقا، بۇ گەپ ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى، ئەلۋەتتە.

- بىــز ھــازىر جاللاتنىــڭ چاڭگىلىــدا، - دېــدى ئــۇ ئەجەبلىنىشــنى يوشــۇرماي، - ســاق قۇتۇلۇپ كېتىشىمىزدىن ئۆلۈپ كېتىشىمىز

ئېنىقراق، بۇ ھالدا ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن نېمە پايدا؟ كىم بىلىدۇ، بۇگۈن كېچە ياكى ئەته كۈندۈزدە ئاتقىلى ئېلىپ

چىقار...

- ئەگەر ساق قالسڭىزچۇ؟

- ئەگەر ساق قالسام؟... بۇ مۇمكىن ئەمەس! مەندە ئىشەنچ يوق...

-ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، بۇ ھاياتلىق ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، - دېدى پەرەڭ خاتىرجەم ھالدا، - مېنىڭ تەكلىپىمنىڭ ھېچ بولمىسا بىر پايدىسى بار، ئەگەر ساق قالىدىغان بولساق، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتمىگەن بولىدۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پۇشايمان ھەسرىتىنى چەكمىگەندىن تاشقىرى، ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسىنى كۆرىمىز؛ ئەگەر ساق قالمىغان تەقدىردە ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى روھىي ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئىش بىلەن مەشغۇل بولىمىز، ھەرھالدا ئويلاپ كۆرۈڭ.

مۇئەللىم ئۇزاق ئويلىدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىكەن. شۇڭا ئۇ پەرەڭنىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بەردى.

ئىككىسى دەرھال ئىش باشلاپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدسىزلىككە تولغان چېھرىسىنى ئەمدى ھايات جەددىيلىكى ئىگىلەپ خېلى جۇشقۇن بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى سۆزلۈك يادلاش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى...

## 3

- قاراڭلار ئاۋۇ ئىماندىن ئازغاننى، - دېدى دېھقان ئىنگلىزچە سۆزلۈك يادلاۋاتقان مۇئەللىمنى ئىشارە قىلىپ ھەمراھلىرىغا، - ناسارا بىلەن خېلى ئوبدان يېقىنلىشىپ كەتتىغۇ، كاپىر!

- بۇ ئەپەندىچاق جەزمەن ناسارانىڭ دىنىغا كىردى، ئۇنىڭ ئۆگىنىۋاتقانلىرى ئاشۇ خەقنىڭ ئايەتلىرىمىكىن دەيمەن، - ھۆنەرۋەن ئۆز نۆۋىتىدە گەپ قىستۇرۇپ موللىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى.

موللا بايىلا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىپ، راسا بىرنى كېكىردى ۋە «ئى رەببىم ئاللا، بەرگەن رىسقىڭغا شۈكۈر!» دەپ ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويۇپ ئورۇن-كۆرپىسىگە قىيسايدى ۋە ئاشقان تائاملارنى ئۈچەيلەنگە ئىلتىپات قىلىشتى.

ئىلگىرى ئۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرگە مۇئەللىمنىمۇ، پەرەڭنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، «ئادەمگەرچىلىك»نى ئىپادىلەيتتى. ماۋۇ ئۈچەيلەن ھەمىشە ئاچ-زېرىن، چىشلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇرغاچقا، ئۇلارغا بەرمەستىن يېيىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن مۇئەللىمنىڭ «ناساراچە» گەپنى بىلىدىغانلىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى



مەلۇم بولغان ھامان ئۇنى دىندىن
چىققانمىكىن، دېگەن گۇمان كېلىپ غوتۇلداپ يۈرىدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئەپەندىلەر بىلەن پەننىي مەكتەپ ئېچىش-ئاچماسلىق مەسلىسىدە تالىشىپ قالغاچقا، ئەپەندى دېگەنلەرنىڭ ئىمانى بىجىرىم بولۇشىغا تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئەمدى ئۇ كىبىرلىنىپ، ئەپەندىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇشۇ مۇئەللىمگە بارغانسېرى ئۆچلۈك قىلىپ «قارىغىنا، خەلق موللىنى ياخشى كۆرەمدىكەن، ئەپەندىنىمۇ؟» دېگەندەك چېقىشىش مەنىسىدە قارايدىغان بولىۋالدى. ئۇ، ئەپەندى بىلەن پەرەڭ ئىككىسىنىڭ ئۆز نوپۇزىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگىنىگە بەك ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشنىڭ باھانىسىگە ئېرىشكەندەك بولدى. كۆڭلىدىن بۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئارقىلىق پەرەڭگە دەز كەتكۈزۈش خىيالى كەچتى، چۈنكى پەرەڭگە بىۋاستە چېقىلىشتىن يەنىلا ئەيمىنەتتى. نېمىشقىدۇ بۇ خەق ئاللىقانداق سىرلىق كۈچكە ئىگىدەك، چۈشىنىكسىز تۇيۇلاتتى. ئەپەندى بولسا چۈشىنىشلىك، ئۇنى ئېشەكنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالاش تامامەن مۇمكىن!

موللا ساداقەتمەنلىرىنىڭ ئەپەندى ھەققىدە دېيىشكەن گەپلىرىگە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە قوشۇمچە قىلدى:

- ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى ناسارا بىلەن ئوخشاش! ماڭا قويۇپ بەرسە، ئۇنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالايتتىم بۇنداق

جوھۇت، خاۋارىجنى!...

- زۆرۈر كەلسە تېتىپ قويىمىز! - دېدى شەھەرلىك مەھبۇس دادىللىق بىلەن، - ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ خەق بىلەن زادىلا

پۈرۈچىقىم پىشمايدۇ. مېنىڭ مۇشۇ يەرگە قاملىپ قېلىشىممۇ مۇشۇ نېمىلەرنىڭ كاساپىتى ئەمەسمۇ! مېنى ئەپەندىلەر بىلەن

چېتىشلىقى بار، دەپ قولغا ئالغان. مېنىڭ گۇناھىم - ئۆيۈم مۇشۇ خەقنىڭ مەكتىپى بىلەن قوشنا بولغىنى!

- ئېپى كەلسىلا راسا يۇمشىتىپ قويىلى بولمىسا، - دېدى ھۇنەرۋەن.

- ئېپىنى كەلتۈرىمىز - دە! يەنى مەسىلەن، گەپتىن-گەپ چىقىرىپ، گېپىدىن پۇتاق چىقىرىپ... - دېھقانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە

گەپ قوشتى.

ئۇلارنىڭ سادda دىللىرى موللىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شاپائەتچى، مۇئەللىمنى بولسا

www.kitaphumar.com

دۈشمەن دەپ تونۇيتتى. «مۇشۇنداق ئادەملەر ئىنقىلاب قىلمىز، قوزغىلاڭ قىلمىز، دەپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقمىغان، جەدىتچىلىك تەرغىباتلىرىنى قىلمىغان بولسا، بىزدەكلەرنى كىم زىندانغا تاشلايتتى؟ تىنچ ـخاتىرجەملىك ئىچىدە زاغرا بىلەن ئۈماچ بولسىمۇ ئاللانىڭ بەرگەن رىسقىغا شۈكۈر قىلىپ، نامىزىمىزنى ئوقۇپ يۈرىۋەرگەن بولاتتۇق...» دەپ ئويلىشاتتى. بۇ تىپخى ئۇلارنىڭ «يىراقنى كۆرۈش» كاتېگورىيىسىدىكى قارىشى ئىدى. تىپخىمۇ نەق ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى، شارائىتى، ئەقىل-ئىدرىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان قاراش - «نانغا بولىدىغان شىرىكنى ئازايتىش» ئىدى. ئۇلار ئاداۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى يىراقلاشتۇرۇۋەتسە موللىغا كېلىپ تۇرىدىغان نېمەتلەرگە مۇئەللىمنى ۋە پەرەڭنى چاقىرىش پۈتۈنلەي توختايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۆۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئوزۇقلىنىش مەسلىسىدە بىر لوقما بولسىمۇ پايدىغا ئېرىشەتتى.

4

مۇئەللىم ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى يېڭىلىق ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلگىرلەش ئۇنى روھلاندۇرىۋەتكەنىدى. ئۇ كەلگۈسىنى ئىنتايىن ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. كەلگۈسىدە ئۇ ئىنگلىز تىلىنى

راۋۇرۇس ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ بىرەر كەسىپ بويىچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسە ۋە بۇ بەختسىز مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئەنە ئاۋۇ ئۈچەيلەنگە ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ قەلبىنى ئىلىم مەشئىلى بىلەن

يورۇتسا، ئۇلارمۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەنىۋىي توقچىلىق بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ ياشىسا... ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقسا... ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-پەن خادىملىرىغا ئىگە بولسا، مۇشۇ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىگە پاتقان مۇھىت ئۆزگىرىپ، قەۋەتلىك بىنالار، ئاسفالت يوللار، تۆمۈر يوللار، مىڭلاپ ئىشچى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلسا ... ئالىي مەكتەپلەردىن نەچچە ئونى قۇرۇلۇپ كەتسە... مۇئەللىم شۇنچىلىك ھاياجانلاندىكى، ئۇ ئۆزىنى تۇرمىدە ئەمەس، ئاشۇ گۈزەل تەسەۋۋۇرىدا پەيدا بولغان ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى دەرسى سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى چىقىرىپ ئىنگلىزچە «ياخشى ئىشلار ئالدىمىزدا!» دەپ توۋلىۋەتتى.

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

- تووۋلىما، ۋۇي جوھۇت! - دەپ ۋارقىرىدى دېھقان ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ، - نېمە سەت ۋارقىرايسەن؟ موللا ئاكام ئارام ئېلىۋاتسا ئالۋاستىلارنىڭ تىلىدا كاركىراپ يۈرسەڭ؟ چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن ھېلى بىكار!

- نېمە چېچىلىلا، ئاكا؟ مەندىن ئۆتكەن بولسا ناماقۇل بولاي، يات مىللەت ئالدىدا بىر-بىرىمىزنى بوغۇشۇپ سەتلەشمەيلى، - دېدى ئۇ ئۇخلاۋاتقان پەرەڭ تەرەپنى ئىشارە قىلىپ. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ خۇددى ياخشى ئاتا يامان ئۆگەنگەن بالىسىنىڭ ئەسكى قىلىقلىرى ئۈچۈن ياتلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغىنىدەك، بۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن پەرەڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپلا يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئىتتەك تالىشىپ يۈرۈش تولىمۇ سەت ئىش ئىدى-دە!

-ئەمدى تېخى يات مىللەت دەپ كەتكىنىنى مانىڭ! باشقا چاغدا يات دېمەي، شۇنىڭ ئايەتلىرىنى كاسىلداپ، شۇنىڭ تىلىدا سۆزلەيسەن. ئەمدى يات مىللەت، ئاقلەي-كۆكلەي دەپ كەتكىنىنى! ئىككىنچى ئاۋازىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ!...

- گاچا بولۇۋالايمۇ ئەمدى؟

-تەنە قىلىدۇ تېخى، ھۇ ئاناڭنى!... پەرەڭچە ئۈنۈڭنى يەنە ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، چىشلىرىڭنى تۆكۈۋېتىمەن!

مۇئەللىم ھەم ئەلەم، ئىزا-ئاھانەتتىن، ھەم ھەيرانلىقتىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

مۇئەللىم گاچا يۈرۈۋېرىشكە چىدالمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ چەكلىمىسىگە بوي سۇنۇشنى قۇللۇقنىڭ بىرخىل شەكلى دەپ قاراپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكەن جەڭچى ئىدى-دە! لېكىن ئۇنىڭ كامېرداشلىرى موللا ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن جېدەلنى زورمۇزور تېرىماي بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. مۇئەللىم ئاۋالقىدەكلا خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلۈك يادلاشنى داۋام قىلىۋەرگەنىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى چىڭراق چىقىپ كەتكەن ھامانلا دېھقان ئۇنىڭغا تىل سالغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ھۈنەرۋەن بىلەن شەھەرلىك پۇقرا بولسا «كۆچۈك يەتمىسە بىز تەييار» دېگەندەك چەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

- ھوي، نېمە بولدىلا؟ توختاپ تۇرسىلا... - مۇئەللىم ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلانغاچ شۇنداق خىتاب قىلدى.

- نېمە بولدى دەيدۇ تېخى ما كاپىر! مانا، مۇنداق بولدى! مۇنداق! مۇنداق بولدى! - ئۇ

www.kitaphumar.com

ھەربىر مۇشت ئۇرغاندا شۇنداق دەيتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ راسا ئوغىسى قايناپ، ۋىجدانى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. بىر دىنىي قېرىنداش تۇرۇپ، يات بىر ناسارا بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى!

- توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ! - پەرەڭ دەرھال ئارىغا كىرىپ، گەپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، دېھقاننى ئىتتىرىۋەتتى.

- ھۇ ئاناڭنى!... كاپىر، ناسارا! سەن ئارىلاشماي ئىشىڭنى قىل، بولمىسا سەنمۇ يەيسەن!

پەرەڭنىڭ قاتتىق جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئىززەت-نەپسى ئۇچۇن جېنىنى تىككىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى. ھۇنەرۋەن ئورنىدىن تۇردى. دېھقانمۇ شىردەك ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى... پەرەڭ ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى...شۇ چاغدا كامىر ئىشىكى ئېچىلىپ، تۈرمە نازارەتچىسى بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرگەن ھامانلا جېدەل جىممىدە بېسىقتى.

- نېمە گەپ؟نېمە بولدى دەيمەن!؟

ھەممەيلەن بىر ھازاغىچە كىمنىڭ گەپ قىلغىنىنى خوپكىن، دەپ جىم تۇرۇشتى. بىرىنچى بولۇپ پەرەڭ ئېغىز ئاچتى:

- بۇلار، - ئۇ قولى بىلەن ئۇچەيلەننى كۆرسەتتى، - مېنى ئۇردى، يەنە ئۇرماقچى. ئەگەر مېنىڭ ھاياتىم، سالامەتلىكىم زىيانغا ئۇچرىسا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىختىلاپقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىلەر بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالالامسىلەر؟ مەن سىلەردىكى ئىگىسىز ئىشەكلەرگە ئوخشىمايمەن! مەن ئادەم سۈپىتىدە، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگىمەن!...

پەرەڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە جىق سۆزلىدى. تۈرمە نازارەتچىسى ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ھېلىقى ئۇچەيلەنگە:

- ئورنۇڭدىن تۇرۇشە! - دەپ ۋارقىرىدى. ئۇچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەممىسى تىترەيتتى ۋە بىر-بىرىگە قارايتتى. ئۆزلىرىگە ياخشىلىق يوقلۇقىنى تۇيغان ھامان شەھەر پۇقراسى ئۆزىنى كاچاتلاپ:

- شور پېشانىلىكىمدىن ساپلا خەقنىڭ ئىشىغا چېتىلىپ قالىمەن، زىنداندا چۈشكىنىممۇ ئۆز گۇناھىمدىن بولمىغان، بايقى ئىشتىمۇ مەن يوق، موللام گۇۋاھ... مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشى. ماڭا ئىشەنسىلە ئامبال غوجام. بولمىسا پەرەڭدىن سوراپ باقسىلا، مەن ئارىلاشمىدىم... - دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



- ھەيدە! بۇلارغا ئادەم ئۆرۈشنىڭ نېملىكىنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار!

ھەرقانداق نالە-پەريادقا قۇلاق سېلىنمىدى. مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ھېلىقى ئۆچەيلەننى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىتتىرىشكە باشلىدى.

- موللا ئاكا، سىلى گەپ قىلسىلىچۇ... -شەھەرلىك ھە دەپ يىغلايتتى.

- ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، چىق دېگەندىكىن چىقمامسەن، - دېدى موللا، - ئادەم ئۆرماق ئاۋام ئۈچۈن تۇغرا ئىش ئەمەس، پەقەت شەرئەت ۋە ھۆكۈمەت جازا بېرىشكە ھوقۇقلۇق... - ئۇ يەنە ئاللىنېملەرنى پىچىرلاپ قالدى. نازارەتچى ئۆچەيلەننى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كامىر ئىشىكى تاقالدى. موللا بولسا يان تايىقىدىن ئايرىلغاندەك، پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم تەرەپكە ئۆمسە قاراپ قويىدى ۋە ھېچبىر خىجىل بولمايلا ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلدى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەدىسلىرىدە «بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگەنمەك كېرەك»دېگەن... - دەپ غودۇڭشىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇئەللىمگە قاراتقان گېپى بولۇپ، مەن سېنى قوللايتتىم، دېگىنى ئىدى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن كامىرداشلار قايتىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ يۈز-كۆزى كۆكەرگەن، يەنە بىرىنىڭ بېشى يېرىلغان، ئۈچىنچىسى ئوتتۇرا چىشلىرىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇلار كىرىپلا ئورۇنلىرىغا قىيسىيىشىپ ۋايسىغىلى تۇردى. خېلى ئۆزۈنغىچە، ھەتتا بىرنەچچە كۈنگىچىمۇ ئۇچىلىسى ئۆز كويىدىلا بولۇپ، گويا بىر-بىرىگە ماي تارتىشىۋاتقاندەك ئۆز-ئارا سۆزلەشمىدى. كېيىن، سەل ھوشىنى تېپىشقاندىن كېيىن، مۇئەللىمنى سۆكۈشكە باشلىدى. ھەممە بالا-قازانىڭ سەۋەبچىسى ئاشۇ، دەپ كوتۇلداشتى. بارا-بارا ئۇنى ئاشكارا تىللايدىغان بولدى. شامالداشقا چىققۇچە ۋە كىرگۈچە ئۇ ئۇيان، بۇ بۇيان ئىتتىرىشەتتى. پەرەڭنىڭ تېرەك بولىدىغان دۆلتى بولغان بىلەن مۇئەللىمنىڭ ھېچنېمىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ كوچىدا قالغان ئىگىسىز ئىتتەكلا بىرنېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى بىمالال بوزەك ئېتىشكە باشلىدى. مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئار-نومۇسىنى، قەدىر-قىممىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلاربىلەن سوقۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە ھېلىقى ئۆچەيلەن يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئارىغا ئېلىشتى. مۇئەللىمنىڭ ھالىغا ئىچىنغان پەرەڭ يەنە ئۇنىڭغا يان بېسىپ، ئۇنى ئارىدىن ئېلىپ چىقتى.

- سىلى بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا، سىلىگە گېپىمىز يوق، بۇنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەرسىلە، - دېيىشتى مۇشتۇمزورلار.

- نېمىشقا ئارىلاشمايمەن؟ بۇ ئادەم ئەمەسمىكەن؟ نېمىشقا بىراۋنى ئانىي

www.kitaphumar.com

تاپىسىلەر؟سىلەردە ئادەمگە خاس يۈرەك بارمۇ-يوق؟!...

- سىلىنى بىرنېمە دېمىگەندىكىن ئۆزلىرىنى بىلسىلە بولمامدۇ؟!

- ياق! ئېيتىپ قوياي: سەنلەر بۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولۇشساڭ، مەن بۇنىڭ تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىمەن!

پەرەڭنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۆچەيلەننىڭ غەزەپلىرى سۇ تۆكۈلگەن ئوتتەك جىممىدىلا بېسىلىپ قالدى. پەرەڭ بۇ خەقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئازتولا بىلگەچكە، ئاشۇنداق پەش قىلغانىدى، بۇ خىلى ئۈنۈم بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن كامىردىكىلەر مۇئەللىمگە چېقىلالمايدىغان بولۇشتى. پەرەڭ بىلەن مۇئەللىم بىر بۇلۇڭدا ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولدى؛ موللا بىلەن قالغان ئۆچەيلەنمۇ يەنە بىر تەرەپكە ئولىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشاتتى: موللىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن سۆزلەيدىغان تەپسىرىنى ئاڭلايتتى، بەزىدە قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى. قالغان ۋاقتى ئۇخلاش ۋە موللىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تەگكەچ ئۇنى ماختاش بىلەن ئۆتەتتى...

5

بىراق مۇئەللىمنىڭ بېشىدىكى خەۋپ ئۆزۈل-كېسىل تۈگەپ كەتمىگەنىدى. بۇ خەۋپ كۆرۈنۈپ كېلىدىغان ھۆكۈمەت جازاسى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ ئۆز تەقدىرداشلىرى ئىچىدە دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان، ئۆچ ئېلىشنى ئۇنۇتمايدىغان بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتىدىن يېنىشمىغانىدى. ئۇ ئۆز قېرىنداشلىرىم دەپ تونۇغان كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن جاندىنمۇ، جاھاندىنمۇ كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ خەلق ئۈچۈن قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغانىدى. پەرەڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى:

- كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن، دوستۇم. سىز مۇشۇ خەلق ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلاي؟ خىزمەت قىلغاننى بىلمەيدىغان بۇ ياۋايىلارغا جان كۆيدۈرۈپ ئاۋارە بولغان مەنمۇ ئەخمەق، دەپ ئويلاۋاتىسىز. قىممەتلىك مىللەتىڭىزلارنىڭ زىيان تارتىشىدىكى بىر سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنداق يەڭگىللىكتە. ئومۇمەن سىلەر تۈركىي خەلقلەر بەكمۇ قىزغىن ۋە قىزىققان خەلقسىلەر. بىر ئىشتىن ناھايىتى چاپسانلا سوۋۇيسىلەر. مەسىلەن، سىز مۇشۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



مىللەتنىڭ خېلى ئۇقۇمۇشلۇق بىر ئەزاسى، كۆڭلىڭىزدە بۇ مىللەتكە خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، كېرەك تېپىلغاندا، ئۇنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ئارزۇسىمۇ بار ئىدى. بىراق بىرنەچچە نادان ئادەمنىڭ ئۆزىڭىزگە مالاللىق يەتكۈزىشى بىلەن ھەممىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدىڭىز. شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىۋېتىش، ئۇنىڭدىن كېچىش توغرا كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ نادانلىقىنى نېمىشقا ئەپۇ قىلالمايسىز؟ سىلەر ھەممىڭلار يۇرتۋازلىق، شەخسىي ياكى گورۇھنىڭ زىددىيتى، مەنپەئەتىنى دەپ ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتتىن كېچىسىلەر. يەنى كىچىكنى كۆرۈپ چوڭنى، يېقىننى كۆرۈپ يىراقنى كۆرمەيسىلەر. مانا بۇ زىيان تارتىشىڭلاردىكى ئاساسىي سەۋەب...

بۇ گەپلەر مۇئەللىمگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆگىنىشنى تېخىمۇ قاتتىق ئىرادە بىلەن باشلىدى. چەت ئەللىكنىڭ سۆزى ئۇنى تولىمۇ خىجىل قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە «مەن ئەگەر نادان خەلقىمنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكى نەتىجىسىدە ھاياتىمغا خەۋپ يېتىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنمايمەن!» دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەردى. ئۇمۇ ساغلاملىقنى ساقلاش ئۈچۈن پەرەڭ بىلەن بىللە گىمناستىكا ئوينايتتى. شامالداشقا چىققاندا كۆن نۇرىغا كۆپرەك قاقلىنىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى...

بىراق ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ئاخىرى كەلدى.

موللا شۇكلەپ قالغاندەك، ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن موللىنىڭ پۈتۈن تۇرمىدىكى نوپۇزى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ، ئاستىرتتىن مۇئەللىمگە ئوخشاش جەدىتلەرگە قارشى ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتى. مەخپىيەتلىك ئوبدان ساقلاندى. موللىنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق باردى. مەھبۇسلار قۇتۇپلارغا ئايرىلغان، دىنىي، سىياسىي كۆزقاراشلار بويىچە ئىككى چوڭ قۇتۇپقا بۆلۈنگەنىدى. موللا تەرەپدارلىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەربىر يۇرت بويىچە، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك، سەھرالىق بويىچە پارچىلانغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار جەدىتلىرىگە قارشى مەقسەتتە يەنىلا پىكىر بىرلىكىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشلىرى ياخشى يۈرۈشتى. ھېچقانداق يوچۇق ۋە بوْس چىقارماستىن بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلدى. مۇشۇ ئىشلار ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئىشىمۇ بار ئىدى.

بىركۈنى شامالداشقا چىققاندا كىمدۇر بىرى ھاجەتخانىدا مۇئەللىمنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرىۋەتتى. شامالداش ۋاقتى توشۇپ ھەممەيلەن كامېرلارغا كىرىپ بولغاندا، ئۇنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولۇپ، مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى

ئىزدەشتى. قېچىپ كەتتىمىكىن، دەپ بەكمۇ ئەنسىرەشتى. كېيىن ئۇ ھاجەتخانىدىن بىھوش ھالەتتە تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن ساقچىلار يېنىك تىن ئېلىشتى.

مۇئەللىم بىر نەچچە كۈنگىچە ھوشسىز ۋە يېرىم ھوشسىز ياتتى. ئۇنىڭغا پەرەڭ كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇردى. پەرەڭ ئۇنىڭ ساق قېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىر ئىلمىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ تامىقىدىن يېگۈزدى. پات-پات سۇ ئىچكۈزۈپ قويدى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئەمما ئىنتايىن زەئىپ، ھالسىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەستە كۆچىنىپ تۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

- ماڭا...ئېيتقا...ئەپەندىم... - ئۇ دېمى كېسىلىپ توختاپ قالدى. سۆزىنى داۋام قىلدۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. بىراق ئۇ تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن، پېشانىسىگە مونچاقتەك تەر تامچىلىرىنى پەيدا قىلىپ تۇرۇپ دېدى.- ئېيتقا ... ماڭا ... مېنىڭ خەلقىم ... خەلقىم... ئازاد بولارمۇ؟... قاچان؟...

پەرەڭ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئىنتىلىك بېشىنى بۇراپ، موللامنىڭ نېمەتلىك داستىخىنىدا بىخىرامان ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقان قانلارغا قارىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن تامىقى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ تەسلىكتە ئىنگلىزچە سۆزلىدى:

- بولىدۇ... ئازاد بولىدۇ، سىزنىڭ خەلقىڭىزمۇ ئازاد بولىدۇ...

- قاچان؟... ئېيتقا... قاچان؟...

- خەلقىڭىز ئاۋۇ سەللىلىك جانابنى ئەمەس، سىزنى يوقلاپ كېلىدىغان بولغاندا ئازاد بولىدۇ...

ئۇ ھالسىز ياتقان بىمار ئۈچۈن بۇ سۆزلىرىنى ئىزاھلاپ داۋام قىلدى، - خەلقىڭىزگە ئازادلىقنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ، ھۆرلۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولغاندا، ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن تەبئىي ھالدا كۈرەش قىلىدۇ، ھەم بۇ يولدا كۈرەشكەنلەرنى يېتىم ھالدا قالدۇرمايدۇ. تۈرمىلەرگە بېرىپ جاھالەتنىڭ ھامىيلىرىنى - مولللىنى ئەمەس، سىزدەك كۈرەشكۈچىلەرنى يوقلايدىغان بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا خەلق تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئازادلىقمۇ شۇ چاغدا قولغا كېلىدۇ...

مۇئەللىم رازىمەنلىك بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قايتا كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇ ئۆزى ئارمان قىلغان ئازادلىقنى كۆرەلمەيلا ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

كۆپ ئۆتمەي پەرەڭنى قويۇۋېتىشتى. ئۇ، مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ

www.kitaphumar.com

تېپىپ، ئۇ يەردە بىرھازا سۈكۈتتە تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدى. شۇ يەرلىك بىر بالىدىن مۇئەللىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەي كۆمۈۋېتىلگەنلىكىنى، موللىلار ئۇنى دىندىن چىققان، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى، شۇڭا جامائەتمۇ مېيىت ئۇزىتىپ قەبرىستانلىققا چىقمىغانلىقىنى، پەقەت بىرنەچچە ياش يىگىت ئۇنى كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئۇقتى. لېكىن بۇ قەبرە خېلى ئېگىز ھەم كۆڭۈل قويۇپ ياسالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە موللىمۇ تۈرمىدىن چىقتى. كىشىلەر ئۇنى جەڭدىن ساق كەلگەن غازىدەك كۆرۈشۈپ باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى. ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ يەنە قېچىرغا مىنىپ بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى، مەسچىت-جامەلەردە تەرىقەتلەرنى سۆزلەشنى داۋام قىلدى...

www.kitaphumar.com

# قانلىق ئىز

(تارىخىي ھېكايە)

پەرھات كېرەم

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى.
— ماۋزېدۇڭ»

قارلىق تاغ چوققىلىرىدىن ئۇرۇلغان سوغۇق شامال جىلغا ئېدىرلاردىن، مۇز، قار قاپلىغان ئېقىنلاردىن ئۆتۈپ، تاغ ئېتىكىدىكى يانتولۇق — سايلىقنى تىترىتىپ، يىراقتا — پەستە قارغا چۈمكەلگەن كۆجۈم مەھەللىلەرگە ھۇشقۇيتىپ ئۇرۇلماقتا.

مەھەللىدىكى ئىگىزرەك ئۆگزىگە چىقىپ، قارلىق تاغ ئېتىكىدىكى يانتولۇققا قارىسىڭىز، قېلىن قار بىلەن قاپلانغان، بارا-بارا ئىگىزلەپ، ئېدىرلىقلارغا، قارلىق تاغقا تۇتىشىدىغان ساي سىزگە شۇنچە كەڭ، شۇنچە روشەن كۆرۈنىدۇ. ناۋادا بىرەر ئادەم ئېدىرلىقتىن چىقىپ كەلسە مەھەللىدە تۇرۇپمۇ ئۇنى ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇ تاپتا مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىگىز جايغا چىقىپ قارلىق تاغ تامان قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز غېمى بىلەن — مال-چارۋىلىرىنى قىشتىن تىنىچ ئامان چىقىرىۋېلىشنىڭ كويىدا ئاۋارە.

چاكاندا، شىۋاق، ئوغرى تىكەن، قاغىنەك ۋە باشقا قۇرىغان چۆل ئۆسۈملىكلىرى قېلىن قار بىلەن چۈمكىلىپ سانسىزلىغان كىچىك قار دۆڭلىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى.

ئەنە شۇ سايدا بىر قارا چېكىت مەھەللە تەرەپكە قاراپ سىلجىماقتا.

تىزغىچە قېلىنلىقتىكى قاردا چوڭقۇر ئىز قالغان بولۇپ، قارا چېكىت — ئادەم پات-پات دېمىنى ئېلىش ئۈچۈن قاردىلا ئولتۇراتتى. ئاق يۇڭلۇق تېرىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا ئاستىدىكى ئولتۇرۇشقان كۆزلەر يىراقتا مورىلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ تۈتۈن كۆرۈنۈۋاتقان مەھەللىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. كىرلەشكەن مايسا رەڭ پاختىلىق چاپان ئۈستىدىن تاسما بەلباغ چىڭ تارتىلغان ئىدى. تاشتەك قاتقان ئورۇق قوللار كالتەككە تايىنىپ ھارغىن بەدەننى ئۆرە قىلدى. قېلىن قاردا يەنە يېڭى ئىزلار قالدى.

www.uyghurkitap.com



يولۇچى پات-پات تەڭرى تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاتلارنى كىشنىتىپ ئۆتۈۋاتقان سەبداشلىرى كەلدى. ئىززۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى، ئەنە پوللىك كوماندىرى ــ مىجەزى چۇس سوپاخۇن سۇۋۇرۇپ ئاكا، پولىك ئىمامى رازىيۇپ داموللام... ئۇ ئاقسۇ شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغان كۈنلەردە قىزىپ، تىترەپ، ئىچى سىيرۇپ قالدى. روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كونا شەھەرگە قايتۇرۇلۇپ داۋالاشقا تاپشۇرۇلدى. كېيىن تۇيۇقسىز ياردارلار بىلەن ئىلى تەرەپكە ماڭدۇرۇلدى. ئۇ بايغىچە هارۋا بىلەن كەلدى. بايدا بىر كۈن تۇرۇپ تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سايلىقتىن ئۆتۈپ، ئېدىرلار ئارىسىدىكى تىك يوللارغا كەلگەندە ئۇ ئاتتا ئولتۇرالمىدى. يول تىك ھەم تار بولغاچقا جىرغىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئەپسىز ئىدى. ئىززۋوت كوماندىرى ئۇنى چىغىر يول ئۈستىدىكى قونالغۇدا ــ مالچىنىڭ قوتىنىدا مالچىغا تاپشۇردى.

ــ سۇلتانجان، سېنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇق. ئەگەر ساقىيىپ كەتسەڭ ئارقىمىزدىن يېتىشىپ بارارسەن، بىزمۇ سېنىڭ تېزراق ساقىيىپ كېتىشىڭنى تىلەيمىز. بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز، ــ دېدى ئىززۋوت كوماندىرى ئۇنىڭ ئاجىز قوللىرىنى قىسىپ تۇرۇپ.

سەبداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلاشتى. ئۇ شۇلارنى ئەسلىيەلەيتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى مالچىنىڭ پاكار گەمىسىدە كۆردى. گەمىدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ قۇرغان قاغىنەكلەر ساڭگىلاپ تۇرغان تۇرۇسقا تىكىلىپ ئۇزاق ياتتى. گەمە ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلاشقاندا سىرتتا ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، كالا، قويلارنىڭ مۆرىشى، مەرىشى ئاڭلاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قايتىپ كەلدى. تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى، سۈت، قېتىق، قايماقلار ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا بولغاندى. ئۇ مالچىلاردىن مىللى ئارمىيىنىڭ ئىلىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى، گومىنداڭچىلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، تاغنى ئاختۇرۇپ چىققان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۇنى قانداق يوشۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ مالچىلار بىلەن ئېدىرلاردا ئىككى ئايغا يېقىن تۇردى. مەھەللىدىن ماللىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن مىللى ئارمىيىگە قاتنىشىپ، بېتىمدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى گومىنداڭچىلارنىڭ قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى، سەپتىن چۈشۈپ قالغان مىللى ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى، ‹ئىلى ئوغرىلىرى› دىن بىرنى تۇتۇپ بەرسىمۇ ئالاھىدە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى، «ئەگەر يوشۇرۇپ قويسا قاتتىق جازالايمىز» دەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

ئۇلار مەھەللىگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىگە چۈشتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللىگە

www.kitaphumar.com

قايتىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان مالچىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۈزۈلۈپ، ئۆزى يالغۇز تاغدا قالدى.

مالچىلار قايتارىدا ئۇنىڭغا ئۆزلىرىدە بار بولغان يېمەكلىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئوزۇقلۇقلارنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن ئىشلەتتى. ياۋا پىياز ۋە باشقا يېيىشكە بولىدىغان ئوت-چۆپلەر 11-ئاي كىرىشى بىلەنلا ياققان قېلىن قار ئاستىدا قالغان بولۇپ، كۈندىن-كۈنگە ئازلاپ بېرىۋاتقان تالقان ۋە كۆيدۈرۈلگەن قوي مېيىغا قاراپ خاتىرجەمسىزلىنەتتى. قىشنى ئۆتكۈزۈپ ئالسا، ئەتىيازدا يول ئېچىلسا ئىلىغا قايتىپ كېتەلەيتتى. مالچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن قاپقان ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئەسقېتىپ، بىر نەچچە ياۋا توشقان تۇتقانمۇ بولدى. لېكىن، كېچىچە چىققان شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرۇپ، قاپقان قويغان جاينى كۆمىۋەتكەنلىكتىن ئۇ قاپقاننىمۇ تاپالمىدى.

كېسەلدىن ئاجىزلاشقان تەن ياخشى كۈتۈنۈشكە مۇھتاج ئىدى. بىراق ئۇ ياخشى كۈتۈنۈش ئەمەس، بەلكى ئاچلىقتا دۇچ كەلدى. ئوزۇقلۇقنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ باراتتى. ئىگىز دۆڭگە چىقىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيتتى. ئىلىنىڭ گۈزەل باغلىرى، قايناق گازارما تۇرمۇشى، چاقچاقچى سەبداشلىرى، كۆيۈمچان ئاپىسى... ئۇ بۇلارنى ئەسلىگەندە ئۆزىنى بىر ئاز كۈچكە تولۇپ قالغاندەك، ھازىرلا ئىلى تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن قارا بۇلۇت ۋە تۇمان بىلەن قاپلانغان قارلىق تاغ چوققىلىرىغا قارىغاندا لاسىدە بولۇپ قالاتتى.

مالچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن چاقماق تاش ۋە تارشا گۈگۈتلەرمۇ تۈگىدى. ئەمدى ئۇ ئاچلىق ئۈستىگە سوغۇقنىڭ تەھدىتىگە بەكرەك ئۇچراۋاتاتتى. ئۇ سوغۇق گەمىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئەتىسى قوپالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئاخىرى مەھەللىگە بېرىشنى، بىر-ئىككى ئاي مەھەللىدە جان ساقلاپ، ئەتىياز كەلگەندە تاغقا قايتىپ چىقىشنى، يول ئېچىلغاندا ئىلىغا كېتىشنى تايىن تېپىپ مەھەللىگە قاراپ ماڭغان ئىدى. توڭلاپ قالماسلىق، ھەم ئاچ بۆرىلەرنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن كېچىسىمۇ ماڭدى. ئۇ ئاش ۋاقتى بىلەن ساي بويىغا جايلاشقان مەھەللىگە يېقىنلاشتى. ياز پەسلىدە قويۇق دەل-دەرەخلىرى بىلەن بۈككىدە يېشىللىقتىن قاراڭغۇلۇشۇپ كېتىدىغان مەھەللە شۇ تاپتا قېلىن قار ئاستىدا قالغان پاكار كېسەك ئۆيلەر، ئوت-چۆپلەر بېسىلغان ئۆگزە، قوتانلار ئۇ يەر-بۇ يەردە قېلىن قاردا ئىگىز قار دۆڭلىكلىرىگە ئايلانغان ئىدى. سۇلتانجان كەلكۈن ھاسىل قىلغان چوڭقۇر ئېقىن بويىدىكى قار باسقان جىگدە تۆۋىدە قاردا ئولتۇرۇپ مەھەللىنى كۆزەتتى. ئۆيلەر ئۇ يەر-بۇ يەرگە شالاڭ جايلاشقان مەھەللە جىمجىتلىقتا چۆمگەن بولۇپ،

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.com

ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىشىكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. مەھەللىدە خەتەرنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن سۇلتانجان ئورنىدىن تۇرۇپ ساي بويىغا جايلاشقان ئەڭ چەتتىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

سىرلانمىغان دەرۋازا تاختىيىنىڭ ئاراشلىرىدىن ھويلىغا قاراپ، ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەن سۇلتانجان زەنجىرنى شاراقلىتىپ شەپە بەردى. ھويلىدا ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە دەرۋازا قانتى ئېچىلدى. بېشىغا تېرە تۇماق كىيگەن، تېرە جىلىتكىسىنىڭ ئۈستىدىن پوتا بىلەن بېلىنى باغلىغان، قېلىن كۆن ئۆتۈك كىيگەن ئۆي ئىگىسى دەرۋازا ئالدىدىكى يوچۇن ئادەمنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە جاۋاب سالام قايتۇرۇپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ بۇ مەھەللىلىك ئەمەسلىكىنى، كىيىملىرىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۈلگۈردى ۋە دەرھال ئۆيگە باشلىدى. كىچىككىنە رۇجەكلىرىگە سامان قەغەز چاپلانغان ئۆي روجەك ۋە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقتا غۇۋا يورىغان بولۇپ، سىرتتىن ناتونۇش ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال دەرھال بېشىدىكى ئاق رومالنى تۈزەشتۈرۈپ قول باغلاپ تۇردى. سۇلتانجان ئۆي ئىگىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆتۈكلىرىدىكى قارنى قېقىپ، كاڭغا چىقىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۆيدىكىلەر ئەتىگەنلىك تاماققا ئەمدى قوپقان بولسا كېرەك داستىخاندا ئۇماچ ئۇسۇلغان ياغاچ ئاياقلاردىن سۈس ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. كاڭنىڭ تۆرىدە نەۋرىسى بولسا كېرەك، بىر كىچىك بالا يوتقاندا پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇيۇقتىن ياغاچ ئاياقتىن بىرنى ئېلىپ قازاندىن ئۇماچ ئۇستى ۋە تولا ئىشلىتىپ قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالغان قوشۇقنى سېلىپ، قوش قوللاپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى.

— قېنى ئۇكام ئاۋال ئاشقا ئېغىز تەگ، — دېدى ئۆي ئىگىسى مېھماننى ۋە ئۆزىمۇ ئاياقنى قولغا ئالدى. تاغدا يۈرگەن ئىككى ئايدىن بۇيان بۇنداق ئىسسىق تاماققا ئېغىز تېگىپ باقمىغان سۇلتانجانغا كاۋا توغراپ ئېتىلگەن ئاق قوناق ئۇمىچى شۇنداق تېتىپ كەتتى. قىزىق ئۇماچنى پۈۋلەپ تۇرۇپ بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى. ئۇچاق ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇماچ ئىچىۋاتقان ئايال ئېرىنىڭ يۆتىلىشى بىلەن ئېسىنى يىغىپ قولىدىكى ئاياقنى قويۇپ داستىخانغا كەلدى ۋە بوشىغان تاۋاقنى ئېلىپ يەنە ئۇماچ ئۇستى. سۇلتانجان ئىككى ئاياق ئۇماچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. داستىخان يىغىلدى. ئەمدى بىر نەرسە دېيىش كېرەكلىكىنى پەملىگەن سۇلتانجان ئېغىز ئاچتى:

www.kitaphumar.com

— مەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى، ئىسمىم سۇلتانجان. قوشۇن ئىلىغا چېكىنگەنـدە مەن ئاغرىـپ قېلىـپ قايتالماي تاغدا مالچىلارنىـڭ قېشىـدا قالغانـدىم. مالچىلار ماللىرىنى ھەيدەپ مەھەللىگە كېتىشتى. قىشتا تاغدىن ئوزۇق-تۈلۈك تاپماق تەسكەن. ئامال بولمىغاچقا تاغدىن چۈشتۇم. مېنىڭ ئارتۇقچە تەلىۋىم يوق. مەن مال-چارۋىلارغا ياكى ئۆيىڭىز ئىچىگە ئەمەس، قوتاندا ياتسام بولىۋېرىدۇ. ئەتىيازلىققا يەنە تاغقا چىقىپ كېتىمەن، سىلىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيمەن.

ئۆي ئىگىسى بىر ھازا جىمىپ كېتىپ ئىچىز ئاچتى:

— بوپتۇ ئۇكام، دېگىنىڭدەك بولسۇن. ئەمما سىرتقا چىققۇدەك بولما. مەھەللىدىكىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن. ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا مېنىمۇ بالاغا تىقىسەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەن سىلىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيمەن.

ئىسسىق ئۇماچنى تويغىدەك ئىچىپ ئېتىكلىشىپ قالغان سۇلتانجان كاڭدىن چۈشتى.

— ئەمسە مەن مال-چارۋىلارغا قاراي.

ئۆي ئىگىسى سۇلتانجاننى باشلاپ ھويلىغا چىقتى. ئۆيگە ياندىشىپ سوقما تاملىق چوڭ ئېغىل جايلاشقان بولۇپ، ئۈستىگە ئىگىز ئوت-چۆپلەر بېسىلغان. باغدىكى ئورۇككە يۆلەپ قوناق پاسارلىرى دۆۋىلەنگەن ئىدى. يوچۇن ئادەمنى كۆرۈپ زەنجىر سىلكىپ قاۋاۋاتقان ئىت ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن قۇيرىغىنى قىسىپ جىم بولدى. ئۇلار شادىلىق ئىشىكنى ئېچىپ ئېغىلغا كىردى. چىلە پۇراپ كەتكەن ئېغىلدىكى قوي، ئۆچكىلەر ئادەم كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ گۈرردە تۇرۇشۇپ، مەرەپ ئېغىلنى بېشىغا كىيىشتى، ئېغىلدا يەنە بىر نەچچە ئات، كالا، ئېشەكلەر بار ئىدى.

— بۇ سامانلىق، — دەپ يان تەرەپتىكى ئۆينى كۆرسەتتى ئۆي ئىگىسى، — قار قېلىن بولغاچقا چارۋىلارنى سىرتقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

سۇلتانجان سامانلىققا كىرىپ يوغان سىۋەتتە سامان ئېلىپ چىقىپ ئوقۇرغا تۆكۈپ بەردى. ئارىنى ئېلىپ مال-چارۋىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا چېچىلىپ ياتقان پاسارلارنى يىغدى. ئۆي ئىگىسى سۇلتانجانغا يەنە بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۆي ئىگىسى ئۆيگە كىرىپ، پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ نېمىدىندۇر ئەنسىرەيتتى.

— ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالمىساق بولاتتى، — دېدى ئايالىغا قاراپ، — بۇ مىللىي ئارمىيە ئەسكىرىنى بىرسى كۆرۈپ قالسا تۈگەشكىنىمىز شۇ. «بۇلۇڭدا ‹ئىلى ئوغرىسى› غا ئات-ئۇلاغ بەرگەن» دەپ ئىككى ئادەمنى قاماپ، ئۆيىنى تالان-تاراج قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان. كانچىدا

www.kitaphumar.com

www.uyghurkitap.com

«ئـوغلىنى ‹ئىلـى ئـوغرىلىرى› غـا ئەسـكەرلىككە بەرگەن» دەپ بىرسـىنى تـوختىتىپلا سويۈۋېتىپتىكەن.

ــ ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ــ دېدى ئايالى ۋە ئەنسىرەپ ئىشىككە قاراپ قويدى.

ــ ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلايلى، ئاتامدۇ-چاپامدۇ نېمىلا قىلسا ئۇلار قىلسۇن.

ــ بولمىسا سىرتقا چىقارماي بىرەر ئايچە تۇرغۇزايلى، ياشـلا بـالىكەن، ــ دېـدى ئايـالى.

ــ مەھەللىدىكىلەر ھامان ئۇقۇپ قالىدۇ، ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە ھېلىقـى تۆتـۆن بـېگىگە بەرگەن تىلخەت بار. تۆتۆن بېگى كۆنده دېگۈدەك «سـىرتتىن كەلگەنـلەر بـارمۇ-يـوق؟» دەپ سـوراپ يۈرىۋاتسا، كۆرۈپ قالسا نېمە دەيمىز؟

ــ ئىختىيارلىرى، ــ دېدى ئايالى بوش ئاۋازدا.

ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ جۇۋىسىنى كىيىپ، قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغـان قـامچىنى ئالـدى ۋە ئېغىـر قەدەملىـرى بىـلەن سـىرتقا چىقتـى. سـۇلتانجان ئېغىلـدا مـال ئاسـتىدىكى مىلىشـلاپ كەتكەن قىغ چىرىندىلەرنى ئارا، گـۈرجەك بىـلەن بىـر بۇلۇڭغـا يىغىـپ ئىرىغـداۋاتاتتى، ئـۆي ئىگىسـىنىڭ ئـاتنى يېتىلەپ سـىرتقا ماڭغـانلىقىنى كـۆرگەن سـۇلتانجان ئىگەرنـى ئېلىـپ چىقىپ، ئاتنى توقۇشقا ياردەملەشتى ۋە:

ــ بىر يەرگە بارامدىلا؟ ــ دېدى مۇلايىم ئاۋازدا.

ــ ئولپاڭ مەھەللىسىگە بېرىپ كېلەي، سىز تالا-تۈزگە چىقماڭ.

ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالى كەينىدىن سىرتقا چىقتى.

ــ ياخشىراق كۆز-قۇلاق بـول، قىچىپ كەتمىسۇن،ــ دېـدى ئايالىغـا بـوش ئـاۋازدا ۋە ئاتقا مىنىپ، قامچا سالدى. ئات قار تۇزۇتۇپ چېپىپ كەتتى.

سۇلتانجان ئات-كالىلارنىڭ ئاستىنى قۇرۇغـداپ، ئۆگـۈزدىن ئـون نەچچە بـاغلام بىـدە ئېلىـپ چۈشـۈپ، بېـدە تۇغرىغۇچتـا تۇغرىـدى، ئېغىـل ئەتراپىنـى، ھويلىنىـڭ ئىچىـدىكى قـارلارنى پـاكىز تـازلاپ سـۈپۈردى، ئـۆي ئىگىسـى ئايـال پـات-پـات چىقىـپ ئۇنىڭغـا قـاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن ئىچ ئاغرىتىش چىقىپ تۇراتتى. بىر نەرسە دېمەكچى بولغانـدەك قىلاتتـى يـۇ دېيەلمەيتتـى. ئايـال سـۇلتانجاننى ئـۆيگە چاقىرىـپ كىرىـپ داسـتىخان سـېلىپ، يۇمشاق نان بىلەن چۈشلۈك چاي بەرگەن بولدى. ئاچلىق، ھېرىش-چارچاش، ئۇيقۇسـىزلىق ئۇنى ئېزىپ قويۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ئۇخلىسا بولمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بۇ ئـۆيگە يـات، كېلىپلا يېتىۋالسا بولمايتتى. ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە ئـۆي ئىگىسـىنىڭ چىقىـپ كەتكىنىگە ئـۇزۇن بولدى. تېخىچە قايتىـپ كەلمىـدى. بىـرەر كېلىشمەسـلىك يـۈز بەرمەيـدۇ دېگىلـى بولمايـدۇ. ھوشيار تۇرۇش كېرەك.

www.kitaphumar.com

چايدىن كېيىن سۇلتانجان ئۆي ئىگىسى ئايالدىن پالتا سوراپ ئېلىپ، باغدىكى چىتلاق يېنىغا بېسىپ قويۇلغان سۆگەت بادىرلىرىنى قار ئاستىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يېرىپ كەسلەپ ئۇتۇن قىلىشقا باشلىدى. خېلى كۆپ ئۇتۇن كەسلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پىشايۋان ئاستىدىكى دۆۋلەنگەن مەدەك يېنىغا رەتلىك تىزىشقا تۇتۇندى. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. ئارقىدىنلا بىر نەچچە ئىت قوشۇلۇپ ئىتلارنىڭ قاۋىشى كۈچەيدى. يات ئادەمنى كۆرسىلا خىرىس قىلىپ خىرقىراپ تۇرىدىغان باغلاقتىكى تۆت كۆزلۈك ئىتمۇ بۇ ئەنسىز قاۋاشقا قوشۇلدى. سۇلتانجان چىپپىدە توختاپ شەپىگە قۇلاق سالدى ۋە ئالدىراپ شۇتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەمنى ئىلغا قىلدى-دە، دەرھال يېنىپ چۈشۈپ ھويلا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى ۋە دەرھال سامانلىققا كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ سامان ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى يېقىنلاشتى.

بۇ بىر توپ ئاتلىقلار تولۇق قوراللانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆي ئالدىغا كېلە-كەلمەيلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆيىنى تولۇق قورشاۋغا ئالدى. قولىغا تاپانچا ئالغان بىرسىنىڭ باشچىلىقىدا بەش-ئالتە ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ قوراللىرىنى بەتلەپ چوڭ ئىچىۋېتىلگەن ئىشىكتىن ئېھتىيات بىلەن ھويلىغا كىردى. ئۇلار ئۆيلەرنى ئېغىل-قوتانلارنى ئاختۇردى. ئۆگزىدىكى قۇناق پاسىرى بىدىلەرنى شىتىك بىكىتىلگەن مىلتىقلار بىلەن سانجىپ ئاقتۇرۇپ چىقىشتى. ئاخىردا سامانلىققا يوشۇرۇنۇۋالغان سۇلتانجاننى تېپىۋېلىشتى. مەھەللىگە ئەسكەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان توتۇن بېگى بىر نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ پەيدا بولدى.

— توتۇن بېگى سەنما؟ — دېدى ئەمەلدار خىڭىلداق ئاۋازى بىلەن.

— شۇنداق باشلىق، مەن مۇشۇ قۇم مەھەللىسىنىڭ توتۇن بېگى بولىمەن.

— ھىم، سەن دەرھال مەھەللىدىكىلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ كەل! ئۇلارغا «ئىلى ئوغرىسى» نى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

— بولىدۇ، بولىدۇ، مەن ھازىرلا خەۋەر قىلاي، — دېدى توتۇن بېگى ۋە بىللە كەلگەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن سۇلتانجان قول بېغىشىدىن پىشايۋان ئاستىدىكى لىمغا ئېسىلدى. ماش رەڭ چاپىنى تارتىپ، يىرتىپ سالدۇرۇلۇپ يالىڭاچلاندى. ئىككى ئەسكەر پىشايۋان ئاستىدىكى يازلىق ئوچاققا قازاننى ئېسىپ ئوت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



يېقىپ، قازناقتىن يوغان ئىككى قاپاق ياغ ئېلىپ چىقىپ قازانغا قۇيدى. هايال ئۆتمەي قىچى يېغىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى هويلىنى بىر ئالدى. قولغا مۆڭگۈز دەستىلىك، تىلىنغان تاسمىدىن، ئۆرۈپ ياسالغان قامچىنى ئالغان باشلىق سوراقنى باشلىدى.

— ئېيتە، ئىسمىڭ نېمە؟

تاسما قامچىنىڭ ئۈرۈلىشىدىن قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورۇق بەدەندە قانلىق ئىز قالدى.

— ئېيت، ئىسمىڭ نېمە؟ سىلەر نەچچە ئادەم؟

قامچا يالىڭاچ بەدەنگە تارسىلداپ تېگەتتى. ھەر بىر قامچا تەگكەندە سۇلتانجان بىر تولغىناتتى. بىردىن-ئىككىدىن يىغىلغان كىشلەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چىدىماي قېلىشتى، گاھىلىرى كۆزىنى يۇمىۋېلىشتى.

— ياغ چىچىڭلار!

قان تەپچىرەپ تۇرغان بەدەنگە قازاندىكى چۆچۈگەن ياغ چېچىلىش بىلەن سېسىق ئىس كۆتۈرۈلدى، سۇلتانجان تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ سىلەر نەچچە ئادەم؟ چاپسان ئېيت!

— ئىسمىم سۇلتانجان، مەن يالغۇز، — دېدى قىيناققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سۇلتانجان ئىڭراپ تۇرۇپ.

— داۋاملىق ئۇرۇڭلار!

جۇۋىلىرىنى سېلىشىپ، يەڭلىرىنى تۇرۇۋالغان ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى قامچا، تاسما بەلباغ، كالتەكلەر بىلەن ئېسىپ قويۇلغان سۇلتانجاننى ساۋاشتى. چۆمۈچ بىلەن قىزىق ياغ چېچىشتى. ھەر بىر ئۇرۇلغان قامچا، تاياق-توقماق ئىزىدىن قان تەپچىرەپ چىقىپ، چېچىلغان قىزىق ياغ بىلەن قوشۇلۇپ پۇت بارماقلىرىدىن چىپىلداپ ئېقىپ يەر قىپ-قىزىل قانغا بويالدى.

— باشلىق، ئۇ ھوشىدىن كەتتى، — دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى ھاسراپ تۇرۇپ.

— تۇز چېچىڭلار!

تاش تۇز چىلانغان، گىرۋەكلىرى شور باغلاپ كەتكەن تۇز كوزىسى ئېلىپ چىقىلىپ، قانلىق جاراھەت ئۈستىگە تۇز چېچىلدى. جىمىپ قالغان سۇلتانجان ئېچىنىشلىق ئىڭراپ كەتتى.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى گومىنداڭ كوماندىرى پىشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا چىقىپ توپلانغان جامائەتكە قاراپ، — «ئىلى ئوغرىلىرى» ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئېتىپ، ئاخىرى

www.kitaphumar.com

مەغلۇپ بولۇپ، ئىلىغا قاچتى. بىزگە قارشى چىققانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇگۈن مۆمىن ئاخۇن بىزگە خەۋەر قىلىپ ياخشى قىلدى. بىز مۆمىن ئاخۇننى مۇكاپاتلايمىز. كىمدە-كىم ‹ئىلى ئوغرىلىرى› غا يان باسىدىكەن، ئۇلارنى يۇشۇرۇپ قويىدىكەن بىز ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىمىز. مال-مۈلكى، ئۆي-ۋاقى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ ھەتتا كاللىسى ئېلىنىدۇ. شۇڭا بىر-بىرىڭلارغا كۆز-قۇلاق بولۇپ، ‹ئىلى ئوغرىلىرى› نى بايقىغان ھامان بىزگە مەلۇم قىلىڭلار.

جامائەت ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ-نەپرەت، ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش چىقىپ تۇراتتى. لېكىن تىل يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. «مەلۇم قىلسام ئەسكەرلەر تۇتۇپ ئەكېتىدۇ، باشقا چوڭ ئىشمۇ بولمايدۇ» دەپ ئويلىغان مۆمىن ئاخۇن ئۆز ھويلىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئېچىنىشلىق ئىشتىن شۈكلەپ كەتكەن بولۇپ جامائەتكە تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. ئەسكەرلەر گومىنداڭ كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. قانغا بويالغان سۇلتانجاننى لىمدىن چۈشۈرۈپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ مېڭىشتى. قار بىلەن قاپلانغان يولدا قانلىق ئىز قالدى. ئالاھەزەل ئىككى-ئۈچ چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن توختاپ ئىككى ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ، سۇلتانجاننىڭ تىنىقتىن قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. يىراقتا قاراپ تۇرغان جامائەت ئارىسىدىكى تۇتۇن بېگى ئەسكەرلەرنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر نەچچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

— ‹ئىلى ئوغرىسى› ئۆلۈپتۇ، — دېدى گومىنداڭ كوماندىرى، — لېكىن ئۆلۈكى مۇشۇ يەردە لالما ئىتلارغا، قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن. تۇتۇن بېگى كاللىگىزنى سەگەك تۇتۇڭ، بىز كەتتۇق!

ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يىراقلاپ كۆزدىن يىتتى، جامائەت سۇلتانجاننىڭ جەسىدىنىڭ قېشىغا يىغىلىشتى. قامچا، تاياق-توقماق، كۆيۈك دەستىدىن قانغا بويالغان جەسەت قار ئۈستىدە سوزۇلۇپ دوم ياتاتتى. سىرغىپ چىققۇاتقان قان قارغا سىڭىپ جەسەت ئەتراپىدىكى قارلار قىزىل رەڭگە كىرمەكتە ئىدى.

— ئىمام ئاخۇنۇم قانداق قىلىمىز؟

— ئەتە بامداتقا ئۆلگۈرتۈپ نامىزىنى چۈشۈرەيلى، — دېدى بېشىغا كىچىككىنە سەللە ئورىغان ئورۇق مويسىپىت.

— ئەسكەرلەر نامىزىنى چۈشۈرۈشكە، كۆمۈۋېتىشكە روخسەت قىلمىدى. — دېدى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



تۆتۈن بېگى خورسىنىپ تۇرۇپ.

ــ كېچىچە لالما ئىتلار يەپ قويىدۇ، ــ دېدى بىرسى ئەنسىرەپ.

جامائەت جىمىپ قېلىشتى..

ــ ئاللا، ئۆزۈڭگە ئامانەت! ــ دېدى ئىمام ئاخۇن.

جامائەت بىر-بىرلەپ تارقاشتى.

شۇ كېچە يەنە قار ياغدى. زۇلۇم، زورلۇق تۈپەيلىدىن كېپەنلىنىشتىن مەھرۇم قىلىنغان سۇلتانجاننىڭ جەسىتىگە تەبىئەت قاردىن يوپيوق ياپتى. كىمدۇر بىرسى كېچىدە جەسسەتنى يول چېتىگە يۆتكەپ، ئۈستىگە بىر پارچە ئاق كىگىز يېپىپ، قاغا جىگدىسىنىڭ قۇرىغان شاخلىرى بىلەن باستۇرۇپ قويغان ئىدى.

بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت ئاتايىتەن جەسسەتنى يوقلاپ كېلىشتى. لالما ئىتلارنىڭ يېقىن كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ تارقاشتى. مەسچىتتە جامائەتنىڭ كەينىدە بىر چەتتە ئولتۇرغان مۆمىن ئاخۇن جامائەتكە تىكىلىپ قارىيالمىدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. جامائەت مەسچىتتىن ئۇزاپ چىققاندىمۇ ئولتۇرىۋەردى. لېكىن سۇلتانجاننىڭ جەسىتىنىڭ قېشىغا يېقىن كېلەلمەي، يىراقتىن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كۈندۈزلىرى كۈن پارقىراپ چىقىپ كۈنگەي يەرلەردىكى قارلار ئېرىشكە باشلىدى. سۇلتانجاننىڭ جەسىدى ئەتراپىدا ھەر كۈنى يېڭىدىن-يېڭى ئىزلار پەيدا بولاتتى. كىملەردۇر كېلىپ شاخ-شۇمبىلارنى تۈزەشتۈرۈپ پۇختىلاپ باستۇرۇپ قوياتتى. بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەت دېيىشىۋالغاندەكلا تارقاپ كەتمىدى. ئىمام ئاخۇن باشلىق مەھەللە مويسىپىتلىرى تۆتۈن بېگىگە ئىلتىجا قىلىشتى:

ــ تۆتۈن بېگى، ئۆزلىرى كۆرىۋاتىدىلا، ھاۋامۇ خېلى ئىسسىپ قالدى. قارلارمۇ ئېرىشكە باشلىدى. سۇلتانجاننىڭ جەسىدى ئۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولماس؟

ــ شۇنى دېسىلە، لالما ئىتلار يېيەلمىگەن بىلەن ئەتە-ئۆگۈن سېسىپ پۇرايدۇ، كېسەل تارقىلىدۇ.

ــ ئۆزلىرى قۇم مەھەللىسىنىڭ بېگى، شەھەرگە كىرىپ جەسەتنى كۆمۈۋېتىشكە ئىجازەت ئېلىپ چىقسىلا بوپتىكەن.

ــ شۇنداق ئەمەسمۇ.

ــ بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويسىلا تۆتۈن بېگى، ــ جامائەت تۇشمۇ-تۇشتىن

www.kitaphumar.com

سۆزلىشىپ كەتتى.

— بولىدۇ، جامائەتنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ ئورۇنلۇق، بىر نەچچىڭلار مەن بىلەن بىرگە بېرىڭلار، پايدىسى بوپ قالار، — دېدى تۆتۆن بىگى.

— شۇنداق قىلىلى ئەمىسە، — جامائەت مەسلىھەتتىن كېيىن تارقىلىشتى.

تۆتۆن بېگى مەھەللىنىڭ ئابرويلۇق مويسىپىتلىرىدىن ئىككەيلەننى ئېلىپ ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسىغا كەلدى. ھەربىي ئەمەلدار تۆتۆن بېگىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەسەتنى كۆمۈشكە رۇخسەت قىلدى. لېكىن نامىزىنى چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى.

پېشىندىن يانغان جامائەت تۆتۆن بېگىنىڭ يەتكۈزمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىر تىنىشتى. ياش ئەرلەردىن بىر نەچچەيلەن سۇلتانجاننىڭ جەسىتىنى كىگىزگە ئوراپ، ھارۋا بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىشتى. بۇرۇنلا كېلىپ يەرلىكنى تەييارلاپ تۇرغان جامائەت كىگىزگە ئورالغان جەسەتنى يەرلىككە قويۇپ، يەرلىك ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، قېلىن توپا بىلەن كۆمۈپ، قىسقىلا دۇئا قىلىپ تارقاپ كېتىشتى.

**خاتىمە**

ئارىدىن بىر نەچچە قىش، باھار ئۆتتى. گومىنداڭچىلار تەسلىم بولۇپ، باي ناھىيەسى ئازات قىلىندى. 1951-يىلى پوتكول ناھىيە بويىچە «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسى ياتۇر تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنى يىغىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش چوڭ يىغىنى ئاچقاندا ئاما مامۇت ئاخۇننى تارتىپ چىقىپ كۈرەش قىلدى، شۇنداقلا ئونىڭ مىللى ئارمىيە جەڭچىسىنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تۇتۇپ بەرگەنلىك جىنايىتىنى پاش قىلدى. ئاممىنىڭ تەلىۋى بويىچە قەبرىستانلىققا بېرىپ يەرلىكنى ئېچىپ سۇلتانجاننىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، قائىدە بويىچە يەرلىكىدە قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە چىرايلىق قىلىپ قەبرە قوپۇرلۇپ سۇلتانجاننىڭ ئىسمى يېزىپ قويۇلدى.

(ئاپتور: باي ناھىيە ياتۇر يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

«مۇزات دولقۇنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىللىق 2-سانىدىن ئېلىندى.